


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخستى ۋە تەلپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئۆمەر ئىمىن

# ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟

لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر (3)






ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەشرىياتى

ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟

ئۆمەر ئىمىن

ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەشرىياتى



9 789198 786415

ئۆمەر ئىمىن

# ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟

## لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر (3)

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى نەشرىياتى

# ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟

لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر (3)

Where Are My Family Members?
Wo Sind Meine Familienangehörigen?
Ailemdekiler Nerede?

Author: Ömer Imin

ئاپتور: ئۆمەر ئىمىن
تەھرىرلەر : راھىلە كامال، نۇرگۈل روزى
بەتچىك: ئالىمجان ئىبراھىم
كوررېكتور: مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: شەبنەم ھاشىم
نەشر قىلغۇچى: ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەشرىياتى
2023 - يىلى 8 - ئاي

World Uyghur Writers Union

ISBN 978-91-987864-1-5

ھەمكارلاشقۇچى: ئېلكىتاب تورى

www.elkitab.org

ئېلكىتاب



جازا لاگېرلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى كۆرۈنۈشلىرى




مەسچىتلەر ھاجەتخانىغا،بىنالار جازا لاگېرىغا
ئايلاندۇرۇلماقتا


2020-11-09



5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى پاسونىدىكى كىيىملەر كىيدۈرۈلۈپ، خىتاي ئەدەبىياتى ئۆگىتىلمەكتە. 2018-يىلى

on

گېرمانىيەنىڭ NTV ناملىق تېلېۋىزىيە قانىلى

ئۇيغۇر باللىرى ئاسسىملاتسىيە قىلىنماقتا

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ........................................ 1

ناتونۇش ئورگانلارنىڭ ئۇچرىشىشى........................ 5

دورا ۋە تۇتقۇن ........................................ 21

پاختا ۋە ئادەم ........................................ 39

چاچ ۋە باش........................................ 53

مۈشۈكنىڭ مياڭلىشىنىڭ مەنىسى ........................ 63

ئانا سۈتىنىڭ ئاھى........................................ 79

بوۋاينىڭ بورىسى........................................ 97

ناننىڭ نالىسى........................................ 127

يانفوننىڭ يارىسى ........................................ 147

ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟ ........................................ 165

ئۇ قىزنىڭ ئارزۇسى ئانا بولۇش ئىدى........................ 185

ئۇ قىزنىڭ بەدىنى بويسۇنمايدۇ!........................ 215

قوشماق تۇغقىنىنى تونۇمىغان قىزنىڭ قىسمىتى........................ 237

مەندە مەسىلە يوق........................................ 283

سەبىيلەردە سەۋەنلىك يوق........................................ 303

ئۆسمۈر قاچقۇنىنىڭ ئۆتمۈشى ........................................ 315

قامالنىڭ قاسراقلىرى........................................ 331

باياناتنىڭ بورىنى باشلىرىدا ........................................ 347

# ئاپتوردىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتاب:« لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئۇچېرىك ۋە ھېكايىلەر» دېگەن نامدىكى كۆپ قىسىملىق كىتابنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇ قىسىمدىمۇ ئالدىنقى ئىككى قىسىمدىكىگە ئوخشاشلا ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە ئوخشىشى بولمىغان ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىگۇناھ خەلقىمىزنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشقا، ئاچ قويۇپ، ئۇرۇپ–قىيناشلارغا، ئاياللارنىڭ تۇغماس قىلىنىشلارغا مەھكۇم بولۇشى، بالىلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىشلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا خىتايلارغا توي قىلدۇرۇلۇشى، سوتسىز ھالدا خالىغانچە جازا بېرىلىشلەر، تۇتقۇنلارنىڭ خىمىيەلىك دورىلارنى مەجبۇرىي ئىچكۈزۈلۈپ ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق ۋەھشىي جىنايەتلىرى پاش قىلىنىدۇ.

خۇددى ئالدىنقى قىسىم كىتابلاردا دېيىلگەندەك مەزكۇر كىتابتىكى ۋەقەلەر ۋەتىنىمىزدە ئەمەلىي بولغان ۋەقەلەر ۋە پاجىئەلەرگە قىياس قىلىنىپ ئەدەبىيلەشتۈرۈش شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ھەقىقىي بولغان ۋەقەلەر قىسمەن ئەدەبىي توقۇلمىلار بىلەن بېزىلىپ يېزىلغاندۇر. مەزكۇر كىتاب گەرچە قىسقا ھېكايىلەر شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چوڭ بىر رومان ۋە تىرولوگىيەگە باراۋەر كېلىدىغان مەزمۇنلارنى قاپسىغان بولۇپ، ۋەقەلىك ۋە مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا كىچىك ھېكايىلەر شەكلىدە يېزىلىشى

پاجىئەلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، دېتاللارنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىغان دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان سىزلەردە نېمىشقا ۋەتىنىمىز بولۇۋاتقان بۇ پاجىئەلەر ھېكايە ۋە رومان شەكلىدە يېزىلىشى كېرەك؟ خەۋەرلەردىنلا ئوقۇساق بولماسمىدى؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋالدۇر. بىز بۇنداق سوئاللارنى قويغۇچىلىرىغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، ۋەتىنىمىزدە بولۇۋاتقان خىتايلارنىڭ زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشقان، پاجىئەلىك ۋەقەلەر ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا توختىماي داۋاملىشىۋاتقان، بۇ پاجىئەلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەن، قەلبى يارىلانغان، روھى ئازابقا دۇچار بولۇپ، ھېسسىياتى زېدىلەنگەن كىشىلەرنىڭ سانى نەچچە مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدا،ئۇلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر قىسمەتلىرىنى مۇنداقچە خەۋەر قىلىپ قويۇش ياكى ئۇلارغا بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى ھەقىقىي ۋەقەلىك سۈپىتىدە تەسۋىرلەش، جانلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ يېزىش ئارقىلىق كەڭ خەلقىمىزگە سۇنغاندىلا ئۇلارنىڭ بولۇۋاتقان ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئەمەلى چۈشىنىشىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ دېگەن ئويدىمىز. شۇ سەۋەبتىن لاگېر پاجىئەلىرى ھەققىدە يېزىلغان بۇنىڭدەك ھېكايە ۋە رومانلارنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشنى – خەلقىمىزگە ۋاكالىتەن بىر قەلەم تەۋرەتكۈچى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ ھېسابلايمىز!

ھۆرمەتلىك كىتابخان ۋەتىنىمىزدىكى خەلقنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانغان، كاللىسى يالغان تەشۋىقاتلار بىلەن تولدۇرۇلغان، ھېسسىياتى ئالدانغان ۋە مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىز بىلەن

ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈچۈر-ئالاقە يوللىرى ئۈزۈۋېتىلگەن بولغاچقا خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە ۋەقەلەرگىمۇ ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارىيالمايۋاتقانلىقى، مەسىلىلەرگە سەل قاراۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۇ دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى ھېكايە، رومان شەكلىدە يېزىپ، خاتىرە قالدۇرۇش ئارقىلىق ھەم خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز ھەم ئۇنى تاريخي خاتىرە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ تارىختىن ساۋاق ئېلىشى، يېغى دۈشمىنىمىز بولغان خىتايلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان پاجىئەلىك زۇلۇملىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقى ھەم ئۇنى خاتىرىلەپ تۇرۇشىدا، ئۇلار ئۈچۈن بىر ئەينەك بولغۇسى دەپ قارايمىز !

## ناتونۇش ئورگانلارنىڭ ئۆچىرىشى

بەدەنىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان جىگەرنىڭ بۇ يېڭى ئىگىسى بولسا، غەربى ئاسىيادىكى بىر يېرىم ئارالدا ياشايدىغان مۇھەممەت بىن ئابدۇللا مۇھەممەت دېگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى جىگىرى نەچچە يىللار ئىلگىرى قورۇت چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغلانغان ئىدى. ناۋادا ئۇ جىگىرىنى دەرھال ئالماشتۇرمىسا، بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ پۇلدار بىر تىجارەتچى كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يېشى ئەمدىلا ئەللىكتىن ئاشقان بولغاچقا، يەنە بىر مۇددەت ياشاش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن بايۋەچچىلەرنىڭ خىتاي دۆلىتىگە بېرىپ، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئەزالىرىنى بىر نەچچە يۈز مىڭ دوللار تۆلەپلا، ساق ئورگانلارنى سېتىۋېلىپ ئالماشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيىدە كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت-تور قاتارلىق ھەممە نەرسىلەر ھازىر ئىدى. ئۇ توردىكى ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، خىتايدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىنىڭ ئورگان كۆچۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دوختۇرخانىغا ئۆزىنىڭ جىگىرىنى ئالماشتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ناھايىتى تېز بولۇشى ۋە ھالال جىگەر كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئېلخەت ئەۋەتىۋىدى، بىر نەچچە سائەتكە قالمايلا جاۋاب تاپشۇرۇۋالدى.

دوختۇرخانىنىڭ جاۋابىدا ئېيتىلىشىچە، دوختۇرخانا ئۇنىڭغا باھاسىنى كېلىشىش شەرتى بويىچە ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا ساق بىر ھالال جىگەرنى تەمىنلىيەلەيدىكەن ۋە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلالايدىكەن. بۇ ئۈچۈرنى ئالغان مۇھەممەت بىن ئابدۇللا مۇھەممەت ئۇ دوختۇرخانىغا: ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ساق ۋە ھالال جىگەر سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، بىر ھەپتە ئىچىدە يېتىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب خەت يېزىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرھاللا بىلەت ئېلىپ ۋە ۋىزا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، ختايغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ ئايروپىلان بىلەن ئون سائەتتەك ئۇچقاندىن كېيىن، ختاينىڭ مەلۇم بىر چوڭ شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ختايدىكى دوختۇرخانىغا ئۆزىنىڭ ئۇچىدىغان ۋە يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى خەۋەر قىلىۋەتكەچكە، دوختۇرخانا مەخسۇس ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنى ئالغىلى كەلگەن ئىدى. ئۇ ئايالىنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن بىللە ئېلىۋالغان بولۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، بىرەر سائەتكە قالمايلا دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئالاھىدە تەييارلانغان ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ياتاق مەخسۇس ئەرەب ۋە مۇسۇلمان بىمارلىرى ئۈچۈن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەرەبچە بىلىدىغان مۇلازىمەتچىلەرمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

دوختۇرخانىنىڭ ئورگان ئالماشتۇرۇش شەرتى، باھاسى ۋە جەريانلىرى ھەممىسى ئەرەبچە تەييارلىنىپ ھازىرلانغان ئىدى. ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلغان يېرى ئۇلارنىڭ ياتىقىنىڭ يېنىدىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر مەسچىت بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبچە مىمارچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە بېزەلگەن ۋە ئايەتلەر تاملارغا ئېسىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ كاپىرلار دۆلىتىنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدى

ۋە بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى نەقەدەر چۈشىنىدىغانلىقىغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ تەكرار-تەكرار: ماشائاللا! ماشائاللا! دېيىشىپ كېتىشتى.

مۇھەممەت بىن ئابدۇللا مۇھەممەت بۇ دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتىسىلا چوڭ تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كىرىلگەن ئىدى. تەكشۈرگۈچى دوختۇرلار ئۇنىڭغا: ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، جىگىرىنى تېزلىكتە ئالماشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭغا ھالال جىگەر سېلىنىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ جىگىرىنى ئالماشتۇرۇش باھاسىنىڭ نورمالدىكىدىن بىر ھەسسە قىممەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدى، ئۇ دەرھال بۇنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا، ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كىرىلىپ، بىر نەچچە سائەتلىك ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسەل جىگىرى ئېلىۋېتىلىپ، يېڭىدىن بىر ھالال جىگەر سېلىندى. ئۇنىڭ ناركوز ۋاقتى توگىگەندىن كېيىن، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، يېنىدا تۇرغان ئايالىغا قاراپ: مېنىڭ جىگىرىم ئالماشتۇرۇلۇپ بولدىمۇ؟ مەن ساقمۇ؟ -دەپ سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنىڭ جايىدا بولغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە: ماشائاللا! ئىنشائاللا! دەپ، ئىچىدە بىر مۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

مۇھەممەت بىن ئابدۇللا مۇھەممەت بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆزىنى ساق-سالامەت بىر ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاغرىقلىرى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغان ئىدى. نەپەس ئېلىشلىرىمۇ شۇنداق راۋان بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ رولىنىڭ ئالاھىدە ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ماڭا يېڭى سېلىنغان بۇ جىگەر قانداق ئادەمنىڭ جىگىرىدۇ؟ -دەپ ئويلىنىپ تۇراتتى. توساتتىن ئۇنىڭ ئۆپكىسى زۇۋانغا كېلىپ،

كۇس ـ كۇس ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ناتونۇش بىر ئەزا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، كوتۇلداۋاتاتتى:

ـ ھەي، جىگەر سەن نېمانداق پاكىز؟ نېمانداق كىچىك؟ ئېتىڭ نېمانداق يۇمران؟ ئېيتقىنا! سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ ئىلگىرىكى مېنىڭ خىزمەتدىشىمنىڭ ئىچىگە قۇرۇت چۈشۈپ، سېسىپ كەتكەچكە ماڭا ئىنتايىن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ماڭا پاكىزە قان يەتكۈزۈپ بېرەلمەي، مېنىڭ ھاۋا سۈمۈرۈشۈم ۋە چىقىرىشىمنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. سەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەنسەن، سەن ماڭا ناھايىتى پاكىز ۋە سۈپسۈزۈك قانلارنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىسەن! قېنى ئېيتە، نېمانداق جىمغۇر نېمە سەن؟ قانداق بولۇپ مېنىڭ غوجامنىڭ تېنىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىڭ؟ ئۆپكىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان جىگەردىن بوش ۋە مۇڭلۇق پىچىرلاشلار ئاڭلاندى:

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم خىزمەتدىشىم، ئۆپكە ئەپەندى، مېنىڭ بۇ تەنگە قوشۇلغانلىقىمدىن سىز بەك خۇشال بولغان بىلەن مەن قايغۇ ئىچىدىمەن. شۇنداقلا بۇ ئىشنى ئېيتىشقا تىلىم بەكلا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەسلى مەن بۇ دۇنياغا بىللە ئاپىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ياششى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىگەمگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ـ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن؟ بەلكى ئۇ جىگىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىئانە قىلغاندۇ ياكى تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ساتقاندۇ؟

ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس! ـ دېدى جىگەر خۇددى ھازا تۇتقاندەك مەيۈس ھالدا!

– ئۇنداق بولسا، سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، مەن بىلەن خىزمەتداش بولۇپ قالدىڭ؟

– ئەگەر سەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاشنى خالىساڭ، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي! – دېدى جىگەر ئازابتىن لىغىرلاپ.

– قېنى قۇلىقىم سەندە.–دېدى ئۆپكىمۇ بۇ ۋەقەگە قىزىقىپ، شۇنىڭ بىلەن جىگەر ئۆز ۋەقەلىكىنى بايان قىلىشقا باشلىدى: مەن 13 ياشلىق ئابدۇللا راخمانجان ئىسىملىك بىر بالىنىڭ جىگىرى ئىدىم. مەن ئىگەم بىلەن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان جاي. بۇ يەرگە ناھايىتىمۇ يىراق، تاغ–ئېدىرلىق ۋە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، ھاۋاسى سالقىن بىر يەر ئىدى. مېنىڭ ئىگەمنىڭ ئاتا–ئانىسى بولسا، يەر تېرىپ، قوي، كالا باقىدىغان دېھقان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى: «بىز مۇسۇلمان، مىللىتىمىز ئۇيغۇر» دەپ ئاتايتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئوزۇق–تۈلۈكى مول بولغاچقا، مەن ناھايىتى ساغلام يېتىلگەن ئىدىم. شۇڭلاشقا ئىگەم ئابدۇللا بەكمۇ شوخ، بەڭباش، ئويۇن قېپى چوڭ بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاتا–ئانىسى ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ بەك كۆيەتتى. نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئويۇنچۇقلىرى بار ئىدى. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، مەكتەپ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولغاچقا، يولدا ئۆزى يالغۇز ئويۇنچۇق ئويناپ ماڭاتتى.

بىر كۈنى ئابدۇللا يولدا ئويۇنچۇق ئويناپ كېتىۋاتقاندا، بىر نەپەر يالاڭباشتاق، قىسىق كۆز، باشقا بىر خىل تىلدا گەپ قىلىدىغان بىرسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆزىنىڭ جىق ئويۇنچۇقى بارلىقىنى، ئۇنىڭغا بىكارغىلا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇللا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىللە ئۆيىگە بېرىپ ئۇ ئويۇنچۇقلارنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ–دە، ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇ كىشى ئابدۇللانى باشلاپ خېلى ئۇزاق

ماشىناندىن كېيىن، بىر ئادەمزات يوق يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىغا بىر تال خالتىنى كەيدۈرۈپلا، ئاغزىغا بىر تال لاتىنى تىققانچە سۆرەپ، يولنىڭ چېتىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىشىدۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كىشى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بىرلىشىپ ئابدۇللانى يەرگە بېسىۋېلىپ، ئاغزىغا مەلۇم بىر خىل دورىنى پۈركۈيدۇ–دە، ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، يانلىرىدىن پىچاقلىرىنى چىقىرىپ، بىردەمدىلا ئابدۇللانىڭ يۈرەك، بۆرەك ۋە مەن جىگەر قاتارلىق ئۈچىمىزنى سۇغۇرۇۋېلىشىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ جەسىتىنى شۇ ئورمانلىققا تاشلىۋېتىپ، يېقىنلا بىر جايغا توختىتىپ قويغان قويۇلغان ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كېتىشىدۇ.

– ئاندىنچۇ؟ سېنى قانداق قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى؟ –دەپ سورىدى ئۆپكە بۇ ئىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ،

– جىگەر لىغىرلاپ تۇرۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى: ئۇلار مېنى ۋە يۈرەك بىلەن بۆرەكنى بىر سوغۇق ساقلاش ساندۇقىغا سېلىپ، ئەتىسىلا ئاسماندا ئۇچىدىغان بىر نەرسىگە ئېلىپ چىقىپ، مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. ماڭا تېخى بۇ يەرگە كەلگىلى بىر نەچچە كۈن بولدى. مېنى بىر سوغۇق بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى. مەن بەكمۇ توڭلاپ كەتكەن ئىدىم. ئىلگىرى ئىگەم ئابدۇللانىڭ ئىچىدىكى ۋاقىتتا ھەرقاچان ئىسسىق تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ ئىچىدە ئەمدىلا چوڭ بولۇۋاتقان مايسا ئىدىم. باشقا خىزمەتداشلىرىممۇ شۇنداق يۇمران ئىدى. ئۇلارمۇ مەن بىلەن باراۋەر چوڭ بولماقتا ئىدى. بىز تولۇق چوڭ بولۇپ يېتىلگەندىلا، ئۆز خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايتتۇق، كۆپلەپ قان ئىشلەپچىقىرىپ، ئىگىمىزنىڭ قان تومۇرلىرى ئارقىلىق يۈرەك، ئۆپكە ۋە بۆرەكلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايتتۇق! ھازىر مەن غەلىتە بىر يەرگە كىرىپ قالدىم.

ھېچكىم ماڭا تونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۆپكە تۈتۈن چىقىرىدىغان مورىدەك ئىس پۇرايدىكەنسەن. يۈرىكىڭمۇ غەلىتە سوقىدىكەن، ھېلىتىنلا مەندىن كۆپلىگەن قانلارنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ! مەن بۇ كىچىك جېنىمدا قانداقمۇ ئۇنىڭغا تولۇق قان يەتكۈزۈپ بولارمەن؟

— ئەندىشە قىلما! — دەپ، جىگەرگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى ئۆپكە،—سەن بىر مەزگىلدىن كېيىن چوڭىيىپ، بىزلەر بىلەن باراۋەر ھالەتكە كېلەلەيسەن! چۈنكى، بىزنىڭ بۇ ئىگىمىز يۇرتىمىزدا چوڭ بىر باي كىشى. ئۇ ناھايىتى ئېسىل ئوزۇقلىنىدۇ. گۆش، ياغ، ھەسەل، مۇرابba دېگەنلەر بىلەن ئاشقازىنىنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىن كەلگەن قۇۋۋەتلىك ئېنېرگىيە بىلەن ئوزۇقلىنىپ، تېزلا چوڭ بولۇپ كېتىسەن!

— ئۇ مۇمكىنمۇ؟ — دەپ لىغىرلاپ كەتتى جىگەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، مەن چوڭ بولۇپ بولغۇچە سەن قېرىپ كېتىپ كاردىن چىقساڭ، ئۇ چاغدا مەنمۇ سەن بىلەن بىللە تۈگەشمەمدىم؟

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ—دەپ، جىگەرنى تەسكىن تاپقۇزۇشقا ئۇرۇندى ئۆپكە،—مەن باياتىن ساڭا دېدىمغۇ؟ مېنىڭ ئىگەم كاتتا باي كىشى، ئۇ ئەگەر مەن ئۆز رولۇمنى جارى قىلدۇرالمىسام، مېنىمۇ ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، يېڭى ئۆپكە سالدۇرالايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سەن بۇ يېڭى ئۆپكە بىلەن بىللە، يەنە بىر مەزگىل خىزمىتىڭنى جارى قىلدۇرالايسەن!

— ھە، مۇنداق دېگىن.—بىزنىڭ بۇ يېڭى ئىگىمىزنىڭ پۈتۈن ئەزالارنى ئالماشتۇرۇشقا كۈچى يېتىدىكەندە؟

— ئەلۋەتتە كۈچى يېتىدۇ، ئەمما گەپ يەنە يېڭى ئەزالارنى دەل ۋاقتىدا تېپىپ ئالماشتۇرۇشتا، بىزنىڭ ئۇ يەردە ئەزالارنى

تاپقىلى بولمايدۇ. ئىگەمنىڭ كاللىسى ئىشلەپ، تور ئارقىلىقلا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردىكى دوختۇرخانا بىلەن سۆزلىشىپ، بۇيرۇتما قىلىپ، سىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىگەم بىلەن تەڭ بىز ھەممىمىز تۈگەشكەن بولاتتۇق!

— ھە، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەندە، —دېدى جىگەر ھەيران قېلىپ، ئەسلى ئۇلار مېنى بىزنىڭ بۇ يېڭى ئىگىمىزگە سېتىش ئۈچۈن، مېنىڭ بۇرۇنقى ئىگەم ئابدۇللانى گوللاپ ئاپىرىپ ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، مېنى سۇغۇرۇۋېلىشقان ئىكەندە؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق كىچىك بۇرادەر، ماۋۇ ئەقلىڭگە بارىكاللا! مەن ساڭا بىزنىڭ ئىگىمىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن دوختۇرلار بىلەن سۆزلەشكەن بىر گېپىنى دەپ بېرەي قۇلاققا سېلىپ ئاڭلا ئەمسە؟

— بولىدۇ! قۇلىقىم سەندە!

— مېنىڭ ئىگەم بۇ يەرگە كېلىپ ئەتىسىلا تەكشۈرۈشكە ئېلىپ چىقىلدى. تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن دوختۇرلار ئىگەمگە: سىزنىڭ جىگىرىڭىزنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈكلا ۋاقتى قاپتۇ، تېزدىن جىگەر ئالماشتۇرمىساق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىز نورمال باھادىن جىقراق پۇل تۆلىشىڭىز كېرەك! — دېگەن ئىدى. مېنىڭ ئىگەم بۇنىڭغا دەرھاللا ماقۇل بولدى. ئەمما ئۇ دوختۇرلارغا مۇنداق بىر شەرتنى قويدى. ئۇ بولسىمۇ ئىگەمگە سېلىنىدىغان جىگەر ھالال بولۇشى كېرەك ئىدى!

— قانداق جىگەر ھالال بولىدۇ؟ سورىدى كىچىك جىگەر چۈشەنمەي ئۇنىڭدىن،

—ھە، ساڭا باشتا ئېيتمىغان ئوخشايمەن—دە، بىزنىڭ بۇ ئىگىمىز بىر مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۇنىڭغا چوقۇم بىر

12

مۇسۇلماننىڭ جىگىرى ئالماشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر بىرسىنىڭ جىگىرى ئالماشتۇرۇلۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىگىمىز كامىل مۇسۇلمان بولماي قالاتتى. شۇڭا بۇ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا دوختۇرلار ئىگەمنى خاتىرجەم قىلىپ: ئەپەندىم خاتىرجەم بولسىلا! ئەنسىرىمىسىلە، بىزدە زاپاس ھالال ئورگانلار كۆپ، سىلى بىزگە ئىنتېرنېتتا بۇيرۇتقان ۋاقىتتىلا، بىز ئاللىقاچان سىلىگە ھالال جىگەرنى بۇيرۇتۇپ بولغان.-دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىگەم ھەيران قېلىپ:

- شۇنداقمۇ؟ سىلەر مۇسۇلمان بولمىساڭلار قانداق قىلىپ، ھالال ئورگان تاپالايسىلەر؟ - دەپ سورىغان ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا:

- ئەپەندىم، سىلەر بىلمەيدىكەنسىلەردە؟ -بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي تەرىپىدە: «يېڭى چېگرا» دەپ بىر جاي بار، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار ياشايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ غوجىسى، ئۇلارنى بىز باشقۇرىمىز، نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنداق قىلىمىز، ئورگانلىرىنى سۇغۇرىۋېلىپ، سىلىدەك ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تەمىنلەيمىز! -دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ غوجىمىز خۇشاللىقتا ھىجىيىپ:

- ماشائاللا، ماشائاللا! سىلەر كاپىر بولساڭلارمۇ، ناھايىتى ئەقىللىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىكەنسىلەر! سىلەر بولساڭلارلا، بىز غەربتىكى مۇسۇلمانلار كېسەل بولۇپ قېلىشتىن قورقمىساقمۇ بولغۇدەك؟ ناۋادا قايسى بىر ئورگىنىمىز كېسەل بولۇپ قالسا، دەرھال سىلەر بىلەن ئالاقىلاشساق، ھالال ئورگان تەييارلاپ بېرىدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ؟ ماشائاللا، ماشائاللا! -دەپ، ئۇلارنى ئىنتايىن ماختاپ كەتكەن ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىگەر لىغىرلاپ توختىماي

تىترەشكە باشلىدى. ئۆپكە ئۇنىڭدىن:

– نېمە بولدى بۇرادەر ساڭا؟ نېمگە بۇنداق تىترەپ كېتىسەن؟ – دەپ سورىدى

– ۋاي، ئىست! ۋاي ئىست! دەپ، زارلىنىشقا باشلىدى جىگەر: – ئەگەر سېنىڭ ئىگەڭ قىلغان بۇ ئىشلارنى باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بىلىۋالسا، مېنىڭ ئىگەم ئابدۇللانىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشى چاتاق بولغۇدەك، ئۇلار بىردىن بىردىن تۇتۇلۇپ، ئورگانلىرىدىن چاتاق چىققان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تىرىك تۇرغۇزۇلۇپ، ئورگانلىرى سوُغۇرۇۋېلىنسا ۋە مېنىڭ بىچارە ئىگەم ئابدۇللادەك جان بېرىپ ئۆلىۋەرسە، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەپ كەتمەمدۇ؟ ۋاي بىچارە ئىگەمنىڭ قېرىنداشلىرى! سىلەر خاتا ئويلاپتىكەنسىلەردە؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر قېرىنداشتۇر، ئۇلار بىر–بىرىگە ئۆزئارا ياردەم قىلىدۇ! بىر–بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، بىر–بىرىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى تارتىۋالمايدۇ دەيتتىڭلارغۇ؟ مانا! ئەمدى نېمە بولدى؟ بەزى دۆلەتلەردىكى باي مۇسۇلمانلار ئورگانلىرىدىن چاتاق چىققاندا، دۆلىتى بولمىغان كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئورگانلىرىنى زالىملارنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن سېتىۋالىدىغان بولۇپتۇ، ئۇلار بۇ ئورگانلارنى «ھالال ئورگان» دەپ سېتىۋالىدىكەن–يۇ، ئەمما بۇ ئورگانلارنىڭ ئىگىلىرىنى رازى بولغانمۇ؟ ئورگانلىرىنى ئۆزلۈكىدىن بەرگەنمۇ ياكى مەجبۇرىي ئۆلتۈرۈلۈپ ئېلىۋېلىنغانمۇ؟ ئۇنى سورىمايدىكەن؟ بۇ قانداق قېرىنداشلىق؟ بۇ قانداق ئادالەت؟ – دەپ، خېلى ئۇزاق ۋايسىدى جىگەر

– قاقشىما! بولدى قىل! – دەپ جىگەرگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى ئۆپكە،–ھازىر دۇنيادا ئادالەت دېگەن نەرسىلەر قالمىدى. سەن تېخى ساددىلارچە: «بارلىق مۇسۇلمانلار بىر

قېرىنداش، بىز بىر ئۈممەتتىن» دەپ كەتتىڭ ئەجەب، ئۇنداق قېرىنداشلىق ھازىر قەغەز يۈزىدىلا قالدى. قېرىنداشلىق پايدا-مەنپەئەتكە باغلىنىپ قالدى. سەن كۈچلۈك بولساڭ، سەندىن مەنپەئەت چىقسا قېرىنداش بولىسەن! بولمىسا، قېرىنداشلىق-دىنداشلىق دېگەن چۆرۈپ تاشلىنىۋېتىلىدۇ!

- ھە، مۇنداق دېگىن؟ - دېدى جىگەر ئۆپكىگە،-ئەمدى مېنىڭ ئىگەمنىڭ قېرىنداشلىرى بۇنى بىلىۋالسا بولغۇدەك ئەمەسمۇ؟

- ئۇلار ئىلگىرى بىلمەمتى؟

- ياق! ئۇلار بىلمەيتتى. ئۇلار مۇسۇلمان-مۇسۇلمانغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بىر-بىرىنىڭ مېلىغا، جېنىغا قەست قىلمايدۇ.-دەپ قارايتتى.

- مېنىڭ ئىگەمدىن ئاڭلىشىمچىمۇ شۇنداق ئىدى. يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شەرىپلەردە شۇنداق بايان قىلىنغان ئىكەن! ئەمما، ھازىرقى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرى ۋە بايلىرى بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغىتىگە، ئەيش-ئىشرەت ۋە ماددىي مەنپەئەتلەرگە بېرىلىپ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى.-دېدى ئۆپكىمۇ ئاچچىقلانغاندەك قىزىرىپ، ئەمما دېدى ئۇ يەنە گېپىنى داۋام قىلىپ،-سېنىڭ ئىگەڭ بولغان بۇ مۇسۇلمانلار نېمىشقا بۇ كاپىرلارغا قارام بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ نېمىشقا ئۇلار مۇسۇلمان تۇرۇپ كاپىرلارغا بويسۇنىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ كاپىرلارنى ئۆز تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، مېنىڭ ئىگەمدەك ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، باي-باياشات ياشىمايدۇ؟

-بۇنى دەپ كەلسەم ناھايىتى ئۇزۇن ھېكايە.-دېدى جىگەر خورسىنىپ، ئەمما مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا قىسقىچە دەپ بېرەي: مېنىڭ ئىگەم تەۋە بولغان بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ

ئەجدادى ئەسلىدە ناھايىتى باتۇر خەلق ئىدى. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆز تۇپرىقىدا ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، شاد-خۇراملىق ئىچىدە ياشىغان ئىدى. ئەمما، كېيىنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ شان-شەۋكىتىنى يوقىتىپ، بىدئەت ئەقىدە ۋە يالغان پىر-غوجىلارغا ئەگىشىپ، دىنىمىزنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلماي، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا، جاھىل ۋە غاپىللىققا پېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاسارەتكە چۈشۈپ قالدى.

– ھە، مۇنداق دېگىن! سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنى مۇشۇ بىزنى ئۇچراشتۇرغان كاپىرلار بېسىۋالغان ئىكەندە، ئاسارەت-قۇللۇق دېگەن بەكمۇ يامان ۋە خەتەرلىك نېمىدۇر!

– ھە! توغرا دېدىڭ! –مېنىڭ ئىگەمنىڭ مىللىتى ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان، بارلىق ئەركىنلىكىنى يوقاتتى. ئۇلارنى بېسىۋالغان كاپىرلار خالىغانچە تۇتۇپ سولايدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. مانا ئەمدىلىكتە ئۇلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، ئىچكى ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىپ، سودا-سېتىق قىلماقتا، مېنىڭ ئىگەم تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر بالا ئىدى. ئۇ-بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق راھىتىنى كۆرمەيلا قۇربانلىق قىلىندى. مەن ۋە يۈرەك، بۆرەك قاتارلىق ئۈچىمىز خۇددى مال ئورنىدا سېتىۋېتىلدۇق.

– ھە، مۇنداق دېگىن! –دېدى ئۆپكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، خىزمەتداشلىرىڭدىن يۈرەك ۋە بۆرەكمۇ ئېلىۋېلىنغا نىمە دى ؟

– ئەلۋەتتە شۇنداق بولدى. چۈنكى، بۇلاڭچىلار ئۇ كۈنى ئىگەمنى گوللاپ، ئورمانلىققا ئاپىرىپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن، يۈرەك ۋە بۆرەكنىمۇ ئېلىۋېلىپ، مەن بىلەن بىللە بىر سوغۇق ساندۇققا سېلىپ، بۇ يەرگە

ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

–ھە، مۇنداق دېگىن؟ ئۇلارمۇ بۇ يەردە ئىكەندە، –دېدى ئۆپكە تېخىمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ، ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ ھازىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى!

– ئۇ مۇمكىنمۇ؟ – دېدى جىگەرمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ،

– ئەلۋەتتە مۇمكىن! – دېدى ئۆپكە بىر نەچچىنى يۆتىلىۋېتىپ،–مېنىڭ ئىگەمدىن ئاڭلىشىمچە، بۇ يەرگە ئورگان كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر خېلى جىق بولۇپ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئالدىنقى كۈنى تېخى مېنىڭ ئىگەم بىر سېرىق چاچ، كۆك كۆز كىشى بىلەن پاراڭلاشقان ئىدى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ، سالام قىلىدىغان پاكارراق، قارا چاچ بىر كىشىمۇ كەلگەن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن، ئورگان سالدۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدىم. ئەمما ئۇلار قايسى ئورگاننى سالدۇرىدىغانلىقنى ئېيتىشمىغان ئىدى. ئۇلار ئىككى–ئۈچ كۈن بولدى سىرتقا چىقىشمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئورگانلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇشتى بولغاي، ئەمدى ئۇلار مېنىڭ ئىگەم بىلەن گەپلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەتتە بولسام، قايسى ئورگانلارنى ئالماشتۇرغانلىقنى بىلىۋېلىشىم مۇمكىن!

– ئاپىرىن ساڭا ئۆپكە قېرىندىشىم! –دېدى جىگەر لىغىرلاپ،–مېنىڭ بۇنى بەك بىلگۈم بار، سەن ئامال بار بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئاڭلاپ، ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ قانداق؟

– بولىدۇ.–دېدى ئۆپكە جىگەرگە ۋەدە بېرىپ، مەن بۇ قېتىم چوقۇم ئۇلارنىڭ گېپىگە ياخشى قۇلاق سالىمەن، سەن

خاتىرجەم بولغىن!

يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. جىگەر ئۆپكىنىڭ ئۆھۆ، ئۆھۆ دەپ يۆتەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە گېپى بارلىقىنى بىلدى ۋە ئۆپكىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى:

— ھەي، جىگەر قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت.—دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆپكە،—بۈگۈن ئەتىگەندە مېنىڭ ئىگەم ناشتىلىققا چىققان ئىدى. ئۇ چاي ۋە سۈتنى ئىچىپ، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشىغا ھېلىقى سېرىق چاچ، كۆك كۆز كىشى بىلەن يەنە بىر پاكىنەك كىشىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ناشتا قىلغاچ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. سېرىق چاچ، كۆك كۆز كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يۈرىكىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا سېلىنغان يۈرەك ئەمدىلا 13 ياشلىق بولغان ناھايىتى كىچىك ۋە ياش بىر يۈرەك بولغاچقا، قىممەت پۇلغا سېتىۋالغانمىش! ئۇ يۈرەك ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ ماس كېلىپتۇمىش، ئۇنىڭ كىلاپانلىرى ناھايىتى چىڭ سوقىدىغان بولۇپ كېتىپ، ئۇ كىشىنىڭ قان تومۇر ھەرىكىتىنى ناھايىتى جانلاندۇرۇۋەتكەنمىش!

— يەنە بىر پاكار كىشىچۇ، ئۇ نېمىنى ئالماشتۇرۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى جىگەر بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ،

— ھە، ئالدىرىما ئۇنىمۇ سۆزلەپ بېرىمەن. قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ئەمىسە: ئۇ پاكىنەك كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئەسلى ئۇنىڭ بۆرىكىدىن چاتاق چىققان بولۇپ، تېخى ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا ئۇ دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلەشكەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 200 مىڭ دوللارغا ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلالايدىغانلىقى توغرۇلۇق جاۋابقا ئېرىشكەن ئىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، تېزلىكتە يولغا چىقىپ، بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ تېخى ئەمدىلا 13 ياشلىق

بولغـان يـاش ۋە ناھايىتـى جانلىـق ئىشـلەيدىغان بىـر بـۆرەك سېلىنىپتۇمىش، شـۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سـۈيدۈك يولى راۋانلىشـىپ، قـان ئايلىنىشـىمۇ ياخشـىلىنىپ، ھەزىـم قىلىـش ئىقتىـدارى كۈچىيىـپ، ئۆزىنـى ناھايىتـى يـاش بالىـدەك ھېـس قىلىدىغـان بولـۇپ كېتىپتىمىش! ھازىـر بىزنىـڭ ئىگىمىزمـۇ ئىنتايىـن خۇشـال بولـۇپ يۈرمەكتـە، سـېنىڭ ئۇنىـڭ خىزمىتىگـە كىرىشـىڭ بىلـەن ئۇنىـڭ پۈتـۈن قـان تومۇرلىـرى جانلىنىـپ، ئۆزىنـى خـۇددى بىـر بىـر يـاش بالىـدەك ھېـس قىلىدىغـان بولـۇپ كەتتـى. تېخـى مـاۋۇ بىللـە كەلگـەن خوتۇنىغـا نېمـە دېـدى بىلەمسـەن؟ ــ ئاڭلاشـنى خالىسـاڭ مـەن ئۇنىمـۇ دەپ بېـرەي: ئـۇ تۈنۈگـۈن كەچتـە خوتۇنىنـى يېنىغـا چاقىرىـپ، ئۇنىڭغا،ــھـەي، ئامىنـە! مـەن ھازىـر بـەك شـاش بولـۇپ كەتتىم.ــدېـدى ھەجىيىـپ، ئاندىـن ئۇنىڭغىمـۇ ئالتـۇن جابـدۇق ئېلىـپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىـپ، ئۆتكـەن يىلـى ئۆلـۈپ كەتكـەن كۈنىدىشـى خەيرىنىسـاخانىنىڭ ئورنىغـا يېڭىدىـن بىـر خوتـۇن ئـالاي دەۋاتىمـەن، سـەن بۇنىڭغـا قوشۇلامسـەن؟ ــ دەپ سـورىغان ئىـدى. ئامىنەخـان كـۆز يېشـى قىلىـپ تـۇرۇپ ئۇنىڭغـا: دىنىنىـڭ ئەھكامـى، پەيغەمبىرىمىزنىـڭ سـۈننىتى بويىچـە قوشـۇلىدىغانلىقىنى بىلـدۈردى. ئۇنىـڭ جاۋابىدىـن ئىگىمىـز بـەك خۇشـال بولـۇپ كېتىـپ، ئۇنىڭغىمـۇ يېڭـى ئالىدىغـان خوتۇنىغـا ئالغـان تويلـۇق ئالتـۇن جابـدۇق باراۋەرىـدە ئالتۇن جابـدۇق ئېلىـپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىـپ، ئامىنەخانىنـىڭ كـۆز يېشـىنى توختاتتـى. بىـز ئەتـە بـۇ كاپىـرلار يۇرتىدىـن ئـۆز يۇرتىمىزغـا قـاراپ يولغـا چىقىدىكەنمىـز!

ئۆپكىدىـن بـۇ خەۋەرنـى ئاڭلىغـان جىگـەر بىردىنـلا سـىلكىنگەندەك لىغىـرلاپ، قاتتىـق ئـاھ ئـۇرۇشـقا باشـلىدى:

ــ ۋاي ئىسـىت! ۋاي ئىسـىت ئىگـەم ئابدۇلـلا! سـېنىڭ بىخەسـتىلىكىڭدىن ئۆزۈڭمـۇ جېنىڭدىـن ئايرىلدىـڭ، بىـز ئورگانلارمـۇ سـېنىڭدىن ئايرىلىـپ تەرەپ-تەرەپكـە كېتىدىغـان

بولدۇق! مەن ھازىر بىر مۇسۇلمان كىشى بىلەن نامەلۇم بىر يېرىم ئارالغا كېتىدىكەنمەن. يۈرىكىڭ ۋە بۆرىكىڭمۇ باشقا يەرلەرگە كېتىدىغان كىشىلەرگە بېرىۋېتىلدى. مەن ئەمدى ئۇلار بىلەن مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم. ئىسسىت، ئابدۇللا! سەن شور پىشانىلىكىڭدىن بىزدىن ۋە جېنىڭدىن ئايرىلدىڭ! بىز ئەمدى سېنىڭ بىلەن ئاخىر زاماندا كۆرۈشكەندە ئاللاغا دەردىمىزنى ئېيتساق، بىزنى يەنە سېنىڭ تېنىڭگە جەم قىلىپ بېرىشى مۇمكىن! چۈنكى، بىر ئاللالا ئادىل ۋە رەھىمدىلدۇر. ئاخىر زامانغىچە بىزنى كۈتكىن! بىز شۇ چاغدا جەم بولىمىز، ئىنشائاللا!

## دورا ۋە تۇتقۇن

دورا ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاتا قىلغان ئېسىل نېمەتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىنسانلار ئاللانىڭ بۇ ئېسىل نېمىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىدىكى ھەر خىل ئاغرىق ۋە كېسەللەرنى داۋالاپ، تەن ساغلاملىقى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىنسانلار دورىنىڭ كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خۇسۇسىيىتىنى بىلگەندىن بۇيان، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل دورىلارنى ياساپ چىقىپ ۋە ئۆيلىرىدە ساقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان دورا ئىنسانلارنىڭ يېقىن ھەمراھىغا ئايلاندى. ئۇنىڭسىز ھاياتنى ۋە خۇشال-خۇراملىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنسىزلىككە ئايلاندى. شۇنداقلا بۇ مۇمكىنسىزلىك ئىنسانلار ئارىسىدا تېبابەت ئىلمى ۋە ھېكىملەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

تېبابەت ئىلمى ۋە ھېكىملەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاللاتائالانىڭ ھېكمىتى بىلەن ھېكىملەر پىرى دەپ ئاتالغان لوقمان ھېكىم دۇنياغا كېلىپ، دورا ۋە داۋالاش كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، تېبابەت ئىلمىنىڭ ئەخلاق ۋە مىزانى بولغان ھېكىملەر رىسالىسىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. ھېكىملەر

رىسالىســدە دورا ۋە دوختۇرلــۇق ئىلمــي بايــان قىلىنىپــلا قالمــاي، شــۇنداقلا يەنــە تېۋىــپ ۋە ھېكىملەرنىــڭ رىئايــە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق ۋە مىزانلىرىمۇ بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تېۋىپ-ھېكىملەرنىــڭ ئىنســانلارغا پايدىلىــق ئىــش قىلىشــى، بىمارلارغــا كۆيۈنۈشــى، كىشــىلەرنى ئىلمــي ئۇســۇللار بىلــەن داۋالاپ ساقايتىشــى، شــۇنداقلا بىمارلارغــا بەخت-ســائادەت ۋە ھۇزۇر-ھــالاۋەت ئاتــا قىلىشــى ئالاھىــدە تەكىتلىنىــپ، ئالىــي مىــزان سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن ئىــدى. شــۇنداقلا ئۇنىڭــدا يەنــە ھېكىملــەر ئەخلاقىغا قاتتىــق رىئايــە قىلىش تەكىتلەنگەن بولۇپ، دورا ۋە داۋالاش خەلــق ئۈچــۈن ھەقىقىــي خىزمــەت قىلدۇرۇلۇشــى، غەيرىــي نىيــەت ۋە سۇيىقەســتلەر ئۈچــۈن قوللىنىلماســلىقى، بىمارلارغــا زىيــان سېلىنماسلىقى ۋە دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئۇنــى زەھەرگــە ئايلانــدۇرۇپ، ئىنســانلارنىڭ ھاياتىنــى خەتەرگــە ئۇچراتماســلىقى ئالاھىــدە ئەخــلاق مىزانــى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغــا قويۇلغــان ئىــدى. شــۇنىڭدىن كېيىــن ھېكىملــەر بــۇ مىزانغا رىئايــە قىلىــپ، بىمارلارنىــڭ ھاياتىنــى قوغــداپ ئۇلارنىــڭ بەخــت-ســائادىتى ئۈچــۈن خىزمــەت قىلىــپ كەلگــەن ئىــدى.

نــە ئەپســۇس! كېيىنكــى كۈنلەرگــە كەلگەنــدە ئالالانىــڭ بــۇ ئېســىل نېمىتىگــە شەيتان-ئىبلىســلەرنىڭ قــارا قولــى ئۇزىــراپ، دورىنىــڭ بىمارنــى داۋالاپ، كېســەل ساقايتىشنى ئىبارەت ئېســىل خۇسۇســيىتىگە داغ چۈشــۈرۈلدى. ئالــلا كۆرســەتكەن ھەقىقەت يولىدىــن چەتنىگــەن بىــر تۈركــۈم شــەيتان سۈپەت ئىنســانلار دۇنياغــا كېلىــپ، دورىنىــڭ كېســەل داۋالاش خۇسۇســيىتىنى ئۆزگەرتىــپ، ئۇنىڭغــا زەھەرلىــك ماددىلارنــى ئارىلاشــتۇرۇپ، ئىنســانلارغا سۇيىقەســت قىلىــش مەقســىتىگە يېتىــش ئۈچــۈن ئىشلىتىشكە باشــلىدى. دىكتاتورلار ۋە كوممۇنىســتلار بۇ جەھەتتە ھەممىدىــن ئېشــىپ چۈشــكەن بولــۇپ، ئۆزلىرىنىــڭ شەخســى مەنپەئەتــى ۋە ھوقۇقىنــى ســاقلاپ قېلىــش ئۈچــۈن بىگۇنــاھ ۋە

ئاجىز كىشىلەرگە زەھەر قوشۇلغان دورىلارنى يوشۇرۇن ھالەتتە بېرىپ، ئۇلارنى نابۇت قىلىشقا ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتتى. كۆنىمىزگە كەلگەندە بولسا، كوممۇنىست ۋە دىكتاتورلار ئۆزىدىن ئاجىز تەبىقىگە ۋە مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، زەھەرلىك ۋە خىمىيەلىك دورىلارنى ياساپ چىقىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، نەسىل قۇرۇتۇشقا ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق قىلىشقا ئىشلەتمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ جىنايىتىنى ئاللا كەچۈرمەيدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ ئەپۇ قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ئاخىرى بىر كۈن ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنى ئادالەت سوتىغا تارتىدۇ، ئىنشائاللا!

سەييارە ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن، ئۆتكى ئاق كەلگەن، قاڭشارلىق بۇرۇنى يۇمىلاق يۈزىگە ئىنتايىن ماسلاشقان، غۇنچە بويى گۈزەل بىر قىز ئىدى. ئۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ شەھەردىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا خىزمەتكە چۈشكەن ئىدى. سەييارە تىرىشچان قىز بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپى خىزمىتىنى ئەستايىدىل قىلىپ، دوختۇرخانىدىكى باشقا ئىشچى خىزمەتچىلەر ۋە بىمارلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، سۆيۈشىگە ۋە مەدھىيەلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق خىزمىتىدە نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلىپ قالماي، يەنە چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارقىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قارارىغا كېلىپ، چەت ئەللەردىكى بىر مۇنچە مەكتەپلەر بىلەن تور ئارقىلىق ئالاقە ئورناتقان ئىدى. ئۇ تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان بىر نەۋرە تۇغقىنىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ قائىدە-رەسمىيەتلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغان ئىدى. بۇ تۇغقىنىدىن دوختۇرلۇق كەسپىنى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن بىرىگە چىقىپ ئوقۇسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن

كېيىن، ئەنگلىيەگە چىقىپ ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

سەييارە بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپلا ئادىتى بويىچە ھېچ يەرگە بارماستىن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى-دە، كەچلىك تامىقىنى ئاددىيلا قىلىپ يېشۇرۇپ يەۋالغاندىن كېيىن، ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تەكرار قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تەكرار قىلغاندىن كېيىن، چارچىغاندەك بولۇپ كۆزى تورلىشىپ، ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتىش ئۈچۈن ئورۇن-كۆرپىلىرىنى تەييارلاپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئەمدى بېشىنى ياستۇققا قويۇپ تۇرۇشىغا، ياتاق ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلۇپ: «بىز ساقچى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلدۇق، ئىشىكنى ئاچ! سەندىن سورايدىغان بىر نەچچە ئېغىز گەپ بار!»-دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بۇ كېچىدە ئۇلار نېمىشقا كەلگەندۇ؟ -دەپ ئويلاپ سەل تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئىشىك يەنە قاتتىق ئۇرۇلۇپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئىشىكنى ئاچايمۇ ئاچمايمۇ؟ -دەپ ئويلانغان ھالدا ئاستا مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگىلا، ئىشىكنى ئاللىقاچان بۇزۇپ ئېچىپ بولغان ساقچىلار ياتاققا باستۇرۇپ كىرىپ، ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلماستىنلا ئۇنى تۇتۇپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، قولىغا كويزا سېلىپ، ئىتتىرگەنچە ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

قانچىلىك ۋاقىت يول ماڭدىكىن، بىر ۋاقىتتا ساقچىلار ماشىنىنى يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، خىتايچە: «دوكلات» دەپ چاس بەرگەندىن كېيىن، نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان گۇندىپايلار دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشتى. ساقچىلار ماشىنىنى

ھەيدەپ كىرىپ، بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى-دە، سەييارەنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، بىنانىڭ ئاستى قەۋىتىدىكى سوراقخانىغا ئەكىرىپ، بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، سوراقنى باشلىدى:

– جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل! -دېدى چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن قىسىق كۆز سوراقچى باشلىقى خىرقىرىغان ئاۋازدا.

– نېمە جىنايىتىمنى ئىقرار قىلىمەن، مەن جىنايەت ئۆتكۈزگۈدەك ھېچقانداق بىر خاتالىق سادىر قىلمىغان تۇرسام.-دەپ جاۋاب بەردى ساقچىنىڭ سوئالىغا ھەيران قالغان سەييارە تېڭىرقاپ.

– تور ئارقىلىق چەتئەل بىلەن ئالاقە ئورناتقان ۋە تۈركىيەگە تېلېفون قىلغان جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل!

– مەن چەتئەل بىلەن ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن ئالاقە ئورناتتىم. تۈركىيەدىكى بىر نەۋرە ئاچامغا ئوقۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن تېلېفون ئۇرغان ئىدىم. بۇلارنى قانداقمۇ جىنايەت دېگىلى بولسۇن؟

– ئەلۋەتتە جىنايەت! سەن تۈركىيەدە ئوقۇغان ئاچاڭنىڭ تېررور گۇمانىدارى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

– ياق، بىلمەيدىكەنمەن! ئۇ قانداق تېررورلۇق قىلدى؟

– ئۇ جۇڭگو مائارىپىنى كۆزگە ئىلماي، تۈركىيەگە ئوقۇشقا بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە ئۇ مەخپىي ھالدا بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە قىلغان بولۇشى مۇمكىن! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېررورچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەن بىر تېررور گۇمانىدارى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەنمۇ بىر تېررورچى بولۇپ ھېسابلىنىسەن. مانا بۇنىڭغا قول قوي! -دەپ، ئالدىن تەييارلاپ كېلىنگەن بىر ۋاراق ئىقرارنامە قەغىزنى

ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى. سەييارە بولسا ئۇ ئىقرار نامىغا قول قويۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، سوراقچى باشلىقى يېنىدا تۇرغان يالاقچىلارغا بۇيرۇق قىلىشىدى، ئىككى ياللاقچى گۇندىپاي ئېتىلىپ كېلىپ، سەييارەنىڭ باش - كۆزىگە كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ باش - كۆزى قانغا بويۇلۇپ هوشىدىن كەتتى. ياللاقچىلار بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي سەييارەنىڭ يۈز - كۆزىگە بىر چېلەك سوغۇق سۇ چېچىپ، ئۇنى هوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. سەييارە يەنە هوشىدىن كەتتى. بۇ چاغدا سوراقچى باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياللاقچى گۇندىپايلار ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى سوزۇپ ئەكېلىپ، قىزىل سۇرۇخقا تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارمىقىنى مەجبۇرىي ئىقرارنامىگە باستۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوراقچىلار سەييارىنى گۇندىپايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ غايىب بولۇشتى. گۇندىپايلار ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولىۋەتتى.

سەييارە بۇ كامېردا قانچىلىك هوشسىز ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا ياشانغان بىر تۇتقۇن ئايالنىڭ: خانقىز، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ئەمدى ئويغىنىڭ! كەچلىك تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ! -دەپ تووۋلىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئەتراپىقا قارىۋىدى، كامېردا ئۆزىدىن باشقا يىگىرمىدەك ئايال تۇتقۇننىڭ ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ كەلگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چېچى كالتە قىلىپ قىرقىۋېتىلگەن، ئورۇقلاپ، بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولۇپ، خۇددى ئەرۋاھلارغا ئوخشاپ قېلىشقان ئىدى. سەييارە ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، كامېرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۆشۈك ئېچىلدى-دە، بىر گۇندىپاينىڭ:

تامىقىنى ئېلىۋېلىش! دېگەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن تۇتقۇن ئاياللار قاتارىسىغا ئۆچىرەت تىزىلىپ، ئىشىك ئالدىغا كېلىشتى. ئۇ گۇندىپاي تۇتقۇنلارغا بىر قاچىدىن سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىۋاتاتتى. سەييارە تاماق ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمىغان ئىدى. ھېلىقى سەييارەگە گەپ قىلغان كامىر باشلىقى ئايال ئۇنىڭغا بىر قاچا گۈرۈچ شورپىسى، بىر تال ھورنان ئەكېلىپ بەردى ۋە: خانقىز، بۇ تاماقتىن يەڭ، ئىچىڭ! بولمىسا بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىسىز. –دەپ ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويۇپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

بىر كېچە–كۈندۈز داۋام قىلغان سوراق جەريانىدا ئۇنىڭغا تاماق بېرىلمىگەچكە قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. شۇڭا سەييارەمۇ باشقا تۇتقۇنلارغا ئەگىشىپ گۈرۈچ شورپىسىدىن ئىچتى ۋە ھورناننى يەپ تۈگەتتى–دە، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. سەييارە قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى ياشانغان ئايال ئۇنى نوقۇپ: خانقىز، تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ! دېيىشى بىلەن ئويغىنىپ، تۇتقۇنلار بىللە بىللە ناشتىلىق ئۈچۈن بېرىلگەن گۈرۈچ شورپىسى ۋە ھورناننى يېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ: بىز ئۇلاردىن مەن نەدە؟ –دەپ سورىدى. ياشانغان ئايال ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: سىز تۈرمىدە، ئۆزىڭىزنى مەن بىر مېھمانخانىدا دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭىز؟ –دەپ كۈلۈۋىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلدى. شۇندىلا سەييارە ئۇلارنىڭمۇ بىر جانلىق ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇ ئەسنادا بىر گۇندىپاينىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ گۇندىپاي: ھەممىڭ بىلىكىڭنى ئېچىپ ئىشىك يېنىغا كېلىش! ھەپتىلىك ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ ۋە دورا بېرىلىدۇ. –دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇن

ئايالـلار ئۆچـرەت بىلـەن تىزىلىـپ ئىشـىك ئالدىغـا كېلىشـتى ۋە بىردىـن بىردىـن چاپانلىرىنىـڭ يەڭلىرىنـى تـۈرۈپ، بىلەكلىرىنـى چىقىرىـپ، تۇتـۇپ بېرىشـتى. بـاش تەرىپـى كۆرۈنمىگـەن بىـر ئـاق خالاتلىـق دوختـۇر تۇتقۇنلارغـا نامەلـۇم بىـر خىـل ئوكـۇلنى ئـۇرۇپ، ئاندىـن ئاپئـاق بىـر خىـل دورا كۇمىلچىنـى بېرىـپ: بۇنـى دەرھـال ئىچىـش! ـــدەپ بۇيـرۇق قىلىۋاتاتتـى. تۇتقۇنلارنىـڭ ھەممىسـى دېگـۈدەك ئوكـۇل ئۇرغۇزۇشـتى ۋە بېرىلگـەن ئاپئـاق دورا كۇمىلچىنـى ئاغزىغـا سـېلىپ، بەكمـۇ تەسـتە يۇتۇشـماقتا ئىـدى. ئوكـۇل ئۇرغـۇزۇش ۋە دورا ئىچىـش نۆۋىتـى سـەييارەگە كەلگـەن ئىـدى. ئەممـا ئـۇ ئىشـىك يېنىغـا بارمىـدى ۋە ئوكـۇل سالغۇزۇشـنى ھـەم دورا ئىچىشـنى رەت قىلـدى. بۇنـى كامېرادىـن كـۆرۈپ تۇرغـان گۇندىپايـلار بىـردەم ئۆتمەيـلا كامېرغـا باسـتۇرۇپ كىرىـپ، سـەييارەنى سۆرەشـتۈرگەنچە ئېلىـپ مېڭىـپ، تۈرمـە باشـلىقىنىڭ ئىشخانىسـىغا ئېلىـپ كىرىشـتى. ئوتتـۇرا بـوي كەلگـەن، سـېمىزلىكىدىن قورسـاقلىرى يېرىلىـپ كېتىدىغانـدەكلا سـاڭگىلاپ تۇرغـان، قىسـىق كـۆز تۈرمـە باشـلىقى سـەييارەگە ئالىيىـپ بىـر قارىۋەتكەندىـن كېيىـن، خىرقىرىغـان ئـاۋازدا ۋارقىراشـقا باشـلىدى:

ـ نېمىشـقا سـەن ئوكـۇل ئۇرغۇزۇشـنى، دورا ئىچىشـنى رەت قىلىسـەن؟ سـەييارە ئۇنىـڭ بەتبەشـرە ھالىتىگـە قاراپمـۇ قويماسـتىن جـاۋاب بـەردى:

ـ مـەن سـاق، كېسـەل ئەمـەس! بىزنىـڭ دوختۇرلـۇق مىزانىمىـزدا ھېچقاچـان كېسـەل بولمىغـان كىشـىلەرگە ئوكـۇل ئۇرۇلمايـدۇ ۋە دورا بېرىلمەيـدۇ.

ـ ئەممـا سـەن بىـر تۇتقـۇن، تېـررور گۇمانـدارى، شـۇنداق بولغاچقـا سـەن بىـز نېمـە قىـل! ـــدېسـەك، شـۇنى قىلىشـىڭ، نېمە يـە دېسـەك شـۇنى يېيىشـىڭ، نېمـە ئىـچ دېسـەك شـۇنى ئىچىشىڭ

كېرەك! بولمىسا سىنى ئېغىر جازالايمىز، بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ!

– نېمە قىلساڭلارمۇ مەيلى، ئەمما مەن بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، داۋالاش ۋە دورا ئىشلىتىش قائىدىسىگە چۈشمەيدىغان بۇنداق ئىشنى قوبۇل قىلالمايمەن.

– قوبۇل قىلالامسەن؟ ئۇنداقتا سېنىڭ ئىشىڭ چاتاق بولىدۇ. ئېغىر جازالىنىسەن.

– مەيلى، قولۇڭلاردىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىڭلار! ئەمما مەن كېسەل ئەمەس تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ ئوكۇل ئۇرغۇزمايمەن ۋە دورا ئىچمەيمەن.

– ھىم! ھەددىڭدىن ئاشما! سېنىڭ دوختۇر بولۇشۇڭ بىلەن بىزنىڭ چاتىقىمىز يوق، بىز دۆلەت ۋە پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىمىز.

– بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتىمۇ؟ –دەپ سورىدى سەييارە ھەيران قالغان ھالدا،

– ئەلۋەتتە، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتى. پارتىيەمىز ھازىر بارلىق ئاشقۇن–تېررورچى ئۇنسۇرلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى داۋالاش ئارقىلىق ئاشقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، جۇڭخۇانى سۆيىدىغان يېڭىدىن ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ.

– مەن ئاشقۇن–تېررورچى ئەمەس، نېمە دەپ تۆھمەت قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، ئەمما مەن دوختۇرلۇق ئەخلاقىمدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمەن. داۋالاش پىرىنسىپىغا چۈشمەيدىغان نامۇۋاپىق ئىشلارنى قوبۇل قىلالمايمەن.

– ئۇنداق بولسا بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنى قوبۇل قىلدۇرالامدىكەن قىلدۇرالمامدىكەن كۆرۈپ قوي! قېنى

كېلىشلار! –بۇنى يەر ئاستى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىپ، جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى راسا تېتىپ قويۇڭلار! گۇندىپايلارغا قاراپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى گۇندىپاي سەييارەنى ئىتتىرگەنچە ھەيدەپ، يەر ئاستى سوراقخانىغا ئېلىپ چۈشۈپ، بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا مىدىر-سىدىر قىلالماس قىلىپ باغلاپ، ئۇنىڭ مەيدە بىقىنلىرىغا، قورساقلىرىغا ئېلېكتىر كالتىكى يېقىشتى، ئۇ ھوشىدىن كەتسە، يۈز-كۆزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ يەنە ئۇردى ۋە بىز بىلەن قارشىلىشامسەن يوق؟ قارشىلاشقانىڭ جاجىسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.-دەپ، ئۇنى كېچىچە نۆۋەت بىلەن ئۇرۇپ قىيناپ چىقىشتى. ئاخىرى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ھېرىپ قالغان گۇندىپايلار سەييارەنى سۆرىگەنچە سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، كامېرغا ئەكىرىپ تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى.

سەييارە كامېردا قانچىلىك ھوشسىز ياتقىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىرسىنىڭ ئاغزىغا قوشۇق بىلەن قايناق سۇ قويۇۋاتقانلىقىنى، قايناق سۇنى يۇتالماي، سۇ جاۋغىيىدىن ئېقىپ بويۇنلىرىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، بىر ئاز كۆزىنى ئېچىپ: مەن نېمە بولدۇم؟ ئۇلار نېمىشقا مېنى ئۇرىدۇ؟ نېمىشقا مەن ساق تۇرسام ماڭا دورا ئىچۈرمەكچى بولىدۇ؟ – دەپ، ئاستا پىچىرلىدى. سەييارەگە قايناق سۇ ئىچۈرىۋاتقان ياشانغان ئايال تۇتقۇن ئۇنىڭغا:

– قىزىم! سىز كامېردا ئۈچ كۈندىن بۇيان ھوشسىز ياتتىڭىز، بىر تېمىمۇ سۇ ئىچمىدىڭىز، بىر چىشلەممۇ لوقما يېمىدىڭىز، بىز سىزدىن بەك ئەنسىرىدۇق، ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ، جېنىڭىز تېنىڭىزدە بار ئىكەن. رەھىمسىز ھايۋانلار ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ ئىگىمىز ھېلىمۇ بىز

ئىنسانلارنىڭ جېنىنى شۇ قەدەر چىڭ يارىتىپتىكەنكى، شۇنداق ئېغىر قىيىن–قىستاقلاردىمۇ ئۆلۈپ كەتمەيدىكەنمىز! يەيدىغان رىزقىڭىز يەنە بار ئىكەن قىزىم، ھېلىمۇ ھايات قېلىپسىز! رەھىمسىز جاللاتلار نۇرغۇن بىگۇناھ قىز–ئاياللىرىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. ئاللاغا شۈكرى دەڭ قىزىم! ھېلىمۇ سىز ھايات قالدىڭىز، ئەمدى ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ، بىرئاز قايناق سۇ ئىچىپ بېرىڭ، بولمىسا ئۈچەيلىرىڭىز چاپلىشىپ قېلىپ، بىر نەرسە يېگەندە ئاغرىپ جاپا سالىدۇ.–دەپ، موماي سەييارەگە نۇرغۇن تەسەللى بەردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ، يېرىم قاچىغا يېقىن قايناق سۇ ئىچكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن سەييارەگە بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، قايناق سۇ ئىچۈرىۋاتقان ئاياللىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ئەتراپتىكى باشقا تۇتقۇن ئاياللارغا قاراپ، پىسىڭىدە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

سەييارەنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرگەن باشقا تۇتقۇن ئاياللار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىۋەتكىلى تاسلا قېلىشتى. ئەمما تۇتقۇنلارنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرۇشى، يىغلىشى ۋە بىر–بىرىگە تەسەللى بېرىشى چەكلەنگەن بولغاچقا، بۇنىڭ ئۈچۈن جازا يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، توختاپ قېلىشقان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كەچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئۇخلاش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاچقا، تۇتقۇن ئاياللار ئورۇنلىرىغا بېرىشىپ، بىردىن بىردىن يېتىشقا باشلىدى. ئەمما سەييارە ئۈچ كېچە–كۈندۈز ھوشسىز ياتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ خىيالغا كەتتى: «بۇ قانداق ئىش؟ دەيتتى ئۇ خىيالىدا ئۆز–ئۆزىگە، ئاغرىپ قالسا نۇرغۇن پۇل ئېلىپ داۋالايدىغان، دورىنى نۇرغۇن پۇلغا ساتىدىغان بۇ ھۆكۈمەت قانداق قىلىپ ئەمدى بۇ تۇتقان ئاياللارغا بىكارغا دورا ئىچكۈزىدىغان، ئوكۇل

ئۇربدىغان بولۇپ قالدى؟ ياكى ئۇلار كېسەل بولمسا؟ كېسەل بولغان تەقدىردىمۇ، مەخسۇس دوختۇرلارغا تەكشۈرتۈپ، توغرا دىياگنوز قويۇپ، كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن پايدىلىق دورىلارنى بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما ئۇلار ئەجەب بۇ ئوكۇل ۋە دورىلارنىڭ نېمىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى، قانداق خۇسۇسىيىتى بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرمەستىنلا مەجبۇرلاپ تۇرۇپ، ئوكۇل ئۇرىدىكەن ۋە دورا ئىچكۈزىدىكىنە؟ بۇ قانداقمۇ داۋالاش قائىدىسىگە چۈشسۇن؟ ئەجەبا، ئۇلارنىڭ ساق ئادەملەرگە ئوكۇل ئۇرۇشى ۋە مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزۈشى بىرەر مەقسەت ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشمۇ قانداق؟ ئۇنداق بولمسا، نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ ئۆتكەندە مەن سوراق قىلىنغان ۋاقتىمدا، سوراقچى باشلىقى ماڭا كاللاڭدىكى ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىمىز، ئىدىيەڭنى داۋالايمىز، باشقىچە ئادەم قىلىپ چىقىمىز دەۋاتاتتى. ئەمما دورا بىلەن قانداق قىلىپ ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتكىلى بولسۇن؟ سەييارە ئوقۇغان دورىگەرلىك كەسپى بويىچە چۈشەنگەندىمۇ بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەييارە ئۆزىنىڭ ئاڭلىغانلىرى بويىچە باشقا تەرەپتىن خىيال قىلىپ باقتى: ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگىنى شۇكى، مەلۇم زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جەۋھىرىنى قوشۇش ئارقىلىق دورىنى زەھەرلىك قىلىپ ياسىغىلى بولاتتى. ئەمما بۇنىڭدا ئادەم ئۆلەتتى، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ئوچۇق-ئاشكارا قوللىنالمايتتى. يەنە بىرسى بولسا، مەلۇم بىر خىل خىمىيەلىك ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ناركوز قىلىدىغان دورىلارنىمۇ ياسىغىلى بولاتتى. ئەمما بۇنىڭدا ناركوز قىلىنغانلار بىر نەچچە سائەت ياكى بىر نەچچە كۈندە يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى. يەنە بىر مۇمكىنچىلىك بولسا، بەزى دورىلارغا خىمىيەلىك ماددىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەلۇم ئىچكى ئەزالىرىنى ئىشلىمەس قىلىپ قويىدىغان، قان

كېلىشىنى توسۇپ قويىدىغان قىلغىلىمۇ بولاتتى. شۇنداقلا قان كېلىشىنى توسۇپ قويۇش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھەيزىنىڭ كېلىشىنى يوقىتىۋەتكىلى بولاتتى-دە، ئاياللار تۇغماس قىلىنىپ قويۇلۇشى مۇمكىن ئىدى.

- ھە، دېدى ئاخىرىدا ئۇ ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ،-بۇ دورىلار چوقۇم ئاياللارنىڭ ھەيز كېلىشىنى توختىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار تۇغماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئاھ خۇدا! بۇ نېمە دېگەن دەھشەت؟ بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك؟ ناۋادا مەندەك تېخى توي قىلمىغان ياش قىزلار تۇغماس قىلىنىپ قويۇلسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇلار بىر ئۆمۈر داغدا قالمامدۇ؟ ئارماندا قالمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھاياتى نابۇت بولمامدۇ؟ بىر قىزنىڭ توي قىلمايلا تۇغماس قىلىۋېتىلىشى ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەن شۇنداق بولۇپ قالسام، بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ » دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىۋالدى-دە، كېچىچە ئۇيقۇسىز دېگۈدەك تاڭنى ئاتقۇزدى.

كامېرنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن كىرىۋاتقان قىزغۇچ كۈن نۇرىدىن تاڭ ئاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. سائەت 8 بولغان چېغى، گۇندىپايلار ئىشىكنىڭ تۆشۈكىنى جاراڭشىتىپ ئېچىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىلىق تارقىتىشقا باشلىدى. كامېردىكى تۇتقان ئاياللار ئىشىك ئالدىدا ئۆچرەتتە تىزىلىپ، ئەتىگەنلىكى ناشتىلىق ئۈچۈن بېرىلگەن سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنانىنى ئېلىشىپ، ئاندىن جايلىرىغا قايتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا يېيىشكە باشلىدى. سەييارە ئورنىدىن تۇرۇلمىغان ئىدى، بۇنى كۆرگەن گۇندىپاي كامېر باشلىقىغا سەييارەنىڭ تامىقىنى ئۇسۇپ بېرىپ، ئاپىرىپ بېرىشنى

بۇيرۇدى. ياشانغان كامىر باشلىقى ئايال گۇرۇچ شورپىسى ۋە بىر تال هورناننى سەييارىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: قىزىم، بۇنى ئىچىۋىلىڭ، بولمىسا ئەسلىڭىزگە كېلەلمەيسىز، ئىنسان هايات تۇرۇش ئۈچۈن تاماق يېيىش كېرەك. -دەپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەييارە گۇرۇچ شورپىسىنى ئاستا-ئاستا بىر قوشۇقتىن ئىچىپ، هورناننى بىر چىشلەمدىن-بىر چىشلەمدىن يەپ تۈگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر ئاز قىزىللىق ئولىشىپ، تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئەمدىلا تېخى يىگىرمە ياشتىن ئاشقان بىر قىز ئاه ئۇرغىنىچە، يېنىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالغا مۇنداق دەپ بېرىۋاتاتتى: هەدە! ماڭا ئۆتكەندە ئۇرۇلغان ئوكۇل ۋە ئىچكۈزۈلگەن دورىدىن كېيىن بۇ ئايدا ئادىتىم كەلمىدى. ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟ مەن تېخى تويى قىلمىغان قىز تۇرسام، مۇشۇنداق ئادىتىم توختاپلا قالسا تۇغماس بولۇپ قالارمەنمۇ؟ يانىدىكى ئايال ئۇ قىزغا جاۋاب بېرىپ: ئەگەر نورمالدىكى ئادىتىڭىز كەلمىسە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ سىڭلىم، سىز تۇغماس بولۇپ قالىسىز، بۇ نېمە دېگەن ۋەھشىيلىك-ھە؟ خۇدايىم ساقلىسۇن بۇ ۋەھشىي هايۋانلارنىڭ قىلغانلىرىدىن! ئەي، ئاللاھ! بۇ قىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! -دەپ، ئىچىدە دۇئا ئوقۇغاندەك بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ تۇراتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەييارەنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە: مەن ھەرگىزمۇ ئۇ نامەلۇم ئوكۇلنى ئۇرغۇزمايمەن ۋە دورىنى ئىچمەيمەن! -دەپ قەسەم قىلدى.

يەنە بىر كۈن ئۆرۈلۈپ، دۈشەنبە كۈنى يېتىپ كەلگەن ئىدى. تۇتقۇن ئاياللار بولۇپمۇ ياش قىزلار ئۇرۇلىدىغان نامەلۇم ئوكۇل ۋە مەجبۇرىي ئىچكۈزۈلىدىغان نامەلۇم دورا كۈملىچىدىن غەمگە چۈشۈپ، چوڭ ياشلىق ئاياللارغا

دەردىنى ئېيتىشىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. چوڭ ياشلىق ئاياللار ياش قىزلارغا تەسەللى بېرىپ: غەم قىلماڭلار سىڭىللىرىم! بىزگە ئامال يوق، ئۇ دورىنى ئىچمىسەك ئېغىر جازالىنىمىز، ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! بىز ئاللادىن ئۇنداق بولۇپ قالماسلىقنى تىلەيلى! ــ دەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا جاراڭ ــ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تۆمۈر ئىشىكنىڭ تۆشۈكى ئېچىلىپ، ئاق خالات كىيگەن گۇندىپاينىڭ ئىككى قولى كۆرۈندى. كامېر باشلىقى ئايالنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن باشقا تۇتقۇن ئاياللار ئۆچرەتكە تىزىلىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئارقىدا تېخىچە ئۆچرەتكە كەلمەي تۇرغان سەييارەنىڭ يېنىغا كامېر باشلىقى كېلىپ، قۇلىقىغا ئاستا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ، ئۇنى يېتىلىگەنچە ئۆچرەتكە كېلىپ تىزىلدى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ، دورا كۇمىلاچىنى ئىچىپ بولۇشتى. كامېر باشلىقى ئايالنىڭ نۆۋىتى تۈگىگەندىن كېيىن، نۆۋەت سەييارەگە كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ نۆۋەت ھېچقانداق قارشىلىق قىلماستىن ئوكۇلنى ئۇرغۇزۇپ، دورىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ــ دە، ئۇنى چاينىغان كىشى بولۇپ بوغۇزىدا تۇرغۇزۇۋېلىپ، يۇتۇپ كەتمەستىن، ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا سەييارەنىڭ گېلى قىچىشقاندەك بولۇپ يۆتىلىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ دورىمۇ سىلكىنىپ، ئۆزىچە زۇۋانغا كېلىپ:

ــ ھەي خانقىز! نېمىشقا يۆتىلىسىز؟ مەن بوغۇزىڭىزدا بىر ئوبدان دەم ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئەگەر بۇ يۆتەل بىلەن ئىچىڭىزگە ئۆتۈپ كېتىپ قالغان بولسام جېنىمغا جاق تويغان بولاتتىم. سىز مېنىڭ قورققىنىمنى بىلىۋالدىڭىزمۇ قانداق؟ ــ بوغۇزىڭىزدا مېنى ساقلاپ قالدىڭىز، مەن سىزگە نېمە

دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن! سەييارە دورىنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا مۇنداق ئەندىشىدە قالدىڭىز؟

— ۋاي خانقىز! بىلمەيدىكەنسىز-دە، مېنىڭ قورقىدىغىنىم سىلەر ئىنسانلارنىڭ ئاشقازىنىڭلار. ناۋادا سىلەر مېنى ئىچكەندىن كېيىن دەرھال يۇتۇۋەتسەڭلار مەن ئاشقازىنىڭلارغا كىرگەندىن كېيىن بەكمۇ قىينىلىپ كېتىمەن. ئادەملەرنىڭ ئاشقازىنىنىڭ تىرىپسى بەكمۇ يامان بولىدىكەن، ئۇ مېنى توختىماي قوچۇپ، ئىلىشتۇرۇپ، ئىچىدە ئايلاندۇرۇۋەرگەندىن كېيىن مەن ئېزىلىپ، كۆل-تالقان بولۇپ كېتىدىكەنمەن. يەنە نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئاشقازىنىڭلاردا باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، سىلەر ھاجەتخانا دەيدىغان يەردە غۇرتۇلدىتىپ چىقىرىلىپ تاشلىنىۋېتىلىدىكەنمەن، كېيىنكى يىغىۋېلىش، توپلاش مەركىزىدىكى ھالىمنى سىزگە دەپ ئېيتىپ بولالمايمەن. سەييارە دورىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بىر ئاز تەسەللى بەردى. ئاندىن كۆڭلىدە ئويلاۋاتقان بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھەي، دورا ئېيتىڭچۇ؟ سىز قانداق ھېس قىلدىڭىز؟ سىزگە بىر قانداق غەيرىي ماددىلار قوشۇلدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق! بۇ سوئالىڭىز جايىدا بولدى.— دەپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى دورا،—سىز دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىدىغان ئوخشايسىز؟ سەييارە دورىغا:

— ھە، مەن خېلى چۈشىنىمەن سىلەرنى! مەن دورا ياساش كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن دەپ جاۋاب بەردى. دورا يەنە زۇۋانغا كېلىپ:

— ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز مېنى يۇتۇۋەتمەي بوغۇزىڭىزدا ساقلاپ قېلىپتىكەنسىز — دە! سىزگە كۆپ رەھمەت ھەدە! مەن سىزگە ئەمدى ماڭا قانداق ماددىلارنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي: مېنىڭ نورمال دورىلىق خۇسۇسىيىتىم يوقىتىۋېتىلگەن، مەن ئىنسانلارغا پايدا قىلمايمەن. لېكىن ماڭا قان چىقىشنى توختىتىدىغان بىر خىل ماددا ئارىلاشتۇرۇلغان، باشقا يەرلىرىم بولسا بىر خىل ئاپئاق قېتىشمىدىن ياسالغان، مېنىڭ ئىنسانغا ھېچقانداق پايدىلىق قىممىتىم يوق، مەن پەقەت ئاياللاردىكى قان چىقىرىدىغان بىر ئەزانىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ قويىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال پەرزەنت كۆرەلمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا مېنى مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە قىلىپ ياسىغان ئىنسانلاردىن نەپرەتلىنىمەن. جېنىم ھەدە! مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! سىز ھەرگىز مېنى يۇتۇپ ئاشقازىنىڭىزغا كىرگۈزىۋەتمەڭ! بولمىسا ماڭىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ ئۇۋال قىلغان بولىسىز! سەييارە دورىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قايتا — قايتا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى يۇتۇپ كەتمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىپ، خاتىرجەم قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەييارە بىلەن دورا ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق شەكىللەندى. ئۇلار دائىم ئۆز ئارا گەپلىشىپ تۇراتتى. دورا سەييارەنىڭ ئاغزىدىن: تۆھمەت بىلەن تۇتۇلغان گۇناھسىز بىر قىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلى دورىگەرلىك كەسپىدە ئوقۇپ، مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا بولسا، دورىمۇ سەييارەگە تەسەللى بېرىپ: ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا زىيان سالمايدىغانلىقىنى، ئاغزىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دېيىشكەندەك سەييارە دورىنى ھېچ بوغۇزىدىن ئۆتكۈزىۋەتمىدى. دورىمۇ ئۇنىڭ بوغۇزىغا چىڭ چاپلىشىپ

تـۇرۇپ بـەردى. سـەييارە كۈندۈزلـەرى دورىنـى بوغۇزىـدا سـاقلاپ، كېچىلــەرى مەخپىــي ھالــدا ئاغزىدىــن چىقىرىــپ، يوشــۇرۇن ســاقلايتتى. دورا بولســا، بۇنىــڭ زالىــم گۇندىپايــلار تەرىپىدىــن ســېزىلىپ قېلىــپ، ســەييارەنىڭ بالاغــا قېلىشــىدىن ئەنســىرەپ، بـەزى كۈنلـەرى تۇيۇقسـىزلا سـەييارەگە پىچىـرلاپ: خەيـر خـوش، ھــەدە! ســىزنى ئاللاغــا تاپشــۇردۇم دېگەنچــە ھورغــا ئايلىنىــپ ھاۋاغــا ئۇچــۇپ كېتەتتــى.

# پاختا ۋە ئادەم

كۈز مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقلاردا ئۆستۈرۈلگەن كېۋەزلەر بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ تەپتىدە غوزەكلىرىنى يېرىپ چىقىپ، خۇددى ئەمدىلا تۇخۇمنى يېرىپ چىققان سانسىزلىغان ئاققۇ چۈجىلىرىدەك تەبىئەتكە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەتراپنى ئاق گۈلزارلىققا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. ئاللانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۇ ئاق ئالتۇنى شۇ قەدەر يۇمشاق ۋە زىچ تالالىق بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى سوغۇق-جۇتتىن مۇداپىئە قىلىشتا تەڭداشسىز بىر ماددا ئىدى. ئىنسانلار بۇ ئاق ئالتۇندىن پايدىلىنىپ، بەدەنلىرىنى ئىسسىق تۇتۇش، ئاخشاملىرى ياتقاندا يېپىنچا قىلىش، شەرمى-ھايادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر خىل كىيىم-كېچەك ۋە يوتقان-كۆرپىلەرنى تىكىپ، پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ماھىر ئۇستىلار ئۇنىڭغا ھەر خىل گۈل-كەشتىلىرىنى تىكەتتى. ھەر خىل رەڭدە كەشتىلەنگەن ۋە گۈل بېسىلغان رەختلەر بولسا قىز-جۇۋانلارنى خۇددى ھۆر-پەرىلەرگە ئوخشىتىپ قوياتتى. بۇ ئاق ئالتۇن شۇ قەدەر ماددىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەنىۋى قىممەتكىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئاقلىقى پاكلىققا سىمۋول ئىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا پاكلىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، مەينەتچىلىك ۋە رەزىللىكنى خالىمايتتى.

شۇ كۈنلەردە پاختىنىڭ گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىگە داغ تەگكۈزۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئېلىپ-سېتىلىدىغان بىر تاۋارغا ئايلاندۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقىلارنى ھەقسىزلىككە ئۇچرىتىدىغان بىر ۋاستىگە ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. پاختىغا نېمە ئامال دەيسىز؟ ئۇ بىر جانسىز جىسىم بولغاچقا، جانلىقلار تەرىپىدىن خالىغان ئىشلارغا، خالىغان مەقسەتتە ئىشلىتىلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ بۇنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسا، بەلكى ئۆزىدىن قالايمىقان پايدىلانغۇچىلارغا، ئۇنىڭ پاكلىق خۇسۇسىيىتىنى بۇلغىغانلارغا نەپرەت ئوقۇغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە!

بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇ كەڭ كەتكەن مەيداندىكى پاختىزارلىقلار قايناپ كەتكەن ئىدى. نۇرغۇن ئاياللار، مەلۇم نىسبەتتە ئەرلەر ۋە بىر قىسىم تېخى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈت تەمى پۇراپ تۇرىدىغان بالىلار سېرىق رەڭلىك خالتىلارنى كۆتىرىشىپ، پاختىلارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار پاختىنىڭ يۇمران تەنلىرىنى قاتتىق قوللىرى بىلەن بېسىپ تۇتۇپ، مىجىقلاپ دېگۈدەك يۇلۇپ ئېلىپ خالتىلىرىغا سېلىشماقتا ئىدى. بۇنىڭغا چىدىماي زارلانغان پاختىغا ئاللانىڭ رەھمى كېلىپ، زۇۋان ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پاختا ئۆزىنى مۇجۇپ مۇجۇپ خالتىغا سېلىشقا باشلىغان ئايالدىن سورىدى:

– ھەي، سىز كىم بولىسىز ؟

– ھە، مېنى دەۋاتامسىز؟ مەن تۇرنىساخان. دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئايال

– سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ ئەجەب سىزنىڭ گەپ-سۆزىڭىز ئالدىنقى قېتىم شەرقىي دىياردىن كېلىپ، مېنى تەرگەن ئاياللارغا ئوخشىمايدىكىنا؟

– ھە، مۇنداق دەڭ! بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مەن ئۇنى سىزگە دەپ بېرەي! –دەپ سۆزىنى باشلىدى تۇرنىساخان.– مەن بۇ غەربى دىيارنىڭ خوتەن دېگەن يېرىدىن كەلدىم. مىللىتىم ئۇيغۇر، شۇڭا گەپ–سۆزۈمۇ باشقىچە، سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

– ھە، ئىلگىرى مېنى ۋاڭ، چاڭ، جاڭ دېگەندەك ئىسمى بار، ۋارقىرىغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان كىشىلەر كېلىپ يىغاتتى. بۇ قېتىم ئۇلار كەلمەي سىلەر كېلىپسىلەرغۇ؟

– ھە، سىز بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىمىزنى بىلمەكچىمۇ؟ ئاڭلاشنى خالىسىڭىز ئۇنىمۇ دەپ بېرەي! قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ ئەمىسە؟

– بىز ئەسلى خوتەن دېگەن دىيارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزىلاردا ياشايدىغان دېھقانلار ئىدۇق، بىزنىڭمۇ ئاز بولسىمۇ ئېتىزىمىز بار ئىدى! سىزنى بىزمۇ ئۆستۈرۈپ پەرۋىش قىلىپ، مۇشۇنداق ئېچىلغان ۋاقتىڭىزدا يىغىۋېلىپ پايدىلىناتتۇق. ئەمما، بىزنى بۇ يەرگە كەنت سېكرېتارى، يېزا، ناھىيە باشلىقى دېگەندەك ئەمەلدارلارنىڭ سىزنىڭ بۇ يەردىكى خوجايىنىڭىز بىلەن تۈزگەن توختاملىرىغا ئاساسەن بىزنى مەجبۇرىي تىزىمغا ئېلىپ: «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئاز بولۇپ قالدى، بىكار بولۇپ قالدىڭلار، باشقا يەرگە بېرىپ ئىشلىشىڭلار كېرەك! »–دەپ، مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىشتى.

– ئۇنداقتا سىلەر قۇلمۇ؟

– ياق، بىز قۇل ئەمەس، ئەمما بىزنى باشقىلار يەنى سىزنى بۇ يەردە تېرىپ ئۆستۈرۈۋاتقان خوجايىنىڭىزنىڭ مىللىتى باشقۇرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەجبۇرىي بويسۇنۇشىمىز كېرەك! بۇ قېتىم بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزمۇ

شىۋىلارنىڭ بىزنىڭ يەرلىك باشلىقلىرىمىز بىلەن قىلغان توختامىغا ئاساسەن بولغان.

— ھە، مۇنداق دەڭ! ئۇنداقتا سىلەر بىكارغا ئىشلەمسىلەر؟

— ياق، بىكارغا ئىشلىمەيمىز! بىر كىلو پاختا تەرسەك بىر سوم ئىش ھەققى ئالىمىز!

— ھە، شۇڭا سىلەر ئىتتىك-ئىتتىك تېرىمىز دەپ، بىزنى مىجىقلاپ تۈتۈپ، جىسمىمىزنى ئاغرىتىۋېتىپسىلەركەندە؟

— خاپا بولماڭ! — دېدى تۇرنىساخان پاختىغا ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى. — بىز ئەسلىدە ئۆزىمىزنىڭ پاختىلىرىنى تەرگەن ۋاقتىمىزدا سىزنى ئاۋايلاپ ئاستا تۈتۈپ تېرەتتۇق، خالتىلارغىمۇ ئاۋايلاپ سېلىپ ئۆز ئېھتىياجىمىزغا ئىشلىتەتتۇق، ئۇلاردەك سىزنى تاۋار ئورنىدا سېتىپمۇ يۈرمەيتتۇق! كېيىنچە بىزنىڭ ئۇ يەردىكى يېزا ۋە كەنت كادىرى دېگەنلەر بىزنىمۇ سىزنى تاۋار ئورنىدا سېتىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، بىز سىزنى تېرىشتىن بۇرۇن ئازوتلۇق ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق، سورتلۇق ئورۇق، دېگەندەك نەرسىلەرنى بىزگە مەجبۇر تېڭىپ ساتاتتى. بىز دېھقانلار ئاشۇ قەرز قىلىنغان پۇللارنى تۆلەش ئۈچۈن سىزنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدۇق. ئەمما، بىزنىڭ يەرلىرىمىز جىق بولمىغاچقا، ھازىرقى كۈنلەردە بىزنى: «بىكار بولۇپ قالدىڭلار» دەپ، مەجبۇريي بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ! بۇ يەرگە مەجبۇريي كېلىپسىلەردە؟ سىلەر ئۇلارغا: «ياق، بىز بارمايمىز! ئىش ھەققى بەك ئاز ئىكەن» دېيەلمىدىڭلارمۇ؟

— ياق، بىز ئۇنداق دېيەلمەيمىز! ئەگەر بىز ئۇنداق دېسەك جازالاشقا ئۇچرايمىز!

— شۇنداقمۇ؟ قانداق جازالار بېرىلىدۇ سىلەرگە؟

– ئۇنى بىلگۈڭىز بولسا، ئۇنىمۇ دەپ بېرەي! –دېدى تۇرنىساخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا سۆزنى داۋام قىلىپ،– ئۇلارنىڭ بىزگە بېرىدىغان جازالىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، ئاددىيراق جازالانساق يەرلىرىمىزنى تارتىۋالىدۇ ۋە پۇل جازاسى قويىدۇ. ئەگەر قويۇلغان جازانى تۆلىيەلمىسەك بېقىۋاتقان قوي–كالىمىزنىمۇ تارتىۋالىدۇ. ئېغىرراقىنى دېسەم ئۇلار بىزنى ئۇرۇپ–تىللايدۇ، ھەتتا: «ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلدى» دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، تۈرمىلەرگە سولايدۇ.

– ۋاي مۇنداق دەڭ، بۇ نېمە دېگەن رەزىللىك! – دېدى پاختا بۇ ئىشلارغا ھەيران قېلىپ، ئەمما ئالدىنقى قېتىم كەلگەنلەر بىزگە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئىچكىرىدىن كەلدۇق.–دېگەن ئىدى. بىز شۇنچە يىراق يەردىن نېمىشقا كەلدىڭلار؟ –دەپ سورىساق، ئۇلار بىزگە: بۇ ئىشنىڭ كىرىمى ياخشى، بىر كىلو پاختا تەرسەك ئۈچ–تۆت سوم كىرىم قىلىمىز.–دېگەن ئىدى. ئەمما، سىلەرگە بىر كىلو پاختا ئۈچۈن بىر سوم بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۈچ مىسلى ئاز بېرىپتۇ دېگەن گەپقۇ؟ – بۇ بىر تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ؟

– ئۇغۇ شۇنداق، ناھەقچىلىك! – دېدى تۇرنىساخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا پاختىغا جاۋاب بېرىپ،–ئەمما، بىزنىڭ ئامالىمىز يوق، بۇلار بىلەن توختامنى بىزنىڭ كەنت سېكرېتارلىرى تۈزگەن ئىكەن. لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىدىن پايدا ئالامدۇ؟ ئۇنى مەن بىلمەيمەن! بىزنىڭ ئۇنى سوراش ھوقۇقىمىز يوق، كەنت سېكرېتارى نېمە دېسە بىز شۇنى قىلمىساق بولمايدۇ؟

– ھە، مۇنداق دەڭ؟ نېمىشقا ئۇلارنى خۇشال، سىلەرنى چۈشكۈن كۆرۈنىدىكەن؟ –دېسەم، ئەسلى سەۋەبى مۇنداق

ئىكەندە!ــ دېــدى پاختــا ئــۇھ تارتــىپ قويــۇپ،

تۇرنىســاخان پاختــا بىلــەن گەپلەشــكەچ قولىنىمــۇ ئىشــتىن توختاتمىغــان ئىــدى. كــۆڭلى نــۇرى تىكىلىشــىپ، ئەتراپنــى ناھايىتىمۇ قىزىتىشۋەتكــەن ئىــدى. تۇرنىســاخان بېشــىغا ئــاق بىــر ياغلىقنــى ئارتىۋالــدى-ـ دە، قولىنــى تېخىمــۇ ئىتتىكلىتــىپ، بىردەمدىــلا يوغــان خالتىدىــن بىرنــى توشــقۇزۇپ بولــدى. ئــۇ ئۇسســاپ ۋە قورســىقى ئېچىــپ، ھېرىپ-ـ چارچــاپ كەتكــەن ئىــدى. خالتىنــى تەسلىكتە سۆرەپ چىقىپ، باشقا ئايالــلار ۋە كىشــىلەر يىغىلغــان يەرگــە كېلىــپ، ئۆچرەتكــە تىزىلــدى. كىشــىلەر ئېلىــپ كەلگــەن خالتىلىرىنــى كىۋەزلىــك خوجايىنلىرىغــا ئۆلچىتىــپ پۇلىنــى ئېلىشــىۋاتاتتى. تۇرنىســاخان بۈگــۈن نامــاز پېشــىن ۋاقتىغىچــە بولغــان ئارىلىقتــا تەرگــەن پاختــا قىرىــق كىلــو بولغــان ئىــدى. ئۇنىڭغــا نــۆۋەت كەلگــەن ۋاقىتتــا، ئۇمــۇ تەرگــەن پاختىســىنى ئۆتكــۈزۈپ قىرىق سومنى تاپشــۇرۇپ ئېلىپ، ئــۆزى ئېلىپ كەلگەن نــان ۋە خــام ســالات بىلــەن چۈشــلۈك تامىقىنــى يــەپ قورســىقىنى تويغــۇزدى. چۈشــلۈك تامــاق يېيىــش ئۈچــۈن ئىشــلەمچىلەرگە يېرىــم ســائەتتەكلا ۋاقىــت بېرىلگــەن ئىــدى. يېرىــم ســائەتلىك تامــاق ۋاقتــى تۈگــىگەندىــن كېيىــن ئىشــلەمچى ئايالــلار ۋە باشــقىلار كــەڭ بىــر مەيدانغــا يىغىۋېلىنىــپ، يۇقىــرى ئاۋازلىــق ياڭراتقۇدىــن قويۇلغــان مۇزىكىغــا ئەگىشــىپ، «كوممۇنىســتىك پارتىيــە بولمىســا يېڭــى جۇڭگــو بولمايتتــى» دېگــەن ناخشــىنى ئوقۇتۇشــتى. ئاندىــن يەنــە يېرىــم ســائەت دۆلــەت مارشــى ئوقۇتۇلــدى. دۆلــەت مارشــى ئوقــۇش ئاخىرلاشــقاندىن كېيىــن، يەنــە ئايالــلار ۋە بالــلار ھــەر قايسىســى ئــۆزى بۆلۈنگــەن ئېتىزلىقلارغــا كېلىشــىپ پاختــا تېرىشــنى باشــلىۋەتتى.

تۇرنىســاخاننىڭ قولــى تېگىشــى بىلــەن پاختــا يەنــە زۇۋانغــا كەلــدى:

– باياتىن ئۆلۈك ئوقۇغۇچىلار نىمە ئۇ؟ سىلەردىن ئىلگىرى پاختا تېرىشكە كەلگەنلەر بۇنداق ناخشىلارنى ئوقۇمىغان ئىدىغۇ؟ – دەپ سورىدى بۇ ئىشلاردىن ئەجەبلەنگەن پاختا.

– ئوقۇغۇچىمىزنىڭ بىرسى پارتىيەنى كۆيلەيدىغان ناخشا، يەنە بىرسى بولسا دۆلەت مارشى.–دەپ جاۋاب بەردى تۇرنىساخان پاختىغا ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى،–بىز بۇ ناخشىلارنىڭ ئوقۇش ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، ئۇلار بىزدىن «ئىدىيەسى چاتاق» دەپ گۇمانلىنىپ، «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگە ئەۋەتىۋېتىدۇ.

– ھە، مۇنداق دەڭ! ئۇ «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن قانداق جاي؟

– «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگىنىمىز،–دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى تۇرنىساخان،–ھۆكۈمەت «ئىدىيەسى چاتاق» دەپ، گۇمان قىلىنغان ئادەملەرنى مەجبۇرىي تۇتۇپ يىغىۋېلىپ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىدىغان تۈرمىگە ئوخشاش بىر جاي! ھازىر ئۇ جايلاردا بىز ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە مىليون ئادەم مەجبۇرىي تەربىيەلىنىپ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.

– ھە، مۇنداق دەڭ! ئۇ يەرگە قەتئىي بارمىساڭلار بولمامدۇ؟

– بىز ئۆزىمىز بولىدۇ، ياكى بولمايدۇ–دەپ جاۋاب بېرەلمەيمىز، ئۇلار كىمدىن گۇمانلىنىدىكەن، شۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، مەجبۇرىي سولاپ قويۇپ، يىللاپ قويۇپ بەرمەي، تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ.

– ھە، مۇنداق دەڭ! ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى

نېمىدۇ؟

— ئۇ يەردە تەربىيەلىنىپ چىققان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى تۇرنىساخان،— بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلى—ۋەسلىمىزنى ئۇنۇتقۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىكەن.

— سىلەر جۇڭخۇا مىللىتى ئەمەسمىدىڭلار؟

— ياق، بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئەمەس. بىز «ئۇيغۇر» دېيىلىدىغان ئايرىم بىر مىللەت ئىدۇق، بىزنىڭ تىلىمىز ۋە دىنىمىز باشقا ئىدى.

— سىلەر ئۇلارغا: ياق! بىز جۇڭخۇا مىللىتى بولمايمىز! ئۇيغۇر مىللىتى بويىچە قالىمىز دېيەلمىدىڭلار؟

— ياق، بولمايدۇ! ئۇنداق دېگەنلەر دەرھال جازالىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ.



تۇرنىساخان پاختا بىلەن پاراڭلاشقاچ، ۋاقتىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالغان ئىدى. ئۇ تاكى كۈن قىزىل بولغۇچە پاختا تېرىپ، يەنە بىر خالتىنى توشقۇزدى. ئۇ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىقتىن چىقىپ، يەنە كىشىلەر يىغىلغان جايغا بېرىپ ئۆچرەتتە تۇردى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەن چاغدا تاپشۇرۇۋالغۇچىلار ئۇنىڭ تەرگەن پاختىسىنى ئۆلچەپ، بۇ قېتىم قىرىق بەش كىلو كەلدى، مانا بۇ قىرىق بەش سومنى ئالغىن،—دەپ، ئۇنىڭغا قىرىق بەش سوم پۇل بېرىشتى. تۇرنىساخان پۇلنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلار قاتارىدا داق يەردىلا ئولتۇرۇپ، ئۇچ كۈن بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن قۇرۇق نان ۋە چاي بىلەن قورسىقىنى تويغۇزدى. شۇ ئارىدا بىر كىچىك بالىنىڭ: ۋايجان، ۋاييەي! مېنى ئۇرماڭلار! مەن ئەتە جىق پاختا

يىغىشقا تىرىشاي!–دەپ ۋارقىراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر نەچچە ياشانغان ئاياللار كېلىپ پاختا ئەگىسى خوجايىنغا يالۋۇرۇپ، ئاران تەسلىكتە ئۇ بالىنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كېۋەز ئەگىلىرى خوجايىنلار بارلىق پاختا تەرگۈچى ئايال ۋە بالىلارنى يىغىۋېلىپ، يۇقىرىدىن كەلگەن ئەمەلدارلاردەك بىر مۇنچە ھۆججەت ۋە قائىدە–تۈزۈملەرنى ئوقۇپ، ئىشلەمچىلەرگە چۈشەندۈردى ۋە تەھدىت قىلىپ: كىمدە كىم ياخشى ئىشلىمىسە، ئۇلارنى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىشلەمچىلەرگە دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئىشلەمچىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يوتقان–كۆرپىلىرىنى مەيداندىكى داق يەرگىلا سېلىشىپ، ئۇخلاشقا باشلىدى.

تاڭ ئاتقان ئىدى. ئىشلەمچىلەر بىردىن بىردىن ئويغىنىشىپ، يۈز–كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇشقاندىن كېيىن، قورۇق نان ۋە چاي بىلەن ناشتا قىلىشىۋېلىشتى. ئاندىن ئۇلار مەجبۇرىي مەيدانغا يىغىۋېلىنىپ، بىر سائەتتەك قىزىل ناخشا ۋە دۆلەت مارشىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېتىزلارغا تارقىلىپ يەنە پاختا تېرىشنى باشلىۋەتتى. تۇرنىساخاننىڭ قولى تەگكەندىن كېيىن پاختا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يەنە ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا باشلىدى:

– تۈنۈگۈن كەچتە نېمە بولدى؟ بىر كىچىك بالا ئەجەب بەك يىغلاپ كەتتىغۇ ؟

– ھە، بۇنىمۇ ئاڭلاپسىزدە!–دەپ، پاختىنغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى تۇرنىساخان،–بىر كىچىك بالا بار ئىدى. ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن، ئۇ بالا تۈنۈگۈن ئارانلا ئون ئالتە كىلو پاختا تېرىپتىكەن، شۇڭا خوجايىنلار ئۇنى «سەن ياخشى پاختا تەرمەپسەن» دەپ ئۇرۇپ، جازالىماقچى بولۇپتىكەنتۇق.

ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان بىر نەچچە ئايال ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان بىر نەچچە ئايال بىرىپ، خوجايىنلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدۇق.

– ھە، مۇنداق دەڭ، نارەسىدە باللارمۇ بارمۇ تېخى بۇ يەردە؟

– ھە، بار! ئۇلارنىڭ ئاتا–ئانىسى بولمىغاچقا كەنت سېكرېتارى ئۇلارنى مەجبۇرىي بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئىدى.

– ئۇلارنىڭ ئاتا–ئانىسى نەگە كەتكەن ئىدى؟ ئۆزلىرى كەلمىگەنمىدى؟

– ياق، ئۇلارنىڭ ئاتا–ئانىسى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىلگەن، ئۇلارغا مومىسى قاراۋاتقان ئىدى.

– ئۇ بالا تېخى مەكتەپ يېشىدىكى بالا ئىكەنغۇ؟ ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمامدۇ؟

– ئوقۇيتتى، بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئەمگەككە ئەۋەتىلگەچكە ئۇ مەكتەپكە بارالمىدى. ھەي ئىست، ھەي ئىست! ئۇنىڭ ئوقۇشىمۇ توختاپ قالىدىغان بولدى–دە !

–بۇ قانداق گەپ؟ – دەپ غەزەپ بىلەن تىترەشكە باشلىدى پاختا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش كېرەك!

– نەگە ئەرز قىلىمىز؟ –دېدى تۇرنىساخان پاختىنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ،

–يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ياكى كەنت سېكرېتارىغا، تونۇگۈن ماڭا سىز: بۇلارنى كەنت سېكرېتارى ئەۋەتكەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟

– يۇقىرىغا ئەرز قىلساققۇ بولۇشى مۇمكىن؟ –دېدى

تۇرنىساخان تېڭىرقاپ، ئەمما، كەنت سېكرېتارىغا ئېيتىشقا بولمايدۇ، ئۇمۇ ئەيىبنى بالىغا قويۇشى مۇمكىن! چۈنكى، ئۇ يۇقىرىدىكىلەرگە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

– ئۇنداق بولسا يۇقىرىغا ئەرز قىلىڭلار! –دېدى پاختا جىددىيلىشىپ،

– مېنىڭچە يۇقىرىغا ئەرز قىلساقمۇ بىكار.–دېدى تۇرنىساخان بىر نېمىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلىپ، مېنىڭچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتىمۇ مۇشۇلارنىڭ ئادەملىرى بار، ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دەرد–ھالىغا قۇلاق سالمايدۇ. تۇرنىساخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان پاختا يەنە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ كېتىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

– ئۇنداق بولسا بۇ بالىنى قايتۇرۇۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟

– بولمايدۇ! دېدى تۇرنىساخان خۇددى دېيىشىۋاتقان گەپلەرنى بىرسى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ئەندىشە قىلىپ، چۈنكى، بىرىنچىدىن بۇ بالا تېخى كىچىك، يۇرتىنى تېپىپ بارالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، يۇرتىنى تېپىپ ئۆيىگە بارغان تەقدىردىمۇ، سېكرېتارلار گۇناھنى بالىغا قويۇپ، يەنە ئۇنى تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىلىشى ياكى ئېغىر جازالىنىشى مۇمكىن!

ئۇنداقتا بۇ بالا بۈگۈنمۇ جىق تىرەلمىسە يەنە تاياق يەپ كېتەرمۇ؟ –دېدى پاختا بالىنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ،

– ئۇغۇ شۇ، مەنمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن! –دېدى تۇرنىساخان بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ،–ئۇنىڭ بىر چارىسىنى تاپساق بولاتتى!

— ئۇنداقتا سىز ياردەم قىلىڭ! بۇگۈنمۇ تاياق يەپ كەتمىسۇن يەنە؟

— مەنغۇ ياردەم قىلىشنى خالايمەن، ئەمما بۇ خوجايىنلار بىلىپ قالسا، يەنە خاپىلىق چىقىرارمىكىن؟ —دېدى تۇنساخان ئەندىشە ئىچىدە!

— سىز ئەندىشە قىلىسىڭىز، ئۇنداقتا مەن ياردەم قىلاي! —دېدى پاختا مەردانىلىك بىلەن،—قېنى ئۇ بالىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭ ئەمسە؟

پاختىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان تۇرنىساخان ئىشىنى قويۇپ قويۇپ، خوجايىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ بالا مەن بىلەن بىللە پاختا تەرسۇن! قانداق تېرىشنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قوياي، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىق پاختا تېرىشى مۇمكىن! —دەپ يېلىنىپ يۈرۈپ، بالىنى ئۆزى پاختا تېرىۋاتقان ئېتىزلىققا ئېلىپ كەلدى. بالىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن پاختا بالىغا بىر مۇنچە تەسەللى بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ پاختىنىڭ بۇ مەردانىلىكىگە قايىل بولغان بولسىمۇ، بۇ ياردەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. پاختا ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ: — قېنى قولىڭىزنى ئەكېلىڭ.—دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالا پاختىغا قولىنى ئۇزارتىپ بولغۇچە، پاختا ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇ بالىنىڭ قولىغا چۈشۈشكە باشلىدى. بالا قولىغا چۈشكەن پاختىنى خالتىغا سېلىپ ئۈلگۈرتەلمەي قېلىۋاتاتتى. هايت— هۇيت دېگۈچىلا بالىنىڭ خالتىسى لىق توشتى.

خالتىسىنىڭ توشقانلىقىنى كۆرگەن بالا بۇنى قانداق كۆتۈرەرمەن دەپ بولغۇچە يەنە پاختىدىن ئاۋاز كەلدى: — قېنى قاراپ تۇرماي ياپىرىم دەپ خالتىنى مېڭىزگە ئېلىڭ! بالا شۇندىلا ئەقلىگە كېلىپ، «ياپىرىم! »دەپ، خالتىغا قولىنى

تەگكۈزۈۋىدى. خالتا ئىككىدە قىلىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چاپلاشتى. خالتا ئىق تولغان بولسىمۇ، ئەمما بالىغا شۇنداق يېنىك بىلىنمەكتە ئىدى. بالا خالتىنى خوجايىنغا ئاپىرىپ ئۆلچىتىپ كۆرۈۋىدى، ساق ئاتمىش كىلو چىقتى. بالا ئاتمىش سومنى نەق تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇنداق بىر قاقاقلاپ كۈلىۋەتتىكى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چىققان سادا ئەتراپتىكى ئورمان ۋە تاغلارغا تارقىلىپ، يەنە ئۇنىڭدىن چىققان ئەكس سادا ئەرشئەلاغا قەدەر يېتىپ باردى. بۇ سادانىڭ نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىشكەن مالائىكىلەر پاختىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاللاتائالاغا خەۋەر قىلىشقان ئىدى. پاختا ئاللا تەرىپىدىن جەننەت بىلەن تەقدىرلەندى!

# چاچ ۋە باش

چاچ ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئېسىل نېمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئىنسانلار تۇغۇلغاندىلا چاچ ئۇنىڭ بەدىنىدە بىللە مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئادەمنىڭ چېچى ئۇنى گۈزەل كۆرسىتىش رولىنى ئويناپلا قالماي بەلكى يەنە ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۇڭلاپ قالماسلىقى ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن قوغداپ، ئادەمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ساغلاملىقى ۋە پسىخولوگىيەلىك روھىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئىنسانلار ھاياتىغا ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ قوشۇپ كەلگەن ئىدى.

چاچ ئاياللارغا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ۋە ئەتىۋارلىق نېمەت ئىدى. ئۇ قىز-جۇۋانلارنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئويناپ، ئۇلارغا بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇر قىز-جۇۋانلىرى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ ۋە ھەر خىل شەكىلدە ئۆرۈپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى. گۈزەل چېچى بار قىزلار ھۆر-پەرىلەرگە ئوخشىتىلاتتى. قىزلارنىڭ چاچلىرى ھەر خىل شەكىلدە ئۆرۈلگەندە ۋە ياكى سۇمبۇل چاچ قىلىپ قويۇپ بېرىلگەندە، قىزلارنى پەۋقۇلئاددە گۈزەللەشتۈرىدىغان ۋە يىگىتلەرنىڭ

سۆيگۈ-ئىشتىياقنى قوزغاتتى. ئۇيغۇر قىز-جۇۋانلىرىمۇ چاچقا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلار چاچلىرىنى بەزىدە ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، جۈپ قىلىپ ئۇرۇۋالسا، بەزىدە تال چىۋىقلىرىدەك توققۇز تال ۋە قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل قىياپەتكە كىرگۈزەتتى.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن بىر جۈپ قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن چاچنى سۇمبۇل چاچ دەپ ئاتىسا، توققۇز ياكى قىرىق تال ئۆرۈلگەن چاچلارنى تال چاچ دەپ ئاتىشاتتى. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چاچ شەكلىنىڭ بۇنداق ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى قىزلارنىڭ ياش تۇرقى ۋە شارائىتلارغا كۆرە بولاتتى. توققۇز ۋە قىرىق تال چاچلارنى كۆپىنچە ھاللاردا تېخى بويىغا يەتكۈزمىگەن قىزلار نورۇز ۋە توي-تۆكۈنلەردە ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنى تەبىئەت گۈزەللىكىگە سىما قىلىشاتتى. چاچلىرىنىڭ ۋاقىتسىز بىرەر سەۋەب بىلەن چۈشۈپ كېتىشى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي كېسىۋېتىلىشىنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. ئۇيغۇر قىزلىرى ئۈچۈن چاچ خۇددى ئىپپەت-نومۇسىدەك ئەزىز ۋە قىممەتلىك ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنى ھاياتى بەدىلىگە قۇربانلىق بېرىپ بولسىمۇ، قوغداش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

ئىلىنا ئەسلى ئەجدادى ئافرىقىلىق ئايال بولۇپ، ئۆزى بۇ گۈزەل دۆلەتتە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ ئەقىللىك ۋە تىرىشچان قىز بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ياخشى بىر خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن ئىدى. توي قىلىپ بىر نەچچە باللىق بولغاندىن كېيىن، توساتتىن بىر غەلىتە كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر نەچچە خىل كەيمە چاچ سېتىۋېلىپ بېشىغا كىيىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى گۈزەل قىياپىتىنى ساقلاپ يۈرگەن ئىدى. مانا ئۇنىڭ كەيمە چاچ كىيىپ يۈرگىنىگە بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كەيمە چاچلىرى بىر ئاز

كونىراپ قالغاچقا، يېقىندا ئۇ يېڭى بىر كەيمە چاچ سېتىۋالغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ قېتىم سېتىۋالغان چاچتىن بەكمۇ رازى ئىدى. بۇ چاچ شۇ قەدەر يۇمشاق ۋە يۇمران بولۇپ، بېشىغا يېپىشىپلا تۇراتتى ھەمدە خۇددى ئۆز چېچىدەك ئۇنىڭغا باشقىچە ھۆزۈر بېغىشلىماقتا ئىدى. ئۇ بۇ چاچتا خۇددى بىر سىر باردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ چاچنىڭ بەزىدە قانداقتۇر بىر خىل مۇڭلۇق تىۋىش ئاڭلىناتتى.

جۈمە ئاخشىمى ئىدى. ئېلىنا ھەپتە بويى ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىسى بولىدىغان بىر پائالىيەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان بولغاچقا، مۇنچىغا چۈشۈپ، يۇيۇنۇپ تارىنىپ، بالدۇرراق ئۇخلاپ ئارام ئېلىشنى ئويلىدى. ئۇ مۇنچىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەتە كىيىدىغان كىيىمنى كىيىپ سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ يۈز-كۆزىنى ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن بىر ئاز تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئېسىل كىيىملىرىدىن بىر قۇر تاللاپ كىيدى ۋە قانداق بولدىكىن؟ -دەپ ئەينەككە قارىدى. كىيىملەر ياراشقاندەك قىلاتتى. ئەمما بېشىدا چاچ بولمىغاچقا، ئېلىنانىڭ تولۇق گۈزەللىكى نامايان بولمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭى سېتىۋالغان كەيمە چاچنى ئېلىپ، بېشىغا كىيىپ ئەينەككە قارىدى. تۈم قارا ۋە پارقىراق بۇ چاچ ئۇ كىيگەن كىيىم بىلەن تازا ماسلاشقان بولۇپ، ئېلىنانى باشقىچە گۈزەل كۆرسىتىۋاتاتتى. ئېلىنا بۇ كەيمە چېچىغا ھەۋەسلىنىپ، بۇ ھەقىقي ئادەم چېچىمىدۇ؟ -دەپ ئويلىنىپ تۇرۇشىغا، بۇ چاچتىن ھېلىقى مۇڭلۇق ئاۋۇش يەنە ئاڭلاندى. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ چاچتىن چىققان تىۋىش ھازىر ئېلىنا چۈشىنىدىغان تىلدىكى سۆزگە ئۆزگەرگەن ئىدى: -سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىز توغرا، مەن ھەقىقي ئادەم چېچى! ئېلىنا كەيمە

چاچتىن چىققان بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكىلى تاس قالدى ۋە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ:

– نېمە دەيسىز؟ –دەپ سوئال قويدى.

– ئويلىغىنىڭىز توغرا، مەن ھەقىقىي ئادەم چېچى! كەيمە چاچتىن يەنە ئوخشاش ئاۋاز قايتا تەكرارلاندى.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ –ئۇنداقتا سىز قانداق بولۇپ بۇنداق كەيمە چاچقا ئۆزگىرىپ قالدىڭىز؟ –سورىدى ئېلىنا ئەجەبلىنىپ،

– ئېلىنا خانىم بۇنى دەپ كەلسەم ئۇزۇن ھېكايە، قۇلىقىڭىزغا ئىشەنمەيلا قالىسىز؟

– قېنى ئاڭلاپ باقاي، بەك غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟

– ئاڭلاڭ ئەمىسە.–دەپ، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ كەيمە چاچ بولۇپ قالغانلىق سىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى چاچ:

– مەن ئەسلى ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ چېچى ئىدىم. مەن كېسىۋېتىلىشتىن بۇرۇن ئۇزۇنلۇقىم بىر يېرىم مېتىر كېلەتتى. ھەلىمە مېنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ قويغان ئىدى. ھەلىمە تالا–تۈزلەرگە چىقسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ: ھەي! سۇمبۇل چاچلىق قىز، چېچىڭىز نېمانداق ئۇزۇن ۋە پارقىراق!–دەپ ماختىشىپ كۆزىنى ئۈزمەي قارىشىپ كېتەتتى. نۇرغۇن يىگىتلەر چېچى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قوشاقلار توقۇشقان ئىدى:

ھەلىمە قىز ئۆزى گۈزەل بىر پەرىدۇر !
چېچى ئۇزۇن ھەم پارقىراق سۇمبۇلدۇر!
ئوخشايدۇ ئۇ خۇددى بىر قىزىل گۈلگە،
نى–نى يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاشىقى بۇلبۇلدۇر!

– ئۇنداقتا بۇ گۈزەل قىزنىڭ سۇمبۇل چېچى نېمىشقا كېسىۋېتىلدى؟ –دېدى ئېلىنا ھەيران قېلىپ، كەستۈرمىگەن بولسا بولماسمىدى؟

– ھەلىمەنىڭ مەيلىچە بولسا، سۇمبۇل چېچىنى ئۇ بىر ئۆمۈر كەستۈرمەيتتى. ئەمما ئۇ تۇتقۇن بولۇپ قالغاچقا قارشى چىقالماي قالدى.

– ئۇ قانداق بولۇپ تۇتقۇن بولۇپ قالغان؟ –دېدى ئېلىنا كەيمە چاچنىڭ ئېيتىۋاتقان ھېكايىسىگە تېخىمۇ قىزىقىپ، چاچ ئېلىنانىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى: ھەلىمە ئەسلى –«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن دۆلەتنى بېسىۋېلىنغان «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتتىن بولغان بىر ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋالغان ھۆكۈمرانلار ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر خوتۇن–قىزلىرىنىڭ سۇمبۇل چېچىنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇيغۇر خوتۇن–قىزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن قىزلىرىغا ئوخشاش سۇمبۇل چېچى يوق، قىرقىما چاچ قىلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خوتۇن–قىزلىرىنى ئۆزلىرى يېڭىدىن قۇرۇۋالغان ۋە «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەۋالغان لاگېرلارغا مەجبۇرلاپ تۇتۇپ ئېلىپ كېتىشتى. ئاندىن بۇ لاگېرلاردا ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى مەجبۇرىي كېسىۋېتىشكەن ئىدى. مېنىڭ ئىگەم ھەلىمەنىڭ چېچىنىمۇ شۇ يەردە كېسىۋېتىشتى. ھەلىمە سۇمبۇل چېچىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇزۇنغىچە ھەسرەت چېكىپ كۆز يېشى قىلغان ئىدى.

– بۇ ئىشلار بەك يامان بولۇپتۇ!–دېدى ئېلىنا چاچقا ھېسداشلىق قىلىپ،–ھەلىمەگە بەكمۇ ئۇۋال قىلىنىپتۇ، لەنەت بولسۇن ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋەتكەنلەرگە! بۇ بىر ۋەھشىي قىلمىشتۇر، ئۇنىڭ ھەق–ھوقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقتۇر!

– شۇنداق! ئېلىنا خانىم، –دېدى چاچ تېخىمۇ ھەسرەتلىنىپ، ھەلىمە مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. نەچچە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ–تاراپ، جىگدە يېلىمى بىلەن مايلاپ بەكمۇ پارقىرىتىۋېتەتتى. مەن ئۇنى بەكمۇ سېغىندىم! ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ بەكمۇ خورلانغان ئىدىم.

– قانداق خورلاندىڭىز؟ –دېدى ئېلىنا چاچنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە قىزىقىپ.

چاچ ئەمدى ئېلىناغا كېسىۋېتىلگەندىن كېيىنكى تەقدىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى: ئۇلار مېنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن مەندەك كېسىۋېتىلگەن چاچلار بىلەن نەچچە ھەپتە بىر قاراڭغۇ ئامبارغا سولاپ قويدى. ئامبار لىق توشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى خالتىلارغا چىڭداپ قاچىلاپ، سۆرەپ ئېتىپ دېگۈدەك ماشىنىلارغا بېسىپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر يول يىراقلىقتىكى بىر جايغا ئاپىرىپ، خالتىلار بويىچە تارازىدا ئۆلچەپ، جاك–چاك–چۇك دەپ گەپ قىلىشقان، ۋاڭ دىرېكتور دېگەن بىرسىگە نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋېتىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۈنۈم تېخىمۇ قىيىنلاشتى. بىزنى سېتىۋالغان بۇ جاي ئەسلىدە چاچ ياسايدىغان زاۋۇت بولۇپ، يوغان–يوغان قازانلارغا سېلىپ قايناق سۇدا قاينىتىپ، نەچچە خىل دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ، جېنىمىزنى جاق تويغۇزدى. بىز چاچلار تۇزلۇق ۋە ئاچچىق دورىلارنىڭ دەردىدىن قاقشاپ، يىغلاشقان ئىدۇق. بىزنى قايناتقان ئىشچىلارمۇ ئاھۇ–زارىمىزغا چىدىماستىن، يىغلاپ كېتىشتى ۋە بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ئېيتىشىپ ئەپۇ سوراشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلار ئەسلى ھەلىمە بىلەن بىر قېرىنداش بولغان خەلقتىن بولۇپ، ئۇلار بۇ زاۋۇتقا مەجبۇرىي ئىشچىلىققا ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئىكەن. ئۇلار

خوجايىن نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر ئىكەن، ئۇنداق قىلمىسا، ئۇلارغا مائاش بېرىلمەيدىكەن ۋە جازالىنىدىكەن.

— ھەي، نېمە دەيسىز؟ —دېدى ئېلىنا چاچنىڭ ھېكايىسىگە ھەيران بولۇپ، —مۇشۇ زاماندىمۇ مەجبۇرىي ئىشلىتىلىدىغان قۇللار مەۋجۇتمىكەن؟ بۇ نېمە دېگەن زالىملىق؟ دۇنيادا قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغىلى نەچچە يۈز يىللار بولدىغۇ؟ ئۇلار نېمىشقا بۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ؟ نېمىشقا مەجبۇرىي ئىشلەشكە رازى بولىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، دەپ يەنە ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى بايان قىلىشقا باشلىدى چاچ،—ئۇلار ئەسلىدە ئۆز يۇرتلىرىدا يەر تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ باللىرى بولۇپ، «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى» دېگەن باھانە بىلەن مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، بۇ زاۋۇتقا ئىشچىلىققا ئېلىپ كېلىنىپتۇمىش. ئەگەر ئۇلار بۇ يەردە ئىشلەشنى خالىمىسا، «ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلدى» دېگەن سەۋەب بىلەن بىزنىڭ ئىگىمىز ھەلىمەدەك تۇتۇلۇپ، ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئەۋەتىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلار بۇ يەردە ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپتىمىش!

— ھە، مۇنداق دەڭ؟ —دېدى ئېلىنا چاچنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،—ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش دەردمەنلەر ئىكەنىدە!

— شۇنداق! —دېدى چاچ ئېلىنانىڭ گېپىنى تولۇقلاپ،— ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش دەردمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتى ھازىرقى زاۋۇتنىڭ خوجايىنى بولغان كىشىلەرنىڭ دۆلىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار خوجايىنلىرى نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر ئىكەن، خوجايىن بولغان مىللەتنىڭ كىشىلىرى بەكلا ئىنسابسىز بولۇپ، ئۇلارنى خالىسا تۇتۇپ سولايدىكەن، خالىسا مەجبۇرىي

ئىشلىتىدىكەن. ئاياللىرىنىڭ چاچلىرىنى، ئەرلىرىنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى كېسىۋېلىپ، زاۋۇتلاردا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇزاق يەرلەرگە ئېلىپ كېلىپ ساتىدىكەن.

- ھە، مۇنداق دەڭ! -ئەسلى سىزنىڭ ئىگىڭىز سىزگە ئىگە بولۇپ بولالمىغاچقا، سىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش باشقا خوجايىنلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ، تاۋار ئورنىدا سېتىلىپ، ماڭا تەۋە بولۇپ قېلىپتىكەنسىزدە!

- ھە، شۇنداق! ئېلىنا خانىم.-دېدى چاچ مەيۇس ھالدا،-بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىم، ئىگەم ھەلىمەنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىغان، خوجايىنلار ھەلىمەنى تۇتۇپ، لاگېرغا سولاپ ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى مەھرۇم قىلغاندىن كېيىن، مېنى كېسىۋېلىشقان ئىدى.

- ھە مۇنداق دەڭ! دېدى ئېلىنا چاچقا كۆيۈنگەندەك قىلىپ قاراپ،-مەن بۇ ئىشلارنى سىزدىن ئاڭلىمىغان بولسام، زادىلا بىلمەي قالاركەنمەن. سىزنى سېتىپ ئالغانلىقىمدىن رەنجىۋاتامسىز؟ خاپا بولۇۋاتامسىز؟ ئەگەر خاپا بولسىڭىز، مەن سىزنى قايتۇرۇپ بېرەي! بولامدۇ؟

- ياق، ياق-ياق! ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! مېنى ئۇلارغا قايتۇرۇۋەتمەڭ! ئەگەر قايتۇرۇۋەتسىڭىز ئۇلار مېنى يەنە قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەيمەن دەپ، قايناق سۇغا بېسىپ، قالايمىقان دورا چېچىپ، جېنىمنى قىينىشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سىز مېنى ئېلىپ قېلىڭ، مەن سىز بىلەن بىللە قېلىشنى خالايمەن!

- بولىدۇ، ئۇنداق بولسا دېدى ئېلىنا چاچنىڭ بۇ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، -مەن سىزنى ئېلىپ قالاي! ئىككىمىز دوست بولۇپ ئۆتەيلى!

- بولىدۇ، ئېلىنا خانىم! -دېدى چاچمۇ ئۇنىڭ

گېپىگە قوشۇلۇپ، مەن سىز بىلەن دوست بولۇپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا رازىمەن. سىزگە كۆپ رەھمەت! پەقەت بىرلا تەلىپىم بار! ئۇنىڭغا ماقۇل بولارسىزمۇ؟

– قېنى ئېيتسىڭ، قانداق تەلەپ ئۇ؟ –دېدى ئېلىنا چاچقا مۇلايىملارچە قاراپ،

– مېنىڭ تەلىيىم شۇكى دېدى چاچ،–كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىگەم ھەلىمە ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

– بولىدۇ دېدى ئېلىنا چاچقا ۋەدە بېرىپ، –مەن سىزنى چوقۇم ئەسلى ئىگىڭىز بولغان ھەلىمەگە قايتۇرۇپ بېرىمەن! بىز ئاللادىن ھەلىمەنىڭ تېزرەك ئەركىنلىككە چىقىپ، سىز بىلەن جەم بولۇشىنى تىلەيلى!

# مۇشۇكنىڭ مىياڭلىشىنىڭ مەنىسى

بۇ مۇشۇك ئىگىسىز قالغىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن بويان ئۇنىڭ مىياڭلىشىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىياڭلىشىدىن بىر خىل تەزىيە سىمفونىيەسىدەك مۇڭلۇق بىر سادا ئەكس ئېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مۇشۇكنىڭ مىياڭلىشىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئوخشىمىغان تەخمىنلەردە بولۇشتى: بەزىلەر بۇ مۇشۇك ئاچ قىلىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر جۆپسىز قېلىپ قىسىرلىشىپتۇ دەيتتى. بەزىلەر ئىگىلىرىنى سېغىنىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر قېرىلىق يېتىپتۇ دېيىشتى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ مىياڭلىشىدىكى غەلىتىلىكنىڭ سىرىنى بىلەلمىدى.

ئىلگىرى بۇ مۇشۇك ياشايدىغان ئائىلە قايىنام تاشقىنلىق چوڭ بىر ئائىلە ئىدى. ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولغان بارات بوۋاي بىلەن سارەم موماي ئىككى ئوغلى ۋە ئالتە نەۋرىسى بىلەن بىر چوڭ قورۇدا بىرلىكتە ياشايدىغان بولۇپ، بۇ قورۇ ئۆزۈم باراڭلىق، ھويلىغا تۇتاش باغ-ۋاران ۋە قوتان-ئېغىللارمۇ بولغان، ھەممە ئىشقا قولايلىق قىلىپ بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا ھايۋانلارمۇ بۇ ئائىلىنىڭ بەختىيار ئەزالىرى ئىدى. بولۇپمۇ مۇشۇك ئۇچۇن بۇ ئائىلىدە بەھۇزۇر ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ھېچقاچان قورسىقى ئاچ قالمايتتى.

ئـۇ ئىگىلـىرى بەرگــەن بەز-گۆشــلەردىن ئوزۇقلانغاندىــن باشــقا، ئــۆزى خالىغــان ۋاقىتتــا چاشــقان تۇتــۇپ يەيتتــى. ئـۇ بوۋاي-مومايـلار بەرگــەن گۆش-بەزلەرنــى بەكمــۇ ياخشــى كۆرەتتـى. گۆش-بەزلەرنىـڭ تەمـى چاشـقان گۆشـىگە قارىغانـدا مەززىلىـك بولـۇپ، ئـۇ هـەر قاچـان بوۋاي-مومايلارنىـڭ يېنىدىـن ئايرىلمايتتـى. كېيىنچـە بوۋاينىـڭ ئوغـۇل ۋە نەۋرىلىرىگىمـۇ ئامراق بولـۇپ قالـدى. بوۋاينىـڭ كىچىـك ئوغلـى سـەمەت قاسساپلىقنى ئۆگىنىــپ، ئــۆز ئالدىغـا قاسسـاپ دۇكىنـى ئاچقاندىــن كېيىــن، مۇشــۈككە تېخىمــۇ جىــق بەز-گــۆش پارچىلىرىنــى ئەكېلىــپ بېرىدىغــان بولــدى. شــۇنىڭدىن كېيىــن مۇشــۈك بوۋاينىــڭ كىچىـك ئوغلىغـا بەكمـۇ ئامـراق بولـۇپ كەتتـى. مۇشـۈك هەتتـا بوۋاينىــڭ قاسســاپ ئوغلىنىــڭ هىدىنــى پۇرىيالايدىغــان بولــۇپ، ئۇنىــڭ هىدىنــى پــۇراپ، ئىزىغـا چۈشـۈپ، قاسسـاپ دۇكىنىغىچـە بىللـە بارىدىغـان بولۇۋالغـان ئىـدى. ئـۇ ئۆيگـە كەلگەنـدە بولسـا، چاپلىشىپ-سۈركىشــىپ ئۇنىڭدىــن نېــرى كەتمەيتتــى. ئەگــەر ئــادەم بىلــەن هايۋانمــۇ دوســت-تۇغقان بولالايــدۇ دېيســە، بــۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسـىۋىتىنى بۇنـداق دوسـتلۇقنىڭ نەمۇنىلىرىدىــن دېيىشــكە بولاتتــى.

تەبىئەتنــى جۇت-شــىۋىرغان قاپلىســا ئــادەم تۈگــۈل، هايۋانلارمـۇ ئۇنىـڭ تەسىرىگە ئۇچـراپ، سـوغۇق-جۇتتا قالاتتـى. ئاچلىقتىــن قىينىلاتتــى. ئەمدىلىكتــە بولســا ئادەملــەر ئۆزلــىرى كەلتــۈرۈپ چىقارغــان تەتــۈر شــامال ۋە نامۇۋاپىــق تۈزۈمنىــڭ زىيانكەشـلىكىگە ئۇچـراپ، خانىۋەيـران بولۇپـلا قالمـاي، هەتتـا هايۋانلارمــۇ بــۇ نامۇۋاپىــق سىياســي مۇهىتنىــڭ تەســىرىگە ئۇچـراپ، باققۇچىسىـز قېلىـپ، قىيىـن كۈنلەرگـە قالماقتـا ئىـدى

. بــارات بــوۋاي بىلــەن ســارىخان مومايىنىــڭ بــۇ خۇشــاللىققا تولغــان ئائىلىســىگە خــۇددى كــۆز تەگكەنــدەكلا ئىــش بولۇۋاتاتتى. بـۇ چـوڭ ئائىلىمـۇ باشـقىلار قاتارىـدا سىياسـىي بـوران چاپقۇنىنىـڭ

زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولدى. چوڭ ئوغلى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىسىدىن «ھىجرەت قىلمىز» دېگەن سەۋەب بىلەن چەتئەلگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئەرەب مەملىكىتىدە جاھات ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شېھىت بولۇپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلگەن ئىدى. ئارقىدىنلا بوۋاينىڭ قاسساپ ئوغلى سەمەت: «جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغان» دېگەن سەۋەب بىلەن ئەر-ئايال ئىككىسى بىراقلا تۇتۇلۇپ، ئاتالمىش «كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە، نەۋرىلىرىنى بولسا، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «پەرىشتىلەر باغچىسى» غا ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سارىخان ئانىنىڭ يۈرىكى پەرزەنت دەردىگە بەرداشلىق بېرەلمەي باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى. بارات بوۋايمۇ يالغۇزلۇق ئىچىدە بىر نەچچە ئاي قىينىلىپ، ئاخىرى ئۇمۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن ھەسرەت ئىچىدە خوشلاشتى.

بوۋاينىڭ ئوغلى سەمەت قاسساپنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى» دەپ تۇتۇلۇشىمۇ ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ، ئۇ بىر تۆھمەت ئىدى. ئۇنىڭ تۇتۇلۇش جەريانى مۇنداق غەلىتە بولغان ئىدى: خەلقتىن قورقىدىغان خىتاي ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىغا قارىتا بېسىمنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل نامۇۋاپىق تۈزۈملەرنى چىقىرىپ يولغا قويغان ئىدى. بازار باشقۇرغۇچىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن بارلىق قاسساپلارنىڭ پىچاقلىرىغا كودلۇق نومۇر قويغاندىن باشقا، پىچاقلارنى زەنجىرلەپ تامغا بىر تال تۆمۈر ھالقا بېكىتىپ ئۇنىڭغا چېتىپ قويۇشقان ئىدى. زەنجىرلەنگەن پىچاقنى ئىشلىتىش ناھايىتى ئەپسىز بولۇپ، بەزىدە ئېگىز كانارغا يەتمەي قالاتتى-دە، زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى سەمەت قاسساپ گۆش كېسىش ئۈچۈن

زەنجىرنى بىر ئاز كۈچەپ تارتىۋىدى، زەنجىر ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىشنى بازار باشقۇرغۇچىلىرىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما دۇكاننى خىرىدار بېسىپ كەتكەچكە، ئۇ بۇ ئىشنى كېيىنگە قويۇپ، ئەتىگەن ئۆيدىن چاقلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان باشقا بىر كودلۇق پىچاقنى ئىشلىتىپ، گۆشنى پارچىلاپ سېتىۋەردى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان بازار باشقۇرغۇچىلار بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلىشتى. هايت-هۇيت دېگۈچە بىر ساقچى ماشىنىسىدا بىر نەچچە ساقچى يېتىپ كېلىپ، « جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان» دېگەن سەۋەب بىلەن سەمەت قاسساپنى تۇتۇپ كېتىشتى. ساقچىلار سەمەت قاسساپقا بۇرۇندىنلا قارا چېكىت قويۇپ نازارەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ئامانلىقىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان ئادەملەر قاتارىدىن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ناماز ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئايالىمۇ ياغلىق چىگىپ، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ياشايدىغان تەقۋادار ئايال ئىدى. ساقچىلار بۇ ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈۋىدى، باش مەركەزدىن بۇ ئائىلىنى پۈتۈن ئائىلە بويىچە تۇتقۇن قىلىش بۇيرۇقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق ساقچىلار بارات بوۋاي ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، سەمەت قاسساپنىڭ ئايالىنى تۇتۇپ، ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە، بالىلىرىنى بولسا ئاتالمىش «پەرىشتىلەر باغچىسى» غا ئېلىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي-مومايلارمۇ ئۇزاق قالماي، ئۇ دۇنياغا كېتىپ، ئىگە-چاقىسىز قالغان بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇلغان ئىدى.

مۈشۈك دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىنىپ، تاشلىۋېتىلگەن بۇ كەڭ هويلىدا باققۇچىسىز قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەمدى يەيدىغىنىغا هېچكىم گۆش-بەزلەرنى ئەكېلىپ بېرىشمىدى.

ئـۇ ئۆيىنىـڭ ئوچـۇق قالغـان دېرىزە-تۆڭلۈكلىرىدىـن چىقىـپ، ئەتراپتىـن ئـوزۇق ئىزدەشـكە باشـلىدى. نېمىشـقىكىن؟ ئـۇ ئىلگىـرى تۇتـۇپ يەيدىغـان چاشـقانلارمۇ غايىـب بولـۇپ كەتكـەن ئىـدى. ئـۇ يـازدا باغدىكـى مېۋىلەرنـى يېيىشـكە مەجبـۇر بولـدى. باغقـا چۈشـكەن ئۇچار-قۇشـلارنى قوغـلاپ يـۈرۈپ، جـان بېقىـپ يـۈردى. ئەممـا، قـىش كىرگەنـدە ئۇنىـڭ كۆنلـىرى تېخىمـۇ تەسلىشـىپ كەتتـى. ئۇچار-قۇشـلارنىڭ كۆپىنچىسـى پەسـىل ئالماشـتۇرۇپ، نەلەرگـىدۇر يۆتكىلىـپ كەتكـەن بولـۇپ، قېلىـپ قالغـان ئاندا-سـاندىكى سـەزگۈر تورغـاي ۋە ئاققۇشـقاچلار ئۇنىڭغـا تۇتـۇق بەرمـەس بولۇۋالغـان ئىـدى.

مۈشـۈك بۈگـۈن بەكمۇ ئـاچ قالغـان ئىـدى. ئـۇ ئـوۋ نىشـانىنى ئىـزدەپ باغدىكـى بىـر دەرەخنىـڭ تۈۋىـدە مۆكۈنـۈپ ياتاتتـى. تۇسـاتتىن تۈلۈمـدەك سـەمرىپ كەتكـەن بىـر چاشـقان سـىرتتىن باغقـا ئىرغـاڭلاپ كىرىـپ كەلـدى. مۈشـۈك دەھشـەت بىلـەن ئېتىلىـپ كېلىـپ، چاشقاننىڭ بوينىدىنلا ئېلىـپ، گۆشـىنى مـەززە قىلىـپ يېمەكچـى بولـۇپ چىشلىشـىگە، چاشـقاننىڭ گۆشـىدىن چىققـان قاندىـن بوۋاينىـڭ قاسسـاپ ئوغلـى سـەمەتنىڭ ھىدىنـى پـۇراپ قالـدى-دە، چىشـلىگەن گۆشـنى پۈركـۈپ چىقىرىۋەتتـى. ھەددىدىـن زىيـادە سـەمرىپ، يوغىنـاپ كەتكـەن چاشـقان تېخـى ئۆلمىگـەن ئىـدى.

مۈشـۈك غـەزەپ بىلـەن چاشـقاننىڭ ئۈسـتىدىن بېسـىپ تـۇرۇپ:

-ھـەي، چاشـقانباي! ئېيتقىنـا؟ قانـداق بولـۇپ بۇنـداق سـەمرىپ كەتتىـڭ؟ سـېنىڭ قېنىڭدىـن مېنىـڭ ئىگـەم سـەمەت قاسسـاپنىڭ ھىـدى پۇراۋاتىدۇ-يـا؟ سـەن ئـادەم گۆشـى يەۋاتامسـەن نېمـە؟ -دەپ سـورىۋىدى، يارىلىنىـپ يېرىـم جـان بولـۇپ قالغـان چاشـقان قورقىنىدىـن مۈشـۈككە ھەقىقـي ئەھۋالنـى ئېيتىشـقا مەجبـۇر بولـدى:

– شۇنداق، شۇنداق! مۇشۇك ئالىيلىرى مەن ھازىر ئادەم گۆشى يەۋاتىمەن!

– نەدە يەۋاتىسەن؟

– جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيىدە.

– ئۇلار سىنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشىڭگە رۇخسەت قىلامدۇ؟

–ياق! مەن ئۇنى بىلمەيمەن! ئەمما، مەن ئاخشاملىرى ئوغرىلىقچە كىرىپ، ئۇلار بۈگۈنى كۆيدۈرۈپ بولالماي، ئەتىگە قويۇپ قويغان جەسەتلەرنىڭ گۆشلىرىدىن يەۋالىمەن.

– ھازىرقى قورسىقىڭدىكى گۆشنى قاچان يېدىڭ؟ كىمنىڭ جەسىتىنىڭ گۆشى ئىدى؟

– ئۇ گۆشنى مەن ئاخشام كېچىدە يېگەن. ئادەتتە مەن يېگەن گۆشلەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سوراپ يۈرمەيمەن. ئەمما، بەزىدە جەسەت كۆيدۈرگۈچىلەرنىڭ قىلىشقان گەپ–سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كىمنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمەن.

– ئۇنداق بولسا، ئاخشام يېگەن گۆشنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

– ھە! ئۇ جەسەت بولسا سەمەت قاسساپ دېگەن بىر ئادەمنىڭ. مەن بۇنى ئاخشام جەسەت كۆيدۈرگۈچىلەرنىڭ قىلىشقان گەپلىرىدىن ئاڭلىغان ئىدىم.

– ئۇلار نېمىشقا شۇ كۈنىلا ھەممە جەسەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتمەيدۇ؟

–جەسەتلەر بەك جىق بولغاچقا كۆيدۈرۈپ بولالمايدۇ.

– ئۇ جەسەتلەرنى نەدىن ئەكىرىدىكەن؟

– ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىگە قارىغاندا، بۇ

جەسەت قويىدىغان ئۆيگە يېقىن ئەتراپتا خۇددى تۈرمىگىلا ئوخشايدىغان ئىككى دانە «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەر بارمىش! شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىدىكەن!

– ئۇ يەرگە سولانغانلار قانداق كىشىلەر ئىكەن؟

– ئۇلارنىڭ دېيىشىكەن گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار كۆيدۈرىدىغان جەسەتلەر مۇشۇ يەرلىك، «ئۇيغۇر» دېيىلىدىغان تۇتقۇنلارنىڭمىش!

– بۇ جەسەت كۆيدۈرىدىغانلار قانداق كىشىلەر ئىكەن؟ ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

–بىلمەيدىكەن! ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يېڭى كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار بۇ ئىشقا بەك يۇقىرى مائاش بېرىلىدۇ دەپ، مەخسۇس پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇزاق يەرلەردىن كەلگەنمىش. جەسەتكە كۆيدۈرۈش ئۆيىمۇ يېڭى سېلىنغان بىناكەن. ئۇلار ئىلگىرى بۇ يەردە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرەتتى. ھازىر ئۇلار مۇسۇلمانمۇ–ئەمەسمۇ؟ دەپ، ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان بولۇشتى.

–نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇلارنى يەرلىككە قويىدىغان ئادەملەر يوقمىكەن؟

–يوق بولۇشى مۇمكىن! بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ قالغىنىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن! چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئۆيىدە ئەمەس، بەلكى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەردە ئۆلۈپ قالغانلار ئىكەن. شۇڭا بۇ جەسەتلەر ئۇرۇق–تۇغقانلىرىغا بېرىلمەي، ئۇدۇل بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىدىكەن.

– ۋاي خۇمپەرلەر! جىن–شەيتانلار! زالىملار!–دەپ، قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتى چاشقاندىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۈشۈك. چاشقان مۈشۈكنىڭ قاتتىق ئاچچىقلانغان ئەلپازىدىن

قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مۇشۇك ئالىيلىرى، نېمانداق خاپا بولۇپ كېتىلا! بۇ جەسەت سېلىنىڭ نېمىلىرى بولىدۇ؟

— ھە، مەن ساڭا تېخى دېمىدىممۇ؟ مېنى كەچۈرگىن! بۇ جەسەت مېنىڭ: «ئىگەم» بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئىسمى سەمەت قارى، ئۇ كىشى ئەسلى قاسساپ ئىدى. ماڭا بەزـگۆشلەرنى ئەكېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى باققان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بەكلا قەرزدار. بۇ قەرزىمنى ھەر قانچە قىلسامۇ ئادا قىلىپ بولالىشىم ناتايىن! شۇڭا مەن بۇ ئىگەمنى ئۆلتۈرگەنلەردىن ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن!

— قانداق ئىنتىقام ئالالايلا ئالىيلىرى؟ ئۇلار بىزدىن چوڭ ھەم كۈچلۈك تۇرسا ؟

— ھەي ئەخمەق! سەن بىلمەيدىكەنسەن–دە؟ ھەر قانداق كۈچلۈك نەرسىلەرنىڭمۇ بىر ئاجىزلىقى بولىدۇ. بىز ئۇنى تېپىپ چىقساقلا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايمىز!

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلسىلا بولغۇدەك، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈپ يەۋەتمىسىلە، مەنمۇ سىلىگە ياردەمچى بولاي! بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يارامنى تېڭىپ ساقايتىپ قويۇشلىرىنى سورايمەن.

— چاتاق يوق! —دېدى مۇشۇك ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئەسلى ھايۋانلارنىڭ دوختۇرى ئىكەنلىكىنى، جىق مۇشۇكلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالاپ ساقايتقانلىقىنى ئۆزىنىڭمۇ بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى چاشقانغا.

— ھە! شۇنداقمۇ؟ قېنى ئۇنداق بولسا مېنى داۋالاشنى باشلىمامىلا ؟ — جېنىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆلۈپ قالماي

يەنە؟

ــ بولىدۇ باشلاي! ــدېدى مۇشۇك چاشقانغا ۋە ئۆز تۆكىدىن بىر ئاز يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ، چاشقاننىڭ يارىسىغا سەپتى. ئاندىن بىر پارچە لاتا تېپىپ كېلىپ تېڭىپ قويدى.

چاشقاننىڭ يارىسى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ساقىيىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۈك بىلەن چاشقان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. مۇشۈكنىڭ پۈتۈن خىيالى سەمەت قاسساپنىڭ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىۋېلىش ۋە قاتىللاردىن قانداق قىساس ئېلىش مەسىلىسىدە قالغان ئىدى. ئۇ چاشقانغا بۇ خىيالىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە قانداق يېتىش توغرىسىدا بىردەكلىككە كېلىۋالدى.



پىلان بويىچە، مۇشۈك جۇپىگە خەۋەر قىلىپ ئىككى بولدى. چاشقانمۇ ئۆز توپىغا خەۋەر قىلىۋىدى، توپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۈككە ياردەملىشىشكە ۋەدە قىلىشتى. ئۇلار مۇۋاپىق بىر پەيتنى تاللاپ، جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيىگە يوشۇرۇنچە كېلىپ، ھەر بىرى بىردىن بولۇڭ ۋە تۆشۈكلەردىن ئورۇن ئېلىپ، مۆكۈنۈپ قاراپ تۇرۇشتى.

بۇ ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقىت بولۇپ، جەسەت كۆيدۈرگۈچىلەر تېخىچە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. جەسەت يۆتكەش ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان شوپۇر بىر مۇنچە جەسەتلىرىنى بېسىپ كېلىپ، جەسەتلەرنى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا تۆشۈكتە ماراپ تۇرغان ھېلىقى چاشقان سەمەت قاسساپنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەن شوپۇرنى تونۇۋېلىپ:

ــ مانا مۇشۇ شوپۇر سېنىڭ ئىگەڭ سەمەت قارىنىڭ

جەسـىتىنى ئېلىـپ كەلگـەن ئىـدى!ــ دەپ، مۈشـۈككە شـوپۇرنى كۆرسـەتتى.

ــ ئۇنـداق بولسـا،ــ دېـدى مۈشـۈك چاشـقانلارغا بۇيـرۇق چۈشـۈرۈپ،ــ ھەممىـز ئۇنىـڭ ماشىنىسـىنىڭ ئىچىگـە، ئاسـتىغا ۋە باشـقا كۆرۈنمەيدىغانلىقـى يەرلىرىگـە كىرىـپ مۆكۈنۈۋالايلـى! ئانـدىـن ئـۇ ماشىنىسـىغا چىقىشـى ھامـان ھۇجـۇم قىلايلـى!ــ دېيىـدى. چاشـقانلارنىڭ ھەممىسـى بۇنىڭغـا ماقـۇل دەپ ئـاۋاز قوشـتى. دېگەنـدەك، ئانچـە ئـۇزاق ئۆتمەيـلا جەسـەت توشـىغۇچى شـوپۇر قايتىـپ چىقتـى. ئـۇ ماشـىنىنى ئـوت ئالـدۇرۇپ، قوزغىلىشـىغىلا، مۈشـۈك: «مىيـاۋ» دەپ، بۇيـرۇق چۈشـۈرىۋىدى، 30 غـا يېقىـن چاشـقان ماشـىنا كابىنكىسـىغا يامىشـىپ كىرىـپ، شـوپۇرنىڭ ھـەر تەرىپىدىـن چىشلەشـكە باشـلىدى. چاشـقانلار شـوپۇرنىڭ پۈتـۈن بەدىنىگـە يامىشـىۋالغان بولـۇپ، جەسـەت توشـۇغۇچى شـوپۇر ھەرقانچـە ئـۇرۇپ، تېپىپمـۇ چاشـقانلاردىن قۇتۇلالمىـدى. بىـر ھـازا ئېلىشىشـتىن كېيىـن شـوپۇر ھالسـىزلىنىپ قالـدى. بـۇ ۋاقىتتـا مۈشـۈك جۈپـى بىلـەن كېلىـپ ئۇنىـڭ كانىيىنى ئۆتكـۈر تىرنىقـى بىلـەن قاماللىدى-ـدە، شـوپۇرنى سـوراق قىلىشـقا باشـلىدى:

ــ ھـەي، ئەبلـەخ! ئېيتـە؟ سـەمەت قاسسـاپ نېمـە بولـۇپ ئۆلـۈپ كەتتـى؟ ئۇنـى كـم ئۆلتـۈردى؟

ــ ھـە! ماقـۇل، مـەن ئېيتـاي، مـەن ئېيتـاي، تـازا ئېنىـق بىلىپ كەتمەيمـەن. ئەممـا باشـقىلاردىن ئاڭلىشـىمچە ئـۇ، بـۇ يەردىكـى «قايتـا تەربىيەلـەش مەركـىزى» دە تايـاق زەربىسـىدىن ئۆلـۈپ كېتىپتىمـش. مـەن پەقـەت ئۇنـى جەسـەت كۆيـدۈرۈش ئۆيىگـە ئېلىـپ كەلدىـم. مېنىـڭ باشـقا گۇناھىـم يـوق، مېنـى قويـۇپ بېرىـڭلار! مېنـى ئۆلتۈرمـەڭلار !

مۈشـۈك قاتتىـق غەزەپكـە كېلىـپ، ئۇنىـڭ گېلىنـى تېخىمـۇ

بـەك سىقىشـقا باشـلىدى ۋە:

– ئەگـەر سـەن ھايـات قـالاي دەيدىكەنسـەن، بىزگە سـەمەت قاسسـاپنى ئۆلتۈرگـەن ئادەمنـى كۆرسـىتىپ بېرىشـىڭ كېرەك!

– كەچـۈرۈڭلار كەچـۈرۈڭلار! مـەن «قايتـا تـەربىيەلـەش مەركىزى»نىـڭ ئىچىـدە ئىشـلىمىگەچكە ئۇنـى ھەقىقەتـەن كىـم ئۆلتۈرگەنلىكىنـى بىلمەيمـەن، ئەممـا مـەن «قايتـا تـەربىيەلـەش مەركـىزى» نىـڭ باشـلىقىنى تونۇيمـەن.

– ئۇنداق بولسـا،–دېدى مۆشـۈك: بىزگـە «قايتا تەربىيەلەش مەركـىزى» نىـڭ باشـلىقىنىڭ كىـم ئىكەنلىكىنـى دەپ بېرىشـىڭ ۋە بىزنـى ئۇنىـڭ ئۆيىگـە ئاپىرىـپ قويۇشـۇڭ كېـرەك! بولمىسـا بىـز سېنىڭ ھازىـرلا جېنىڭنـى ئالىمىـز.

– ماقـۇل، ماقـۇل! بولـىدۇ! مۆشـۈك ئەپەنـدى، مېنىـڭ گېلىمنـى ئەمـدى سـىقىۋەرمەڭ! تىرنىقىڭىـز بـەك پېتىـپ كەتتـى. مېنـى ئۆلتـۈرۈپ قويمـاڭ! مـەن سـىلەرنى ئـۇ يەرگـە باشـلاپ بـاراي!

– بولـىدۇ ئەمسـە، ماشـىناڭنى ھەيـدە! بىزنـى ئـۇدۇل ئـۇ مەلئۇنىـڭ ئۆيىگـە باشـلاپ بـار!

– بولـىدۇ خـوپ، ئۇنـداق بولسـا ماشـىنىنى ھەيـدەپ ماڭدىم. ئەممـا، سـىلەر مـاڭا شـۇنداق ۋەدە بېرىشـىڭلار كېرەككـى، مېنـى ئۆلتۈرمـەڭلار! مېنىـڭ ئىچكىرىـدە ياشـانغان ئانـام بـار. ئۇنىڭغـا مـەن ھـەر ئايـدا مائاشـىمدىن بىـر قىسـمىنى ئەۋەتىپ، تۇرمۇشـىغا قارىمىسـام بولمايـدۇ. ئۇنـى نېمـە قىلسـاڭلارمۇ مەيلـى! ئۇنىـڭ ئانىسـى بـۇ يـەردە، دادىسـى خىتـاي، ئانىسـى بولسـا تـۇڭگان.

– بولـىدۇ! سـېنى ئۆلتۈرمەيمىـز، ماشـىنىنى تېـز ھەيـدە! ئـۇ قانخورنىـڭ يېنىغـا بىـز تېـزرەك بېرىشـىمىز كېـرەك!.

شـوپۇر «بولـىدۇ!» دەپ، ماشـىنىنى ھەيـدەپ ماڭـدى. ئـۇ يولـدا كېتىۋېتىـپ خـۇددى بىـر ئەقىـل تاپقانـدەك مۆشـۈككە

مۇنداق دېدى: ئۇ «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيى ناھايىتى مۇستەھكەم، تۆمۈر ئىشىكلىك، دېرىزىلىرى ئىچى كۆرۈنمەس ئەينەك بىلەن قاپلانغان. مەخسۇس قوغدايدىغان قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى بار! دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك!

— تولا كاپشىما! دېدى مۈشۈك ئۇنىڭ كانىيىنى بىر ئاز سىقىپ: سەن ماشىنا ھەيدەشنى بىل! بىز قالغان ئىشنى ئۆزىمىز قىلىمىز! بىزنىڭمۇ ئاللا ئاتا قىلغان ئۆتكۈر تىرناقلىرىمىز ۋە چىشلىرىمىز بار. ئۇنىڭ قورالىدىن قورقمايمىز !

شوپۇر ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئالاھەزەل بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ سەل چېتىگرەك جايلاشقان ئېگىز، ئېگىز بىنالار بولغان بىر يەردىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئۈچ-تۆت قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان ئالاھىدە بىنالار بار بىر مەھەللىگە كېلىپ توختاپ، ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانى كۆرسىتىپ: مانا! مۇشۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە، ئاشۇ سىلەر دېگەن «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ باشلىقى تۇرىدۇ،—دېدى ۋە يول ياقىسىغا مۈشۈك-چاشقانلارنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنى ئەمدى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى. مۈشۈك ئۇنىڭغا:

— ياق! بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز تېخى پۈتمىدى. سېنى ھازىر قويۇپ بەرسەك، بەلكى سەن ئەسكەر-ساقچىلىرىڭنى باشلاپ كېلىشىڭ مۇمكىن! بىز ساڭا ئىشەنمەيمىز. شۇڭا سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن.—دەپ، ئۇنىڭغا بىر بۆلەك چاشقانلارنى قارىتىپ قويۇپ، يەنە بىر بۆلەك چاشقانلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ، ئېگىز تاملارغا يامىشىپ چىقىپ، يەم بىلەن بىنانىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشتى.

مۇشۇك ۋە چاشقانلار بىناغا كىرىپ، لاگېر باشلىقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىشلەپ-غاجاپ، بىردەمدىلا مۇشۇكمۇ پاتقۇدەك تۆشۈك ئاچتى-دە، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشتى. «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ باشلىقى كىيىملىرىنى ئېسىپ قويۇپ مۇنچىغا چۈشۈۋاتقان بولۇپ، ھېچنېمىنى تۇيمىغان ئىدى. مۇشۇك چاشقانلار بىردەمدىلا مۇنچا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىشلەپ-غاجاپ، تۆشۈك ئاچتى-دە، مۇنچىغا كىرىپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتىكى باشلىقنىڭ كاللا-پاچاق يامىشىۋېلىپ، بىردىن-بىردىن چىشلەشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان چوشقىدەك چىرقىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مۇشۇك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كانىيىدىن ئېلىپ ئاۋازىنى بوغۇپ قويدى ۋە ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

- سەن پالانى يەردىكى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ باشلىقى جاڭ شۇمۇ ؟

-ھە، مەن شۇ! سىلەرنىڭ مەندە نېمە ئىشىڭلار بار؟

-مۇھىم ئىشىمىز بار، ئەلۋەتتە! سەن بىر قاتىل، بىز سەندىن ھېساب ئالغىلى كەلدۇق!

-ياق! مەن قاتىل ئەمەس. مەن جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمەن! ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن!

- تولا كاپشىما!: دېدى مۇشۇك ئۇنىڭ گېلىنى يەنە بىرئاز سىقىپ، - قېنى ئېيتە! سەمەت قاسساپنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟

- ياق! ياق! مەن ئۆلتۈرمىدىم

- ئەمىسە كىم ئۇنى ئۆلتۈردى؟

- قول ئاستىمدىكىلەر بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتىكەن، تاياق زەربىسىدە ئۆزى ئۆلۈپ قاپتۇ!

- ئۇنى ئۇرۇشقا كىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن؟

– ھە–ئە، مەن! مەن مۇشۇ رايونلۇق كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ «سىياسىي قانۇن كومىتېتى» بەرگەن يوليورۇقتا ئاساسەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدىم. ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! دېمىگەن ئىدىم.

–نېمىشقا قول ئاستىڭدىكىلەر ئادەم ئۆلتۈرسە توسالمايسەن؟

– ھە، توسىماپتىمەن! كەچۈرۈڭلار! بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تۇتقۇنلارنى ئۇرۇپ–قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش، لېكىن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن خەق بەك ئاجىزمىكىن تاڭ؟ ئىككى–ئۈچ قېتىم قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

– خۇنپەر! قورسىقى تويغۇدەك بىر نەرسە بەرمىسەڭ ئاجىزلاپ كەتمەمدۇ ئۇلار؟

– شۇنداق، شۇنداق! بىز ئۇلارغا كۈندە پەقەت بىر ۋاقىتلىقلا تاماق بەرگەن ئىدۇق.

– ئۇلارنى نېمە بىلەن قىيندىڭلار؟

– رېزىنكە توقماق، توك كالتىكى، توك ئورۇندۇقى، توك پەلىيى، توك قەلىمى، توك قالپىقى قاتارلىقلار بىلەن.

–دېمەك قىيناشقا سەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەنسەنغۇ؟

– ھە، مەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن! ئەمما بۇ يۇقىرىنىڭ يول يورۇقى ئىدى.

– ئېيتە قېنى؟ ھازىرغىچە قانچىلىك ئادەمنى ئۇرۇپ–قىيناشقا بۇيرۇق چۈشۈردۈڭ؟ ئۆزۈڭ قانچىسىگە قاتناشتىڭ؟ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن سوراق–قىيناقتا ئۆلگەن ئادەم قانچىلىك؟

– ھە! مەن ئېيتاي! مىڭدىن ئاشىدۇ.–دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ

تۇرۇپ،

– يالغان گەپ قىلما! – دەپ، مۇشۇك ئۇنىڭ گېلىنى يەنە بىر ئاز سىقىپ قويۇۋىدى. ئۇ يېلىنىپ تۇرۇپ: كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار! مېنى ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار! مەن دەي، مەن دەي! مەن راست گەپ قىلاي! – مەن ھازىرغىچە ھەممە سوراق قىلدۇرۇشقا قاتناشتىم ۋە تۇتقۇنلارنى ئۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ قالغانلار سانى 100 مىڭدىن ئاشتى.

– يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن! راستىڭنى دېگىن! بولمىسا ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن!–دەپ، مۇشۇك ئۇنىڭ گېلىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىقراق سىقىپ قويۇۋىدى، ئۇ:

– مەن دەي! مەن دەي! بايامقىنى ئاز دەپ قويۇپتىمەن. نەچچە مىليوندىن ئاشىدۇ!–دېدى خىرقىراپ،

– قېنى ئېيتە! دېدى مۇشۇك قاتتىق غەزەپكە كېلىپ،– سەن سەمەت قاسساپنى قانچە قېتىم ئۇرۇپ قىيىندىڭ؟

– ھە، شۇ 10 قېتىمدىن ئاشىدۇ. 12–قېتىمدا ئۇ ئۆلۈپ قالدى.

– ئۇنى قىيناشقا سەن بۇيرۇق چۈشۈرگەنمۇ؟ سەنمۇ قاتناشقانمۇ؟

– كەچۈرۈڭلار! كەچۈرۈڭلار! ھە، مەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەمما مەن ئۇرمىغان. قول ئاستىمدىكىلەر بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ.

– نېمىشقا سەن ئۇلارنى توسمىدىڭ؟

– كەچۈرۈڭلار! كەچۈرۈڭلار! مەن خاتا قىلىپتىمەن. مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي! ھەممىگە مەن سەۋەبچى!

– ئۇنداقكەن سەن جازالىنىشىڭ كېرەك! –دېدى مۇشۇك

ئۇنىڭ گېلىنى تېخىمۇ قاتتىق سىقىپ،

– ۋايجان، ۋاييەي، گېلىمنى سىقماڭلار! مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار! مەن تووۋا قىلاي!

مۈشۈك بۇ قېتىم ئۇنىڭ گېلىنى شۇ سىققانچە قويۇپ بەرمىدى. جاڭ خىرقىراپ قالدى. چاشقانلارمۇ ئۇنى ھەر تەرەپتىن چىشلەپ–غاجاپ، بەدىنىنى قىيما–چىيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن يەنە بىر ئاز خىرقىرىغان ئاۋاز كەلدى–دە، ئاخىرىدا جىمىپ قالدى. ئۇ ئۆلگەن ئىدى. چاشقانلار ئۇنىڭ گۆشىنى چىشلەپ، مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى ۋە بىردەمدىلا ئۇنى ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مۈشۈك بولسا نېمىشقىكىن ئۇنىڭ گۆشىنى چىشلەپمۇ قويمىدى. بەلكى بۇ مۈشۈك جەمەتىنىڭ ئادەم گۆشى يېيىش ئادىتى يوقلۇقىدىندۇ ياكى ئۇ مەلئۇننىڭ سېسىق پۇرايدىغان گۆشىنى يېيىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدىمۇ؟ ئۇنى بىلگىلى بولمايتتى. بەلكى بۇ بىر ھايۋاناتلار پىسخىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇئەمما ئىدى.

## ئانا سۆتىنىڭ ئاھى

ئادەتتە ئايالـلار ھامىلـدار بولغانـدا ئۆزىنـى دۇنيادىكـى ئەڭ بەختلىـك ئىنسـان ھېسـابلاپ، چەكسـىز خۇشـاللىققا چۆمەتتـى. ھامىلـە قالغـان كۈندىـن باشـلاپ تاكـى كـۆزى يورۇغۇچـە بولغـان ئارىلىقتـا يولدىشـى، ئاتا-ئانىسـى، ئۇرۇق-تۇغقانلىـرى ۋە قولۇم-قوشـنىلىرى تەرىپىدىـن ئالاھىـدە كۈتۈلەتتـى ھـەم ئىززەتلىنەتتـى. بولۇپمـۇ ئۇيغـۇر جەمئىيىتىـدە ھامىلـدار ئانىـلار ئالاھىـدە ھۆرمەتلىنىـپ خـان، خېنىـم، يەڭگـە دەپ ئاتىلاتتـى.

ھامىلـدار ئانىلارنـى شـۇ قـەدەر ھۆرمەتلـەش بىلـەن بىللـە ئۇلارنـى خـورلاش ۋە كەمسـىتىش قىلمىشـلىرى مەيلـى كىـم تەرىپىدىـن قىلىنغـان بولسـۇن قاتتىـق ئەيىبلىنەتتـى. ھامىلـدار ئانـا يەنـى خېنىـم ئايالنـى كەمسـىتكەنلەر باشـقىلارنىڭ نەزىرىـدە يامـان ئـادەم دەپ قارىلىـپ ئېتىبـارى چۈشـۈپ كېتەتتـى. چۈنكـى، ئـۇلار ئـۆز مىللىتىنىـڭ كەلگۈسـى ئىزباسـارلىرى، ئائىلىنىـڭ چىرىغىنـى يورۇتىدىغـان ئەۋلادلىرىغـا كۆڭـۈل بۆلمىگـەن، مىللەتنىـڭ نەسـلىنى قوغداشـقا كـۈچ چىقارمىغـان نامەردلـەر ھېسـابلىنىپ، خەلـق ئاممىسـىنىڭ نەپرىتىگـە قالاتتـى. ھامىلـدار ئانـىلار يەنـى خېنىمـلار بولسـا، مىللەتنىـڭ قەھرىمانلىرىـدەك ئەتىۋارلىنىـپ، ئىززەتلىنىـپ ۋە قوغدىلىـپ كەلگـەن ئىـدى.

ئەپسۇسـكى، ھامىلـدار ئانـا يەنـى خېنىملارنىـڭ قىممىتـى، ئورنـى بۈگۈنكـى كۈنگـە كەلگەنـدە بۇزۇلغـان بىـر ئىدېئولوگىيـە

ئۇستىگە قۇرۇلغان زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ نامۇۋاپىق ۋە ئادالەتسىز سىياسەت يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە پايخان قىلىنماقتا ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاتالمىش «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى»-ئانىلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقى بولغان ھامىلىدار بولۇش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ھامىلىدار ئانىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، سالامەتلىكىگە زىيان سېلىپ، ئۇلارغا تۈرلۈك تۇغۇت چەكلىمىسى قويۇپ، تۇغۇت سانى، تۇغۇت سۈپىتى، تۇغۇت ئارىلىقى دېگەندەك نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلەرنى چۈشۈرۈپ، قىز-ئاياللارنىڭ خالىغانچە ھامىلىدار بولۇشىغا يول قويۇشمىدى. ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن بولسا: «بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلدىڭ» دەپ، ھامىلىنى مەجبۇرىي چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، ھامىلىدار ئانىلارنىڭ ئىنسانلىق ھوقۇقىغا، ھامىلىنىڭ دۇنياغا كېلىش ۋە ياشاش ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىنىپ، قانخور ۋە قاتىللىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقچى بولۇشماقتا ئىدى.

مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامدا: « ھامىلىنى ئېلىۋېتىش ياكى ئالدۇرۇۋېتىش قاتىللىق بىلەن باراۋەر» دېيىلگەن بولۇپ، ئانىنىڭ قورسىقىغا ئاپىرىدە بولغان ھامىلە بىر جان دەپ قارىلاتتى. شۇڭلاشقا، ھامىلە زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقى، ساق-سالامەت دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھامىلىگە زىيانكەشلىك قىلغانلار، قاتىل دەپ قارىلىپ جازالىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قاتىللار زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ دەل ئۆزى بولغاچقا ۋە ئۇلار تەرىپىدىن قوغدالغاچقا ھازىرچە ئۇ قاتىللارنى جازالاش مۇمكىن ئەمەستۇر. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەممىگە قادىر ئاللا بۇ زالىم قاتىللارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ھامان بىر كۈنى غەزەپ پەرىشتىلىرىنى زالىملارنىڭ ئۇستىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يەر

بىلــەن يەكســان قىلىــدۇ. ئىنشــائاللا !

ئامىنــە ئۈچىنچــى قېتىــم ھامىلــدار بولــۇپ قالغانــدى. ئەممــا ئــۇ بــۇ قېتىــم ئالدىنقى ئىككــى قېتىــم ھامىلــدار بولغــان ۋاقىتتىكىــدەك بــەك خۇشــال بولالمــدى ۋە قاتتىــق ئەندىشــگە چۈشــۈپ قالــدى. چۈنكــى، ئۇنىــڭ ئۈچىنچــى بالىسىنى تۇغۇشــى خىتــاي ھۆكۈمىتــى تەرىپىدىــن چەكلىنەتتــى. ئەمــدى قانــداق قىلارمــەن؟ ــ دەپ ئويلىــدى ئــۇ: « يولدىشــىم ئادىلجانغــۇ بــەك خۇشــال، مەنمــۇ شــۇ، ئالدىنقــى ئىككــى بالىمىــز قىــز بولغاچقــا، ئۈچىنچــى بالىمىــز ئوغــۇل بولــۇپ قالارمــۇ؟ يولدىشــىم ئادىلجــان بىــر ئوغلىمىزنىــڭ بولۇشــىنى بەكمــۇ ئــارزۇ قىلاتتــى. ئــۇ دائىــم: ئوغــۇل بــالا ئاتىنىــڭ ئىزباســارى بولىــدۇ. ئائىلىنىــڭ چىرىغىنــى ئۆچۈرمەيــدۇ. ئاتىنىــڭ يۈكىنــى يېنىكلىتىــدۇ!ــ دەپ قارايتتــى. شــۇڭا ئــۇ مېنىــڭ بويۇمــدا قالغانلىقىنــى ئاڭلاپ بەكمــۇ خۇشــال بولــۇپ كەتكــەن ئىــدى. ئەلۋەتتــە ئۇنىڭمــۇ ئۈچىنچــى بالىمىزنــى تۇغۇشــۇمغا ھۆكۈمەتنىــڭ رۇخســەت قىلمايدىغانلىقىدىــن خەۋىرى بــار. شــۇنداق بولســىمۇ ئــۇ بىــر ئامالىنــى قىلارمىــز؟ يوشــۇرۇنچە تۇغارســەن، سېنى يىــراق ســەھرادىكى تۇغقانلىرىمىزنىــڭ ئۆيىگــە ئاپىرىــپ يوشــۇرۇپ قويســام، ئاي ــ كۈنــۈڭ توشــقۇچە ســىرتقا چىقمــاي مۆكۈنــۈپ تــۇرۇپ تۇغارســەن، كــۆزۈڭ يورۇغانــدا بىــر گــەپ بــولار! ئۇنىڭدىــن كېيىــن جەرىمانــە تۆلىســەكمۇ مەيلــى ئەمەسمۇ؟ ــ دەۋاتىــدۇ. ئەممــا، ئۇنىڭغىچە تۇتۇلــۇپ قالسامچۇ؟ نــاۋادا يولدىشــىم ئادىلجانىنىــڭ بــۇ پىلانلىــرى ئەمەلگــە ئاشــماي قالســا، ئــۇ چاغــدا «پىلانلىــق تۇغــۇت كومىتېتــى» نىــڭ قاتىللىــرى ھامىلىنــى مەجبۇرىــي چۈشۈرىۋېتىشــى تۇرغــان گەپقــۇ؟ »

ئامىنەنىــڭ بــۇ خىيالــى تېخــى بۇرۇنقــى يۇمشــاقراق ۋەزىيەتكــە كــۆرە قىلىنىدىغــان خــام خىيــال ئىــدى. ئــۇ يېقىنىدىــن بۇيــان ۋەزىيەتنىــڭ يامانلىشىپ كېتىــپ بارغانلىقىنــى ئاڭلىغان بولســىمۇ، ئەممــا ئۇنىــڭ قانچىلىــك دەرىجىــدە ئىكەنلىكىنــى، ھازىرقــى

سىياسەتنىڭ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان زۇلۇم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ يوقلاڭ باھانە سەۋەبلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى، تۇتۇلغانلارنىڭ يېگىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەيدىغان تۈرمىگە ئوخشايدىغان بىر يەرگە ئېلىپ كېتىلىپ بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر بارسا–كەلمەس جايغا ئايلانغانلىقىنى، نۇرغۇن بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ بىر تۇتۇلۇپ كەتكەنچە ئىز–دېرىكى بولمايۋاتقانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ھېچقانچە قىممىتى قالمايۋاتقانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

مانا! ھەش–پەش دېگۈچە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، ئامىنەنىڭ قورسىقى خېلىلا تومپىيىپ چىقىشقا، ئاپئاق يۈزىگە قوڭۇر دانچىلىرىدەك داغلار چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ھامىلىدارلىقىنى يەنە يوشۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۆزىنى دەرھال يوشۇرۇشى ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قاتىللىرىنىڭ بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، چۈشۈرۈۋېتىشىگە قاراپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئامىنە ئېرىگە مەسلىھەت سېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئېرى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە قەتئىي قارشى چىقتى. ئۇ بۇرۇن دېگەنلىرىنى تەكرارلاپ: « مەن بۇ بوۋىقىمىزنى سىزنىڭ يورۇق دۇنياغا ساق–سالامەت ئاپىرىدە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بەلكىم بۇ ھامىلە ئوغۇل بولۇپ قالسا بىزنىڭ بەختىمىز ئەمەسمۇ؟ ئائىلىمىزنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان بىر ئوغۇل بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ مەن سىزنى سەھرادىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ يوشۇرۇپ قويىمەن. سىزنىڭ كۆزىڭىز يورۇغۇچە ئۆزۈم باقىمەن. تۇغقانلار بىلەن ئالاقىلاشقان سۆزلىشىپ قويغانمەن. دەرھال كىيىم– كېچەكلىرىڭىزنى تەييارلاڭ! مەن بازارغا بېرىپ تۇغقانلارغا

سوۋغات ۋە سىزگە كېرەكلىك يېمەك-ئىچمەك، دورا-دەرمەكلەرنى تەييارلاپ كېلەي»-دەپ چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي سودىلىقنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى-دە، مەخسۇس بىر تاكسى كىرا قىلىپ، ئامىنەنى سەھرادىكى ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

ئادىلجاننىڭ تۇغقانلىرى شۇنداق مېھماندوست، كۆيۈمچان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئامىنەنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋىرى بولغاچقا ئامىنە ئۈچۈن مەخسۇس ئايرىم بىر ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ئامىنەنىڭ ئېرى ئادىلجان ئۇلاردىن ئالاھىدە سۆيۈنۈپ، بىر باغلام پۇلنى سانىماستىنلا ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە ھاممائاچىسىدىن ئامىنەگە ياخشى قاراشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزىنىڭمۇ پات-پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئامىنە ھامماھاچىسىنىڭ ئۆيىدە ياخشى كۈتۈنۈش ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى، ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۇنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلى توشۇپ توققۇزىنچى ئېيىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ كىچىك تولغىقى باشلانغان ئىدى. بىر نەچچە كۈنلۈك كىچىك تولغاقتىن كېيىن، ئامىنەنىڭ چوڭ تولغىقى تۇتۇپ، ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھامماھاچىسى: « يېقىن ئەتراپتىن تۇغۇت ئانىسى تېپىپ كېلىمەن» دەپ چىقىپ كېتىپ، بەكمۇ ھايال قالدى ۋە تۇغۇت ئانىسى تاپالمىغان ئىدى. چۈنكى، بۇ مەھەللىدىكى ياشانغان بىر تۇغۇت ئانىسى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇ تەربىيەلىگەن باشقا تۇغۇت ئانىلىرى يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى.

ئامىنەنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. بالا تەتۈر

كېلىپ قالغانمۇ قانداق؟ ھەر قانچە چىڭقالسىمۇ تۆۋەنگە ماڭمايۋاتاتتى. ھامىئاچىسى باشقا ئامال قىلالماي، ئادىلجانغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئەمدى ئامىنەنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى چىقىپ كەلگەن تاكسى بىلەن ئامىنەنى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. تەلىيىگە يېزا دوختۇرخانىسىدا ئۇنىڭ بىر تونۇشى چىقىپ قېلىپ، شۇ تونۇشىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مىڭ تەسلىكتە ئامىنەنى تۇغۇت بۆلۈمىگە ئالدۇرۇپ، ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بالىنى قۇتقۇزۇۋالدى. بالا ئوغۇل ئىدى. بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادىلجان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئايالىنى چىڭ قۇچاقلاپ تەبرىكلىگەن ئىدى.

«يېتىمنىڭ ئاغزىغا ئاش تەگسە بۇرۇنى قاناپتۇ» دېگەندەك بالا ساق-سالامەت ئانا قارنىدىن يېرىپ ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ناتىۋان ئاتا-ئانىنىڭ بۇ بالىنى بېزىنىڭ بالىمىز دەپ باغرىغا بېسىشىغا نېسىپ بولمىدى. ئاللىقاچان بىرلىرى «پىلانلىق كومىتېتى» غا مەلۇم قىلىشقان بولۇپ، قاق سەھەردىلا پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى ئىككى ساقچىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ئامىنەگە ئىنتايىن قوپال مۇئامىلە بىلەن:

- پىلانلىق تۇغۇت كىنىشكاڭنى چىقار؟ بۇ بالىغا تۇغۇت رۇخسىتى ئالغانمىتىڭ؟ ئۇ قانچىنچى بالاڭ؟ -دەپ سوئال قويدى.

- مەن، مەن، مەندە پىلانلىق تۇغۇت كىنىشكىسى يوق ئىدى. مېنىڭ ئىككى قىزىم بار ئىدى. شۇڭا يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇشنى ئارزۇ قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت كىنىشكىسى ئالمىغانىدىم.

– ھە! سەن تېخى ئۈچىنچى بالىنى تۇغقۇچى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ بۇ بالاڭ قانۇنسىز تۇغۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بىزگە تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك!–دەپ، بالىنى تارتىپ ئالماقچى بولۇپ ئېسىلىشتى.

– بالامنى نېمە قىلىسىلەر؟ ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، بىردىنبىر ئوغلۇم. ئۇنى مەندىن ئېلىۋالماڭلار!

– ياق بولمايدۇ! بىز ئۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز. ئۇ دەرھال يوق قىلىنىشى كېرەك!

– نېمە؟ سىلەر مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟

– شۇنداق! ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاش ھوقۇقى يوق، بالىنى تاپشۇر! –دەپ، ۋارقىرىدى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىن كەلگەن بىر خادىم ھەمدە يېنىدا تۇرغان يەنە بىر خادىمغا بۇيرۇق چۈشۈردى: قېنى ئوكۇلنى تەييار قىلىڭ! بۇ قانۇنسىز تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ جېنىنى ئېلىڭ! بولمىسا بىز دۆلەتكە ھېساب بېرەلمەيمىز! بۇنى ئاڭلىغان ئۇ خادىم شۇ ھامان بىر تال ئالدىنالا تەييارلاپ قويۇلغان ئوكۇلنى چىقىرىپ، بوۋاققا ئۇرۇش ئۈچۈن ئامىنە ياتقان كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئامىنە: ياق! ياق! مېنىڭ بالامغا ئوكۇل ئۇرماڭلار! ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! ئۇ تېخى ئوغۇز سۈتىنى ئەممىدى، مەن ئۇنى ئېمىتىۋالاي!–دەپ ۋارقىرىغانچە بوۋاقنى چىڭ قۇچاقلاپ، كۆكسىنى چىقىرىپ بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى. كۆزى قانغا تولۇپ كەتكەن پىلانلىق تۇغۇت خادىمى خۇددى جاللاتتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئامىنەنىڭ قولىدىن بالىنى تارتىپ ئېلىپ، سېستىرانىڭ تۇتۇپ بېرىشى بىلەن بوۋاققا قولىدىكى ئوكۇلنى ۋاسسىدە سانجىۋەتتى. ھايال ئۆتمەيلا بوۋاقنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى. تەلەيسىز بوۋاق قاتىللارنىڭ قولىدا جان ئۈزۈپ، تېخى ئۆزى كۆرۈپ

باقمىغان بۇ رەھىمسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ دادىسى ئادىلجان ناشتا قىلىش ۋە ئامىنەگە تاماق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سىرتتا ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئامىنەگە تاماقنى ئېلىپ كېلىپ، دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ بوۋىقى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى ئارزۇلىغان بوۋىقىنىڭ جانسىز ھالىتىنى كۆرۈپ غەزەپتىن ۋارقىرىۋەتتى:

–ئاھ! بوۋىقىم! مەن ئارزۇلىغان ئوغۇل بالام! سېنى كىم ئۆلتۈردى؟ قاتىللار قايسىلىق؟ مېنىڭ بوۋىقىمنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۇڭ؟ – دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

– ۋارقىرىما! سېنىڭ ئۇنى بالام دېيىشكە ھەققىڭ يوق! چۈنكى، ئۇ بۇ دۇنياغا قانۇنسىز تۇغۇلغان، شۇڭا ئۇ ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلۈمگە!

– ياق، ئۇ ياشىشى كېرەك. ئۇ بىر ئىنسان، ئۇ مېنىڭ بالام! ئۇنىڭمۇ بۇ دۇنيادا ياشاش ھوقۇقى بار ئىدىغۇ؟ ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن بالىسى ئۈچۈن ۋارقىرايتتى، تولۇلايتتى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ ئاھ–زارىغا قۇلاق سالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا سېستىرالار ئۆلۈك بوۋاقنى ئېلىپ، بىنانىڭ ئارقىسىدىكى ئۆلۈك يىغىدىغان ساندۇققا تاشلىۋېتىشتى.

ئادىلجان ئۆزىگە كىرىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى ئۇنىڭ ئارزۇلۇق بوۋىقى ھېچ يەردە يوق تۇراتتى. ئۇ يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

– بوۋىقىم نەدە؟ ئۇنى نەگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتىڭلار؟ مەن ئۇنىڭ كىندىكىنى بوغۇشىم كېرەك.

– بوۋىقىڭ بىنانىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت ساندۇقىدا، ئۇ

ئۇزاق قالماي ئىتلارغا يەم بولىدۇ!-دېيىشتى قاتىل دوختۇرلار. بۇنى ئاڭلىغان ئادىلجان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغانچە يۈگۈرۈپ، بىنانىڭ ئارقىسىغا چىقىپ، ساندۇقنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى. قىيسىق كۆز بىرسى ئۆلۈك بوۋاقلارنى بىر خالتىغا سېلىپ يىغىۋاتقان بولۇپ، قانداقتۇر بىر يەرگە ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتقان ئىدى

- قولۇڭنى تارت! - دەپ، ۋارقىرىدى ئادىلجان غەزەپ بىلەن،-بۇ مېنىڭ بالام بولىدۇ. ئۇنى نېمە قىلىسەن؟

- بۇ مېنىڭ ئولجىلىرىم، مەن ئۇنى يىغىپ ئاپىرىپ ساتىمەن، بىر قىسمىنى ئۆزۈم يەيمەن ۋە باشقا يەيدىغانلارغا سېتىپ كىرىم قىلىمەن.

- ۋاي ئەبلەخ، ھايۋان! ساڭا يەيدىغانغا، باشقا نەرسە تېپىلمىدىمۇ؟ ئادەم گۆشى يېيىشتىن ئۇيالمامسەن؟

- ياق، نېمىشقا ئۇيىلىمەن. ئۇ بىر تەييار گۆش تۇرسا؟ - دېدى جەسەت يىغقۇچى قىيسىق كۆز مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ.

- ئاچ، خالتىنىڭ ئاغزىنى! مەن بالامنى ئېلىۋالاي، ئۇنى دەپنە قىلىشىم كېرەك !

- ياق، بەرمەيمەن، سېنىڭ ئۆلۈكلەر بىلەن نېمە ئىشىڭ؟

- ئۇ مېنىڭ بالام! ئۇنى مەن دەپنە قىلىشىم كېرەك!

- ياق، بەرمەيمەن دېدىم بەرمەيمەن!

- بېرەمسەن بەرمەمسەن؟

- ياق، بەرمەيمەن! قۇتقۇزۇڭلار! - دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى جەسەت يىغقۇچى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ جېدىلىنى ئاڭلىغان دوختۇرخانا باققۇچىلىرى ساقچىغا خەۋەر قىلىشتى بولغاي، ھۇيقۇلدىتىلغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن

بىر مۇنچە ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئادىلجاننى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئادىلجان ئۇلارغا: — مېنى قويۇۋېتىڭلار، نېمشقا مېنى تۇتىسىلەر؟ مەن بالامنى دەپنە قىلىشىم كېرەك دەپ، قارشىلىق بىلدۈردى.

— ماڭ دېدۇق، ماڭ! سەن قولغا ئېلىندىڭ، سەن بىر جىنايەتچى! — دەپ، ئىتتىرىشتى ئۇنى ساقچىلار.

— ياق، ماڭمايمەن، مەن جىنايەتچى ئەمەس، مېنى قويۇۋېتىڭلار، مەن ئايالىمغا قارىشىم كېرەك، ئۆلگەن بالامنى دەپنە قىلىشىم كېرەك.

— ياق، بولمايدۇ، بىز سېنى هازىرلا قولغا ئالىمىز! ئايالىڭمۇ جىنايەتچى، ئۇمۇ قولغا ئېلىنىدۇ.

— ياق، بىز جىنايەتچى ئەمەس، بىز ئاتا-ئانا، بىز پاك ئىنسانلار، سىلەر جىنايەتچى، سىلەر بىزنىڭ بالىمىزنى ئۆلتۈردۈڭلار، سىلەر قاتىل.

— ئاغزىڭنى يۇم، هازىرلا بىز ساڭا كىمنىڭ جىنايەتچى، كىمنىڭ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمىز! — دېگەنچە ئادىلجاننىڭ قارشىلىق قىلغىنىغىمۇ قارىماي، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ساقچىلار يەنە قايتىپ كېلىپ، نىمجان هالەتتە ياتقان ئامىنەنى تارتىشتۇرۇپ، ئۇنىڭمۇ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، ئېلىپ مېڭىشتى.

ئامىنە نىمجان هالەتتە ئۆزىنىڭ نەگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا بىر نەچچە كۈنگىچە هوشسىز دېگۈدەك ياتتى. ئۇنىڭغا گۇندىپاي باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ياشانغان بىر مەھبۇس ئايال تامىقىنى بېرىپ، سۇيىنى ئىچكۈزۈپ، تەرىتىنى ئادالاپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئاز ماغدۇر

كىرىپ ئولتۇرالايدىغان، ئۆزى تاماق يېيەلەيدىغان، ئۆملەپ دېگۈدەك تەرتىپكە بارالايدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇ شۇندىلا ئۆلتۈرۈلگەن بوۋىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: ئۇنىڭ ئوغۇل بوۋىقى قورسىقى يېرىپ ئېلىنغاندا ئېڭىلەپ يىغلىغان بولۇپ، يىغىسىدىن بىر خىل مۇڭلۇق مۇزىكىدەك سادا چىقىۋاتاتتى. بەدىنى ئەمدىلا غوزىسىدىن يېرىپ چىققان يۇمران پاختىدەك ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ كۆشىگەندەك قىلىۋىدى، ئامىنە: « مېنى ئەمگۈسى كېلىپتۇ! » — دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئېمىتمەكچى بولۇپ، كۆكسىنى چىقىرىپ يېقىن ئاپارغان ئىدى. ئەپسۇس، دوختۇر قاتىللار ئۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشكە رۇخسەت قىلماستىن، باشقا تەرەپكە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭغا يۈرەك پارىسىنى ئېمىتىپ، ئوغۇز سۈتى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇپ، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش نېسىپ بولمىدى. — ۋەھشىي قاتىللار ئۇنىڭ بۇ ئەقەللىي ھوقۇقىنىمۇ پايخان قىلغان ئىدى.



ئامىنە ئۆزى ئېلىپ كېلىنگەن بۇ يەرنىڭ بىر تۈرمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئەمما، تۇتقۇنلار بۇ يەرنى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىشىۋاتاتتى. تۇتقۇنلار خۇددى تۈرمىگە ئوخشاش كامېرلارغا قامالغان بولۇپ، قاتتىق تەرتىپى بىلەن باشقۇرۇلاتتى. سائەت ئالتىدە مەجبۇرىي ھالدا ئويغۇتۇلۇپ، ئاندىن قاتار تىزىلدۇرۇپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىلىپ، قىزىل ناخشا ۋە شوئارلار توۋلىتىلاتتى. ئۇلارنىڭ تامىقى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، قۇرۇق گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىلەتتى. ئامىنەنىڭ دەسلەپتە قۇرۇق گۈرۈچ شورپىسى ۋە ھورنانلارنى يېگۈسى كەلمىدى. ياشانغان تۇتقۇن ئايال ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: قىزىم، يېگىن تۇغۇتلۇق بولدىڭىز! مۇشۇ نەرسىلەرنى بولسىمۇ يەڭ! سىزگە ئازراق بولسىمۇ ئوزۇقلۇق بولىدۇ. بولمىسا ساقىيالمايسىز، ئەسلىڭىزگە كېلەلمەيسىز.— دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىنە قۇرۇق سۇغىلا

ئېتىلگەن گۈرۈچ شورپىسى ۋە موملارنى يېيىشكە. ئاستا-ئاستا كۆنۈشكە باشلىدى.

ئامىنەنىڭ توختىماي كۆكسى چىڭقىلاتتى. ئەگەر ئۆزى سىقىپ چىقىرىۋەتمىسە ئېقىپ بەدەنلىرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. بۇ ئەھۋال گۈندىپايلار تەرىپىدىن بايقىلىپ، ئۇلارنىڭ گۈلقەقەلىرىنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈندىپايلار ئامىنەنى ئەسلىدىكى كامېردىن، باشقا بىر كامېرغا يۆتكەپ چىقتى. بۇ كامېردا ئون نەچچە نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللار بولۇپ، ئۇلار باشقا كامېردىكىگە ئوخشاش ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالمىغان ئىدى. بۇ كامېردىكىلەرنىڭ تامىقى باشقا كامېردىكىلەرگە ئوخشىمايتتى، تۇتقۇنلارنىڭ يېمەكلىكىگە گۆش، سۈت، تۇخۇممۇ بېرىلىدىغان بولۇپ، خېلىلا ياخشىدەك قىلاتتى. ئامىنە دەسلەپ ئۇنىڭغا بىر ئاز ھەيران قالدى، كېيىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلاندى.

تۇتقۇن ئاياللار ئەتىگەنلىك ناشتىسىغا بېرىلگەن سۈت-تۇخۇم بىلەن قىلىنغان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قاتار تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئامىنە نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئۇلارغا مەسئۇل قىلىنغان بولسا كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىق، سېمىزرەك كەلگەن بىر ئايال ئامىنەگە: سەنمۇ ئارقىغا كېلىپ تىزىلىپ تۇر! بولمىسا، گۈندىپايلاردىن جازا يەپ قېلىشىڭ مۇمكىن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىنەمۇ تۇتقان ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئۆچرەتكە تىزىلدى. شۇ ئەسنادا كامېرنىڭ ئىشىكى تاراقشىتىپ ئېچىلىپ، قولىدا داس ۋە لۆڭگە، يەنە قانداقتۇر بىر ئەسۋابنى كۆتۈرۈشكەن تۆت نەپەر، خۇددى سېستىراغا ئوخشاش ئاپئاق كىيىم كىيىۋالغان گۈندىپاي ئاياللار كىرىپ، ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنىڭ توپچىسىغا قانداقتۇر بىر ئەسۋابنىڭ

ئۇچىنى كىيدۈرۈپ، بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، غور، غور، غور قىلغان ئاۋاز چىقىپ، ئەسۋابنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا چېتىلغان شىلانكىدىن داسقا ئاپئاق سۈتلەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

نۆۋەت ئامىنەگە كەلگەن ئىدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئۈست كىيىمىنى مەجبۇرىي چىقارغۇزۇپ، ئەمچەك توپچىسىغا ھېلىقى ئەسۋابنىڭ بىر ئۇچىنى كىيدۈرۈپ، كۇنۇپكىنى باسقان ئىدى. غور، غور، غور قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ، ئامىنەنىڭ كۆكسىدىن خۇددى بىرسى ئوكۇل يىڭنىسى تىقىپ قان شوراۋاتقاندەك ھالەتتە سۈت سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆكسى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋاز چىقىرىپ ئىڭراپ كەتتى، يېنىدىكى گۇندىپايلار ئۇنىڭغا ۋارقىراپ:

– ئاغزىڭنى يۇم! ئىڭرىما! ھېلى بىكار قاتتىق جازالىنىپ قالىسەن!–دېدى. ئامىنە قاتتىق ئاغرىق ئازابى ئىچىدە:

– مېنىڭ سۈتۈمنى نېمە قىلىسىلەر؟ ئۇ مېنىڭ بوۋىقىمنىڭ رىزقى ئىدى. ئەمدى ئۇنى كىملەرگە بېرىسىلەر؟ – دەپ سورىۋىدى. بىر گۇندىپاي ئايال:

– بىز ساڭا ئاغزىڭنى يۇم دېدۇق يۇم! بۇنىڭ نېمە قىلىنىشى بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! سېنىڭ گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئەگەر يەنە ئاغزىڭنى ئاچىدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈپ قالىسەن! – دەپ ۋارقىرىدى. ئامىنە بولسا ئۇلارغا گەپ قىلالمىدى. ئۇ ھالسىراپ قالغاندەك بولۇپ، كۆچسىزلىنىپ كېتىپ باراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۇندىپايلار چىقىپ كېتىشتى. ئۇزاق قالماي چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ، تاماققا قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن، گۇندىپايلار تۇتقۇن ئاياللارغا ھەر خىل گۆش ۋە تۇخۇمدىن قىلىنغان تاماقلارنى ئەكېلىپ، قاچىلىرىغا ئۇسۇپ بېرىشتى. تۇتقان ئاياللارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك تاماقلىرىنى شالاپشىتىپ، بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك يېيىشكە باشلىدى. ئامىنەنىڭمۇ قورسىقى قاتتىق ئېچىۋاتاتتى. ئۇمۇ تامىقىنى باشقىلار ئوخشاش، مەنمۇ ئۇلاردىن قېلىپ قالماي دېگەندەك قىلىپ، شالاپشىتىپ بىردەمدىلا يەپ بولدى. شۇ چاغدىلا ئامىنە بۇ تۇتقۇن ئاياللارنىڭ سۈتىنىڭ سىغىۋېلىنىش ئۈچۈن مەخسۇس بېقىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سۈتىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى تېخىچە ئاڭقىرالمايۋاتاتتى.

كەچقۇرۇن بولغان ۋاقىت ئىدى. «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ياندىش قىلىپ سېلىنغان كىچىك بىر دۇكانغا نۇرغۇن قىيسىق كۆز، پاناق بۇرۇن كىشىلەر ئولىشىۋالغان ئىدى. ھايال ئۆتمەي دۇكاننىڭ دېرىزىدەك بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاق خالاتلىق بىر ئايال ۋارقىراشقا باشلىدى:

- قېنى كىم قانچىلىك ئالىدۇ؟ ئۆچرەتكە تىزىلىڭلار! بۇنى تۇيغان ئادەملەر قاتار ئۆچرەتكە تىزىلدى. ئاندىن ھەر بىرسى يانلىرىدىن پۇللىرىنى چىقىرىپ، ھېلىقى ۋارقىرىغان ئايالغا بەرگەندىن كېيىن، بىردىن-بىردىن سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان ئاپئاق نەرسىنى ئېلىپ كېتىشتى.

چىن ئىسمىلىك بۇ مەخلۇقمۇ مۇشۇ سۈت سېتىۋالغۇچىلار قاتارىدىن بولۇپ، سۈتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر كورىغا قۇيۇپ قايناتتى. ئاندىن ئوچاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قازانغا ئۇ ئەتىگەن چىقىرىپ قويغان بىر سولياۋ خالتىدىكى ئادەمسىمان شەكىللىك گۆشنى سېلىپ قاينىتىشقا باشلىدى. گۆشنى بىر ئاز ۋاقىت قاينىتىپ پىشۇرغاندىن كېيىن بىر تەخسىگە ئېلىپ، قاينىتىلغان سۈتنى يەنە بىر ئىستاكانغا قويۇپ، مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان ئاق ھاراقتىن بىر نەچچە

ئىستاكان قويۇپ ئىچىۋالدى. ئۇ خېلى تەشكىللىك قالغاندەك قىلاتتى. ئۆزىنى ناھايىتى كۈچلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى ۋە: مانا بۈگۈن ئەمدى مېنىڭ ئەركەكلىكىم يۇقىرى پەللىگە يېتىدىغان بولدى. ئەمدى ھەر قانداق سەتەڭنىڭ قېشىغا بارسامۇ يۈخادىن چىققۇدەك ياشىۋالىدىغان بولدۇم.-دەپ ئويلىدى.

دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قورسىقىدىكى نامەلۇم بىر نېمە غوڭ-غوڭ قىلغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ، غوڭۇلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ھېلى ئۇ ئىچكەن سۈت بىلەن يېگەن گۆش گەپلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى:

- ھەي سۈت! سىزدىن مېنىڭ ئانام ئامىنەنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ؟ - سورىدى گۆش سۈتتىن. سۈتمۇ شۇئان زۇۋانغا كېلىپ:

- ھەئە! مەن شۇ، مەن ئامىنە دېگەن ئايالنىڭ سۈتى بولىمەن. سىز كىم بولىسىز؟

-ئەسلىدە مەن ئامىنەنىڭ بوۋىقى ئىدىم. مەن تۇغۇلۇپ سىز بىلەن ئۇچرىشىپ بولغۇچە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

- شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكەندۇ؟

-بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى» دېگەن ئىدارىسىدىكىلەر كېلىپ: «بۇ بالا پىلاندىن سىرت تۇغۇلدى» دېيىشىپ، ئوكۇل بىلەن جېنىمنى ئېلىشتى.

-ۋاي ئاللا! بۇ نېمە دېگەن ۋەھشىيلىك! شۇڭا سىز مەندىن ئوزۇقلىنالماپتىكەنسىز-دە؟ ئاللا مېنى سىز ئۈچۈن ياراتقان ئىدىغۇ؟ سىزنىڭ مېنى ئېمىپ چوڭ بولۇپ، ياشاش ھوقۇقىڭىز بار ئىدىغۇ؟

- ئۇغۇ شۇنداق ئىدى. مېنىڭمۇ بۇ دۇنيانى كۆرۈپ ياشىغۇم بار ئىدى. مەنمۇ ساق-سالامەت چوڭ بولغان

بولسام، ئىنسانلار ئۆچۈن تۆھپە قوشقان بولار ئىدىم. ئەمما ئۇلار نېمىشقىكىن مېنى ھېلىقى «پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى» دېيىلىدىغان يەرنىڭ دوختۇرلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. مەن ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئىدىمغۇ؟

ــ شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمە دېگەن ئەسكى ئادەملەردۇر؟ مېنىمۇ بىچارە ئانامنىڭ ئىچىدىن شىلانكا دەيدىغان بىر نەرسىنى تىقىپ سۇغۇرۇپ ئېلىشتى. ئەسلىدە مەن سىز ئۈچۈن ئوزۇقلۇق بولۇپ يارىتىلغان ئىدىم. ئەمما بۇلار ئۆزلىرى ئىچىۋېلىشتى. مەن بۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ رازى ئەمەسمەن!

ــ مەنمۇ شۇ، مېنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋاتقىنىغا قاتتىق ئاچچىقىم بار! مەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن!

ــ شۇنداق قىلايلى! بىز ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالايلى! ــ دېدى سۈت گۆشكە ھەمدە ئۇلار قاتىللاردىن ئىنتىقامنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا كېلىشىۋېلىشتى.

گۆش بىلەن سۈت بىرلىشىپ چېنىنىڭ قورسىقى ئىچىدە چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى قاتتىق مۇجۇشقا باشلىدى:

ــ ۋايجان، ۋىيەي! بۇ نېمە ئىش؟ سىلەر كىم؟ نېمىشقا مېنىڭ قورسىقىمنى قاتتىق مۇجۇيسىلەر؟ ــ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى چېن.

ــ بىز سەن بایاتىن يېگەن گۆش بىلەن سۈت بولىمىز، سەنلەر بىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ ۋە سۇغۇرۇۋېلىپ، مەززە قىلىپ يېيىشتىڭلار! ئىچىشتىڭلار! بۇ بىر ئېغىر جىنايەت! سەن بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلىشىڭ كېرەك!

ــ كەچۈرۈڭلار! كەچۈرۈڭلار! مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن ئىككىنچى بۇنداق قىلمايمەن! سىلەرنى ماڭا «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دىكىلەر سېتىپ بەرگەن ئىدى. مەن سىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغان. بولمىسا، مەن ئۆزۈم سىلەرنى

ئۆلتۈرگەن ۋە سۈغۇرۇۋالغان ئەمەس!

–ۋاي مەلئۇن! چوشقا! سېنىڭ بىزنى سېتىۋېلىپ يېگىنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈشى ۋە سۈغۇرۇۋېلىشى ئوخشاشلا جىنايەت!. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ ئۆلۈمگە لايىقسەن!

–مەن توۋا قىلدىم، مەن توۋا قىلدىم! مېنى كەچۈرۈڭلار! ئىككىنچى سىلەرنى سېتىۋېلىپ يېمەيمەن!

– گۆش بىلەن سۈت چېن نىڭ گېپىنى ئاڭلاپمۇ قويۇشمىدى. ئۇلار قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدى. ئۇلار چېن نىڭ قورسىقى ئىچىدە دەھشەتلىك قۇيۇندەك پىرقىراپ، چېن نىڭ قورسىقىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ تىرىپىسىنى تىتما–كاتاك قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چېن: «ۋايجان، ۋيەي! مەن توۋا قىلدىم! مەن توۋا قىلدىم! مەن ئەمدى ئادەم گۆشى يېمەيمەن، سۈتنى ئىچمەيمەن! »دېگەنچە چىرقىراپ جېنىدىن جۇدا بولدى.

# بوۋاينىڭ بورىسى

مەسۇم بوۋاي ئەۋلادتىن–ئەۋلادقا ئانا تۇپراقنى سۇغۇرۇپ ۋە كۆكەرتىپ كەلگەن ئەزىم دەريا قارا شەھەر دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان مۇشۇ قومۇشلۇق كەنتتە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا–بوۋىسىدىن ئاڭلىشىچە، ئۇلار مۇشۇ يەرگە يەرلىك بولۇپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقىنىغا نەچچە ئون ئەۋلاد بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەتراپى قومۇشلار بىلەن قاپلانغان، سۈيى ئەلۋەك، بېلىق ۋە ھايۋاناتلارغا تويۇنغان بۇ زېمىننى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنى قوغداش ئۈچۈن جىق قۇربانلىقلار بەرگەن ئىكەن. مەسۇم بوۋاينىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى ئەينى ۋاقىتتا كۇچادا قۇرۇلغان راشىدىنخان خوجا ھاكىمىيتى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قارا شەھەر دەرياسى بويىدا باسقۇنچى مانجۇلارنى قوغلاش، تۇڭگانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىكەن. كېيىن بەدۆلەت ياقۇپبەگ ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىمۇ، كورلا ۋە ئۈرۈمچىلەرگىچە بېرىپ، غازات ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىكەن. ياقۇپبەگ خىيانەتچى ساتقۇن نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تەخت ماجىراسى قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشماي ئۆز ئارا جېدەل قىلىشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچى ئەمەلدارى زوزۇڭتاڭ ھېچ قارشىلىقسىز ئۇچرىماستىن،

ناھايىتى تېزلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن چىچىلاڭغۇ ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرى ئەنجان ۋادىسىغا قېچىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئۇلار بىلەن قاچماستىن، ئانا يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا قالغان ئىكەن. ئۇ بىر مەزگىل پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، باسقۇنچى مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ئىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا قاراشەھەر دەرياسى ئەتراپىدا بىر نەچچە كۈن تۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مەسۇم بوۋاينىڭ ئاتىسىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى قاتارىدا ئۆزىنىڭ مۇجاھىت ئارمىيەسىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن ياردەمدە بولغان ھەمدە چوڭ ئوغلىنى ئەسكەرلىككە بەرگەن ئىكەن. مەسۇم بوۋاينىڭ ئاكىسى خوجىنىياز ھاجىم بىلەن قەشقەرگىچە جەڭ قىلىپ بېرىپ، ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ئىكەن. كېيىن مەسۇم بوۋاينىڭ ئاتىسى باسقۇنچى خىتاي مىللەتچىلىرى ۋە جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن خىلى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر تارتقان بولۇپ، مەسۇم بوۋاينىڭ يەنە بىر ئاكىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ئېلىپ كېتىلگەن ئىكەن. كېيىن ئۇ ئاكىسى مەشھۇر ئۇيغۇر قوماندان سوپاخۇن پولكوۋنىك قوماندانلىقىدىكى پولك تەركىبىدە غۇلجىدىكى مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىكەن. كېيىن ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ بايغىچە كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ، ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا توساتتىن غۇلجىدىن بۇيرۇق كېلىپ، ئاقسۇغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇن ئۇرۇشتىن توختىتىلىپ غۇلجىغا قايتۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭ

سەۋەبى بولسا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي مىللەتچى ھۆكۈمىتى (گومىنداڭ) ئوتتۇرىسىدا ئون بىر ماددىلىق بىتىمنىڭ تۈزۈلگەنلىكى ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدا بۇيرۇق كۈتۈپ يېتىشقا باشلاپتۇ. بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇلۇپ، تۇغۇلغان يۇرتى قارا شەھەرگە كېلىپ ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، يەنە ئاددىي دېھقانغا ئايلىنىپتۇ. بۇ چاغدا مەسۇم بوۋاي تېخى كىچىك بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئەسكەر بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ، خېلى جىق بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە ئۆزىدىمۇ ئەسكەر بولۇشقا بولغان قىزىقىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىكەن.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىيەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپتۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ، قارا شەھەر دەرياسى ۋادىسىغىچە يېتىپ كېلىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يەنىلا ئەسكەر بولۇشقا ھەۋىسى يۇقىرى بولۇپ، ئاتىسىغا ئەسكەر بولۇشنى ئېيتقاندا، ئاتىسى ئۇنى رەت قىلىپ: ئوغلۇم بۇ بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەمىزنى يوق قىلغان. ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان ئارمىيەدۇر. بۇنداق بىر ئارمىيەگە سېنىڭ ئەسكەرلىككە بېرىشىڭغا قوشۇلمايمەن! – دەپ ئۇنى رەت قىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەسۇم بوۋاي ئاددىي بىر دېھقان بولۇپ، بورىچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن ئىكەن.

مەسۇم بوۋاي مانا ھازىر سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن خۇشال-خۇرام ۋە خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇسكى، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى. تېخى ئۆتكەن يىلى ئاتا مىراس بورىچىلىق كەسپى بورىچىلىق

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوغلى مۇشۇ مەھەللىگە ياندىشىپ قىلىپ سېلىنغان پەنەركە تاختاي ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى بىلەن توقۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ بىر تۈركۈم زوراۋان ئىشچىلىرى مەسۇم بوۋايغا تەۋە قومۇشلارنى رۇخسەتسىز ئورۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلارغا: چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بۇ قومۇشلۇقنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئىچكىرىدىن كەلگەن بۇ زوراۋان ئىشچىلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ-دە، ئىككى تەرەپ بىلەن توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. زاۋۇتنىڭ ئون نەچچە نەپەر كەلگۈندى ئىشچىسى بىر بولۇپ، مەسۇم بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ساقچىغا ئەرز قىلىدۇ. نەتىجىدە ساقچىلار كېلىپ زاۋۇت ئىشچىلىرىغا ھېچقانداق گەپ سۆز قىلماستىن ئەكسىچە، مەسۇم بوۋاينىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. مەسۇم بوۋاي بۇ ئىشنىڭ ناھەق بولغانلىقىنى ئېيتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەرزىيەت ئىدارىسىغىچە ئەرز قىلىپ بارىدۇ. ئەمما بوۋاينىڭ گېپى ھېچ يەردە ئاقمايدۇ. ناھىيەلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئوغلى ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن ۋە ئېغىر جازالىنىدىكەن. مەسۇم بوۋاي ۋىلايەت مەركىزى بولغان كورلا شەھىرىگە بېرىپمۇ ئەرزىنى ئاقتۇرالمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ كورلا شەھىرىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر كادىر تۇغقىنىمۇ بۇ ئىشقا بىر چارە تاپالمايدۇ.

مەسۇم بوۋاي ئوغلىنىڭ ناھەق جازالانغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ خاپا ئىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ دۇنيا نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ؟ ئادالەت دېگەن نېمە بارمۇ؟ بۇ قانداق ھۆكۈمەت؟ نېمىشقا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىنىقلاپ چىقىپ، ئادىل بىر تەرەپ قىلمايدۇ؟ زامان زورنىڭ،

تاماشا كورنىنىڭ دېگەن دەۋر ئەمدى يېتىپ كەلدىمۇ نېمە؟ بۇ قومۇشلۇقلار بىزگە ئاتا مىراس تەۋەررۇك ئەمەسمىدى؟ بىز ئۇ يەرنى تا ئابدۇرىشتخان زامانىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزىمىز پايدىلىنىپ كەلگەن تۇرساق، ئۆزىمىز تەۋە ئىكەنلىكىگە ئائىت يەر خېتىمۇ بار تۇرسا، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بىزنىڭ ھەق داۋالىرىمىز ئاقمايدۇ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى قويدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ساددىلارچە سوئالىغا جاۋاب تاپالمىدى. ئۇ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر باسقۇنچى ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى، خەلقنى تالان-تاراج قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىكەنلىكىنى، باسقۇنچىلارنىڭ ئەزەلدىن باشقىلارغا رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ يەتمەكتە ئىدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، مەسۇم بوۋايغا ھېچقاچان خاتىرجەملىك نېسىپ بولمىدى. «بالا كەلسە قوش كېلىپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە بىر دەرد ئۇنىڭغا خۇددى تاغ بېسىۋالغاندەك ئېغىر بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇقتۇرۇشتا دېيىلىشىچە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى قومۇشلۇق ۋە تېرىلغۇ يەرلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان پەنەركە تاختاي زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن ئىكەن. ئۇ ئەمدى بۇ باغ-ۋارانلىق گۈزەل ھويلىسىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان بىنا ئۆيگە كۆچۈشكە ھازىرلىق قىلىشى كېرەك ئىكەن. مەسۇم بوۋاي ئۇ كۈنى ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە: بۇ قانداق گەپ؟ نېمىشقا ئۇلار مەندىن سورىمايلا ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ ماڭا تەۋە بولۇپ كەلگەن يەرلىرىمنى، باغ-ۋارانلىرىمنى، ئۆي-جايلىرىمنى سېتىۋېتىشىدۇ؟ «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەندە؟ -دەپ قايناپ كەتكەن ئىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ئېگىز

بــوي كەلگــەن پوچتــا توشۇغۇچىســى بولســا بوۋايغــا تەســەللى بىرىــپ: مەســۇم بــوۋا، ئارتۇقچــە قايغۇرمىســىلا! بــۇ يۇقىرىنىــڭ ئورۇنلاشتۇرۇشــى، ھازىــر ھەممــە يــەردە زاۋۇت، كان-كارخانــا، ئىقتىسادىي رايونــلار قۇرۇلۇۋاتىــدۇ. شــۇ ئارقىلىــق دۆلــەت خەلقنــى بېيىتماقچــى ئىكــەن. بىــز پۇقــرالار دۆلەتنىــڭ سىياســىتىنى قوللىشــىمىز ۋە ئۇنىڭغــا ماسلىشىشــىمىز كېــرەك! بولمىســا دۆلــەت سىياســىتىگە قارشــى چىققــان بولــۇپ، جازاغــا ئۇچــراپ قالىمىــز. ئاقىۋىتىمىــز ياخشــى بولمايــدۇ! -دېگــەن ئىــدى. مەســۇم بــوۋاي ئۇنىــڭ گېپىگــە قايىــل بولمــاي بېشــىنى چايقــاپ: دۆلەتكــە باشــقا يەردىــن يــەر تېپىلمامــدۇ؟ ئــۇلار زاۋۇتنــى ئاشــۇ كــەڭ كەتكــەن قۇملۇقلارغــا سالماي، نېمــە دەپ تېرىلغــۇ يەرلەرنــى ئىگىلــەپ، بــۇ يەرلەرگــە مەھەللــە ئىچىگــە سالىدۇ؟ مــەن بــۇ يەردىــن ھەرگىزمــۇ كۆچمەيمــەن. يامــان بولســا ئــۇلار مېنىــڭ جېنىمنــى ئېلىشســۇن! -دېگــەن ئىــدى. پوچتىكــەش كىشــى يەنــە بوۋايغــا: بــوۋا، ئۇنــداق دېمىســىلە! سىــلىنىڭ دېگــەن گەپلىــرى ھازىــر ئاقمايــدۇ. ھەممــە كىشــى ھۆددىگــە بېرىلگــەن يەرلىرىنــى دۆلەتكــە قايتۇرۇۋاتىــدۇ. ھېچكىــم ئــۇ يەرلەرنــى مېنىــڭ دېيەلمەيــدۇ. دۆلــەت ھازىــر پۈتــۈن يەرلــەر دۆلەتكــە تــەۋە دەۋاتىــدۇ. شــۇڭا ھەممــە يــەردە يۇقىرىنىــڭ گېپــى گــەپ بولۇۋاتىــدۇ. بىــز ئادەتتىكــى پۇقرالارنىــڭ ئۇلارغــا بويسۇنماقتىن باشــقا چارىمىــز يوقتــۇر. دۆلــەت ســىلىنى ئىچىــدە ھەممــە نېمىســى بولغــان بىنــا ئۆيگــە كۆچــۈرۈپ قويىــدۇ. ســىلى ئــۇ يــەردە راھــەت ياشــايدىلا!

مەسۇم بــوۋاي بىلەن پوچتىكەش مۇشــۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق تالاش-تارتىــش قىلىشتى. ئەممــا ھېچقايىسى بىــر بىرسىنى قايىل قىلالمىــدى. پوچتىكــەش كەتكەندىــن كېيىــن، بــوۋاي ھويلىســىغا كىرىــپ، ئۈستىگە بــورا ۋە كىگىــز سېلىنغان سۇپىســىدا ئولتــۇرۇپ يەنــە خىيــال قىلىشــقا باشــلىدى: «ئــاھ، مايســىخان! بالىلىرىمنىــڭ ئانىســى، ئەللىــك يىللىــق ھەمراھىــم. ســەن نېمىشــقا ئــۇ دۇنياغــا

كەتكەنسەن؟ سەن كەتكۈچە مەن كەتسەم بولمامدۇ؟ سەن مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرگۈم يوق دەپ ئويلىغان بولغىيمىدىڭ؟ ئاللاغا بۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمەسلىكنى سورىغانمىدىڭ؟ ھايات بولغان بولساڭ، كۆز ئالدىڭدا ئوغلۇڭنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىگە، قولىغا كويزا سېلىنىپ، بېشىغا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، ھەيدىلىپ مېڭىشىغا چىدارمىتىڭ؟ ئۇ كۈنلەرنى كۆرگەن بولساڭ، يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتەر بولغىيمىدى؟ مېنىڭ يۈرىكىم قانداق يۈرەكتۇ؟ نېمىشقا يېرىلىپ كەتمەيدىغاندۇ؟ بۇنچە خورلۇقلارنى قانداقمۇ كۆتۈرىدىغاندۇ؟ ھازىرلا يېرىلىپ كەتسە، مەنمۇ سەن كەتكەن ئاشۇ ئاللانىڭ كەڭرى ئالىمىگە كەتسەم بولمامدۇ؟ ئاھ خۇدا! مېنىمۇ تېزرەك ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكەيسەن! »

بوۋاي قانچە ئۇزۇن خىيال قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇ قوي-ئۆچكىلىرىنىڭ مەرىشى بىلەن ئۇلارغا تېخى كەچلىك يەمنى بەرمىگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېغىلنىڭ يېنىدىكى سامانلىقتىن بىر سېۋەتكە سامان ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ خېلى ئۇزاق يۇغاندىن كېيىن، قازناق ئۆيدىن بىر داس كېپەك ئېلىپ چىقىپ، سامان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ ئېتىپ، قوي-ئۆچكىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى بېسىقتۇردى. ئارقىدىن توخۇ-چۈجىلەرنىڭ چۇكۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بوۋاي يەنە بىر كورىدا بۇغداي دېنى ئېلىپ چىقىپ، چۈجە-خورازلارنىڭ زۇۋانىنى بېسىقتۇردى. بوۋاي ئەمدى ئۇھ! دەپ بولغۇچە سۆيۈملۈك ئېشىكىنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي شوتا بىلەن سامانلىقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قۇرۇتۇپ قويغان ئوت-چۆپلەردىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئوقۇرغا تاشلىدى. بوۋاي سۆيۈملۈك ئېشىكىنىڭ ئوت يېيىشىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ھاياجانلاندى. كۆزىگە ياش كەلدى. ئەمدى ئۇ بۇ سۆيۈملۈك ئېشىكىدىن

ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇ ئىشەك بوۋاينىڭ قەلبىنىڭ ئىغىر دەردكە تولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەلۋەتتە! شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، غەمدىن خالىي ھالدا ئوتىنى يېمەكتە ئىدى. بوۋاي دەردىنى ئۇنىڭغا تۆكۈشكە باشلىدى: «ھەي! سۆيۈملۈك ئىشىكىم، سەن نېمە دېگەن بىغەم-ھە! سېنىڭ ھېچقانداق غېمىڭ يوق، قورسىقىڭ ئاچسا ھاڭراپ قويسەن شۇ، قورسىقىڭ تويسا پۇشۇلداپ تۇرغىنىڭ تۇرغان! قۇلىقىڭغا ھېچنېمە كىرمەيدۇ. بېشىڭنى ھېچكىم ئاغرىتمايدۇ. يۈرىكىڭنى ھېچكىم ئازابلىمايدۇ. سېنىڭ ھېلىمۇ ئىشەك بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىڭ ياخشى بولۇپتىكەن. ئەگەر مەندەك ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان بولساڭ، كۆرمىگەن كۈنۈڭ، تارتمىغان ئازابىڭ قالمايتتى. ھېلى بالاڭنى ئۇنداق قىل دەيتتى، ھېلى كالاڭنى مۇنداق قىل دەيتتى. ئۇنداق قىلمىساڭ، ساڭا سالمىغان ئازابلىرى قالمايتتى. ھېلى بىز بىلەن قارشىلاشتىڭ دەيتتى، ھېلى ئەشەددىي دەيتتى، ھېلى ئەسەبىي دەيتتى. مېنىڭ يېگانە ۋارىسىم بولغان ئوغلۇمنى تۇتۇپ كەتكەندەك بالىلىرىڭنى تۇتۇپ كېتەتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىڭ ساقايماس ئازابقا دۇچار بولاتتى. مانا ئەمدى بۇ دۆلەت-ھۆكۈمەت دېگەنلەر سېنى مەندىن ئايرىۋاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ سەندىن قەتئىي ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ئەمما سېنى مەن قانداقمۇ ئىگىز قەۋەتلىك بىنالارغا ئېلىپ چىقىپ، ئېلىپ چۈشۈپ باقالايمەن؟ مېنى كەچۈرگىن سۆيۈملۈك ئىشىكىم! مەن ساڭا قەرزدار، سەن ماڭا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ بەردىڭ. سېنى ئاچچىقىم كەلسە ئۇرۇپ-قامچىلاپمۇ قويدۇم. سەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشىلىق قىلمىدىڭ! خوش خوجايىن! دەپ بېشىڭنى ئىچىگە تىقىپلا تۇردۇڭ! سېنىڭ بۇ سادىقلىقىڭنى ھېچنېمە دورىيالمايدۇ. شۇڭا مەن سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ئىشىكىم! ئەگەر بىز ئايرىلىپ كېتىپ قالساق،

سېنىڭ تەقدىرىڭ قانداق بولۇپ كېتەر؟ سېنى يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتەرمۇ؟ ياكى ئۆلتۈرۈپ يەۋېتەرمۇ؟ ــ دەپ ئەندىشە قىلىمەن! سەندىن ئايرىلىشقا قەتئىي كۆزۈم قىيمايدۇ. مەندىن ئايرىلىشقا بەلكى، سېنىڭمۇ يۈرىكىڭ چىدىمايدىغاندۇ؟ ».

بوۋاينىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزى تۆگىشى بىلەنلا ئېشەك خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك: ھاڭ، ھاڭ! ــ دەپ ھاڭراپ قويدى.

بۇ بەلكى ئۇنىڭ ھە، ھە! سەندىن ئايرىلىشقا مەنمۇ چىدىمايمەن! دېگەنلىكى ئېھتىمال ئىدى. دېمىسىمۇ توغرا! ھايۋانلاردىمۇ ھېسسىي تۇيغۇ بولىدۇ ــ دە، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە ياخشى قارىغانلارغا ۋاپادارلىق قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئايرىلىشقا چىدىمايدۇ. ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ھەممىنى ئىلغىماي يەيدىغان گۆشخورلاردىن تېخىمۇ قورقىدۇ.

مەسۇم بوۋاي ئۇزاق مەزگىل ھايۋانلار بىلەن ھەپىلەشكەچكە ئۇلارنىڭ فىلولوگىيەلىك ھەرىكەتلىرىدىن كېلىپ چىققان تۇيغۇلىرىنى چۈشىنەتتى. ئەلۋەتتە! ئۇ ئېشەككە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ توختىماي ئۇياق ــ بۇياققا قاراۋاتقان ھەرىكىتىدىكى غەلىتىلىكتىن، ئەندىشىلىرىنى بىلگەندەك بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: ئەندىشە قىلما جانىۋار! مۇمكىن بولسا، مەن سېنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن. ئەگەر مېنى سەندىن مەجبۇرىي ئايرىۋەتمەكچى بولسا سەن قېچىپ كەتكىن! ھەرگىزمۇ يىراق يەردىن كەلگەن كەلگۈندىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالما! ئۇلار سېنىڭ گۆشۈڭنى مەززە قىلىپ يەۋېتىشى مۇمكىن! ــ دېدى ۋە ئېشەكتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆز يېشى قىلدى.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى مەسۇم بوۋاي قالايمىقان چۈش

كـۆرۈپ قەتئىـي ياخشـى ئۇخلىيالمـىدى. ئـۇ چۈشـىدە: ئېگـىز بىـر تاغنىـڭ ئۈسـتىگە چىقىـپ قالغـان بولـۇپ، ئەتراپىنـى قويـۇق بۇلۇتـلار قاپـلاپ كەتكـەن ئىـدى. تۇسـاتتىن ئـۇ بۇلۇتـلار بىـر قـارا قۇيۇنغـا ئۆزگىرىـپ چۆرگۈلـەپ كەلگەنچـە بوۋاينـى ئىچىگـە ئېلىۋېلىـپ، ئاسـمان قەرىگـە ئېلىـپ چىقىـپ كەتتـى. بـوۋاي قورقۇنـچـىدىن مايسـىخان، ئوغلـۇم مۇتەللىـپ! سـىلەر نـەدە؟ مېنـى قۇتقـۇزۇۋېلىڭلار! –دەپ ۋارقـىراپ كەتتـى.

بـوۋاي قورقۇنـچـىدىن قىزىـق تەرلـەپ ئويغىنىـپ كەتتـى. يېنىـدا ئۇنىڭغـا تەسـەللى بېرىدىغـان ھېچكىـم يـوق ئىـدى. ئـۇ ئاسـتا قوپـۇپ دىرىـزىدىن سـىرتقا قارىـۋىدى، تېخـى تـۈن كېچـە ئىكـەن. ئـۇ چىراغنـى ياندۇرۇشـتىن ئېھتىيـات قىلىـپ، يامـان تەسـتە چۈگۈننـى ئىـزدەپ تېپىـپ، قاراڭغۇلـۇق ئىچىـدە تاھـارەت ئالـدى. ئانـدىن يۈكۈنـۈپ ئولتـۇرۇپ، ئىككـى رەكـەت تەھەججۇت نامىـزى ئوقۇۋالغاندىـن كېيىـن، دۇئاغـا قـول كۆتـۈردى: «ھـەي ئالـلا! سـەن ھەممىگـە قادىرسـەن ئالـلا! مۇشـۇ سەكسـەن ياشـلىق ئۆمرۈمگىچـە ئۆتكۈزگـەن بارلىـق خاتالىقلىرىـم بولسـا كەچۈرگەيسـەن يـا ئالـلا! مېنـى مۇشـۇ ئاخىرقـى ئۆمرۈمدىكـى بـۇ خارلىقتىـن، قېرىلىقتىكـى مەينەتچىلىكتىـن قۇتقۇزغايسـەن يـا ئالـلا! مـاڭا يەتكۈچـە ئۆمـۈر بەردىـڭ يـا ئالـلا! بۇنىـڭ ئۈچـۈن سـاڭا مىـڭ مەرتىـۋە شـۈكرى ئېيتىمـەن يـا ئالـلا! ئەمدى سـەندىن تىلەيدىغىنىـم شـۇكى، مۇشـۇ ئاجىزانـە تېنىمنـى ئېغىـر كۈنگـە قويمـاي، روھىمنـى ئـۆز دەرگاھىڭغـا ئېلىـپ كەتكـەن بولسـاڭ يـا ئالـلا! يـا ئالـلا! شـۇ تۇتۇلـۇپ كەتكـەن ئوغلۇمنىـڭ تۆرىمىدىكـى ئېغىـر كۈنلىرىنـى ئاسانلاشـتۇرۇپ بەرگەيسـەن يـا ئالـلا! ئۇنـى ئىبراھىـم ئەلەيھىسسالامنى ئـوت ئىچىـدە ياختىنـى ساقلىغاندەك ئـۆز پاناھىڭـدا ساقلىغايسـەن يـا ئالـلا! ئۇنـى سـاڭا تاپشـۇردۇم يـا ئالـلا! سـەن مەرھەمەتلىكلەرنىـڭ ئـەڭ مەرھەمەتلىكسـەن يـا ئالـلا! مەندىنمـۇ مەرھەمەتىڭنـى ئايىمىغايسـەن يـا ئالـلا! ئامىـن،

ئامىن! » مەسۇم بوۋاينىڭ قانچە ئۇزۇن دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ شۇ جايدىلا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، سەھەردە چىللىغان خورازنىڭ ئاۋازى بىلەن قاق سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. سەھەر تۇرۇش ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى ئىدى. ئۇ چىراغنى ياندۇرماستىن دالان ئۆيدىلا تاھارەت ئېلىپ، مەخپىي ھالدا بامدات نامىزىنى ئوقۇۋالدى. ئاندىن، سىرتقا چىقىپ ئەتىگەندىلا چىللاشقا باشلىغان توخۇلىرىغا دان بېرىپ بولغاندىن كېيىن، شوتا بىلەن ئاستاغىنا قوتان ئۆگزىسىگە چىقىپ، يازنىچە يىغىپ قۇرۇتۇپ قويغان بېدە ۋە ئوت-چۆپلەردىن ئېلىپ چۇشۇپ، ئوت-چۆپلىرىنى قوي-ئۆچكىلەرگە، بېدىنى سۆيۈملۈك ئېشىكىگە سېلىپ بېرىپ، ھايۋانلارنىڭ قورسىقىنىڭ غېمىنى قىلدى. ئۇنىڭچە، تىلسىز ھايۋانلارنى ئاچ قويۇش ئېغىر گۇناھ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىمۇ ناشتا قىلماستىن ئەڭ ئالدى بىلەن ھايۋانلارنىڭ يەم-خەشەكلىرىنى بېرەتتى. ئاندىن ئۆزى ناشتا قىلاتتى.

مەسۇم بوۋاي ئالدىنقى كۈنى بازاردىن ئەكېلىۋالغان نان بىلەن قايماق چاي قىلىپ ئىچىۋالدى-دە، ئاندىن ھويلىغا چىقتى. كۈن قىزىللىقى يوقاپ، ھاۋا خېلىلا سوۋۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ تال باراڭلىق ۋە ئارقا تەرىپىدە كىچىككىنە باغچىسى بولغان بۇ ھويلىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھويلىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. بۇ ھويلا ئۇنىڭغا شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جەننىتى ئىدى. ئۇ «: مانا ئەمدى مەن بۇ جەننىتىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم، ئەمدى دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرەرمەنمۇ؟ قېرىغان جېنىمدا ماڭا ئەمدى نېمە كۈنلەر بۇ؟ »-دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. شۇ ئەسنادا بىر چەتكە دۈۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق قومۇشنىڭ ئارىسىدىن بىر نەچچە تال چاشقان

چىقىپ، ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەسكى تاملىق تەرەپكە كېتىشتى. بوۋاينىڭ دىققىتى ئەمدى قومۇشلارغا بۇرۇلدى. قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار ئوغلى تۇتۇلۇپ كەتكەندىن بۇيان بېسىلىپ تۇرماقتا ئىدى. ئەگەر ئوغلى بولغان بولسا بۇ چاغقا ئاللىقاچان بورىلار توقۇلۇپ، بازاردا سېتىلىپ تۈگىگەن بولار ئىدى. بوۋاي بۇ قومۇشلارنىڭ شۇ پېتىم تاشلىنىپ قېلىشى ياكى بۇ قورۇ-جايلارنى سېتىۋالغان كەلگۈندىلەر تەرىپىدىن ھەقسىز ئىشلىتىلىپ كېتىشىگە چىدىمايتتى. بۇ قومۇشلاردىن ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئون نەچچە دانە بورا توقۇغىلى بولاتتى. بوۋاي ياش ۋاقتلىرىدا سائەتتە بىر دانىدىن بورا توقۇپ بولاتتى. ئەمدى ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا ئىلگىرىكىدەك چاققان ئىش قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ: «قانداق بولار؟ بىر تال بورىنى قانچىلىك ۋاقىتتا توقۇپ بولارمەن؟ »دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن ئىش باشلىدى.

بورىنى توقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قومۇشلارنى يەرگە يېيىپ، مەخسۇس ياسالغان ئۇزۇن ساپلىق سوقماقلار بىلەن ئۇرۇپ يالپاقلىناتتى. ئاندىن ئېزىلگەن تاللارنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا قويۇپ، بىر-بىرسىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇلۇپ، ئۈچى تەرەپلىرى كېسىۋېتىلىپ، ئۇزۇنسىغا قويۇلغان تەرەپنىڭ قېتىغا قىستۇرۇلاتتى. ئاندىن ئارىلىقلىرى زىچلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىدىن سوقماق بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇلۇپ، سىپلاشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بورىلار ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولۇپ پۈتۈپ چىقاتتى.



مەسۇم بوۋاي ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا بىرىنچى بورىسىنى توقۇپ بولدى. ئەمدى ئىككىنچى بورىنى توقۇماقچى بولۇپ قومۇشلارنى يەرگە يېيىپ، ئۇنى يالپاقلاش ئۈچۈن سوقماقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، يېقىنلا يەردىن قاتتىق

ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىللە غارقىرىغان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەسۇم بوۋاي نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ باقاي دەپ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ دەرۋازىنى ئېچىشىغىلا، نۇرغۇن ساقچى ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ماشىنىلىرىدىن چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدىلا توختاشقىنىنى، بۇلار بىلەن بىللە بىر نەچچە كاستۇم بۇرۇلكا كىيىۋالغان يېزا كادىرى ۋە ساقچىلارنىڭمۇ بارلىقىنى، بىر نەچچە يوغان قورساق كىشىلەرنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ھەيدەۋاتقانلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى: مانا بۇ بىز سېتىۋالغان قورۇ جايلارنىڭ بىرسى. بىز بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنى بوگۈن يېڭى بىناغا كۆچۈرۈپ، بۇ جايلارنى تۈپتۈز قىلىپ، قۇرۇلۇش پىلانىمىزغا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك! ماشىنىلار تەييار بولۇپ تۇرسۇن، بىز ئالدى بىلەن بۇ قورۇدا تۇرىدىغان ئادەملەرنى يۆتكىلىشكە ئورۇنلاشتۇرايلى!

مەسۇم بوۋاي ياتلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇ كەلگەن بۇ توپنىڭ ئارىسىدىن كەپكە كىيىۋالغان بىر يېزا كادىرىنى تونۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇ كىشى بوۋاينىڭ خىيالىنى بىلگەندەك ئالدىغا كېلىپ، بىر قەغەزگە كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان ئۇقتۇرۇشنى تەڭلەپ:

– بوۋا بۈنىڭغا دەرھال قول قويۇۋەتسىلە! ئالدىنقى ئۇقتۇرۇشتا ئېيتىلغاندەك بۇ ئۆي-جاي چېقىلىدۇ. بۇ يەر پەنەركە تاختاي زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلدى. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ مۇھىم قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قارشى چىقىشىغا بولمايدۇ!

– مەن، مەن بۇ ئۆي-جايىمنىڭ سېتىلىشىنى خالىمايتتىم. بۇ قېرىغان جېنىمدا مېنى باشقا جايغا كۆچۈرمەي، ئۆز ئارامىمدا قويساڭلار بولمامدۇ؟ –دېدى بوۋاي ئۆزىنىڭ

نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ،

– ياق، بولمايدۇ! بۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش–تەرەققىيات ئىشلىرىغا ماسلىششىمىزنىڭ تەلپى، شۇنداقلا بۇ بىر سىياسىي ۋەزىپىدۇر.

– ئەمدى دەيمەن! مەن بىر كېسەلچان ئادەم، يېشىم سەكسەنگە بېرىپ قالدى. نەچچە كۈنلۈكۈم قالغاندا مۇشۇ قورۇ–جايىمدىن كۆچۈرمىگەن بولساڭلار!

–مەن دېدىمغۇ؟ بۇ بىر دۆلەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ۋەزىپە! ئۇنداقكەن ھېچكىمنىڭ تەلپى قوبۇل قىلىنمايدۇ! كىم ياش، كىم ياشانغان! كىم ساق، كىم كېسەل! دەپ ھېچكىمگە ئېتىبار قىلىنمايدۇ.

– ئەمىسە ماڭا بىر نەچچە كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭلار! مەن بۇ بورىلارنى توقۇۋالاي، ئاندىن باغ–ۋاران ۋە قوي چارۋىلىرىمنى سېتىپ قولدىن چىقىرىۋالاي!

– ياق، بۇنىڭغىمۇ بولمايدۇ! مەن دېدىمغۇ؟ –بۇ بىر جىددىي سىياسىي ۋەزىپە. سىزنىڭ قورۇ–جايىڭىز ئاللىقاچان باھالىنىپ، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە يېڭى سېلىنغان بىنادىن ئۆي بېرىلىدۇ. پەقەت ئۆزىڭىز كىيىدىغان كىيىم–كېچەك ۋە تاماق يەيدىغان قاچا–قۇچىلارنى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

– ئۇنداق قىلماڭلار! ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن!– دېدى مەسۇم بوۋاي كۆز يېشى قىلىپ، –مەن ئۈچۈن ئۇ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرىغا دەپ بېقىڭلار! مەن ھېچ بولمىغاندا بۇ قومۇشلاردىن بورىلارنى توقۇۋالاي! ئۇنى ئوغلۇم نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئورۇپ، توشۇغان ئىدى.

– ئۇ بورىلارنى نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇ بورىلار ئەمدى سىزگە لازىم بولمايدۇ.

– نېمىشقا لازىم بولمايدىكەن؟ بىز كاۋغا كىگىز سېلىشتىن بۇرۇن ئاستىغا بورا سېلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، نەملىك گىلەم–كىگىزلەرگە ئۆتۈپ كېتىپ، ياخشى بولمايدۇ. بەل ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

–نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنلا! سىلىنى كۆچۈرمەكچى بولغان بىنا ئۆيلەرگە كاڭ سېلىنمىغان. مورىسى يوق. پار بىلەن ئىسسىتىلىدىغان ئۆيلەردۇر. كونا ئادەتلەرنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنىشى چەكلىنىدۇ. سىلى ئۇ ئۆيلەرگە مەخسۇس ئىچكىرىدە ياسالغان كارىۋات ۋە سافالارنى قويۇشلىرى كېرەك! بولمىسا جەرىمانە تۆلەيدىلا!

– مەن قەۋەتلىك ئۆيلەرگە چىقىپ چۈشەلمەيمەن. ماڭا رەھىم قىلىڭلار!

– ياشانغانلارغا يەر قەۋەتتىن ئۆي بەرسەكمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئىلتىماس قىلىشلىرى كېرەك! سىلىگە شۇنىمۇ دەپ قويۇشۇم كېرەككى، سىلى كارىۋات ۋە سوپا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىنالا بەش مىڭ سوم پۇل تاپشۇرۇشلىرى كېرەك! پۇللىرى بولمىسا سىلىگە بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرىمىز !

–ياق، مەن ئۇنداق كارىۋات، سوپا دېگەنلەردە ياتالمايمەن. ماڭا بىر پارچە بورا بىلەن بىر تال كىگىز بولسىلا يېتىدۇ.

– تولا جاھىللىق قىلمىسىلا! كونا ئۆرپ–ئادەتكە تەۋە نەرسىلەردىن ھېچقايسىسىنى يېڭى بىناغا ئېلىپ كېلىشكە بولمايدۇ! بولمىسا تالادا قالىلا، ئۇ چاغدا ھېچكىم سىلىگە ئىگە بولمايدۇ! ئەڭ ياخشىسى بۇ ھۆججەتكە قول قويۇپ، كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلسىلا!

– ياق، مەن كۆچمەيمەن. نېمە بولسام مۇشۇ يەردە

بولىمەن. ئۆلسەممۇ مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن. نېمە قىلساڭلارمۇ مەيلى! ــ دەپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى بوۋاي.

ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ساقچى باشلىقى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ يېزا كادىرىغا:

ــ نېمە بولدى؟ نېمە دەيدۇ بۇ قېرى ئەبلەخ؟ــ دەپ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا سورىدى ئۇنىڭدىن.

ــ بۇ بوۋاي ئۆيدىن كۆچمەيمەن! ماڭا رەھىم قىلىڭلار! ــ دەيدۇ.

ــ نېمىگە رەھىم قىلىمىز؟ تامادى (ئاناڭنى). بولمايدۇ. بىز كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتىدە: «رەھىم قىلىش» دېگەن گەپ يوق! بىز بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك! ئۇنىڭغا دېگىن، 5 مىنۇت ئىچىدە دەرھال لازىملىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋالسۇن. بۇ قورۇ-جاينى چېقىش باشلىنىدۇ. مەسۇم بوۋاي ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ــ دېگەندەك قىلىپ، يېزا كادىرىغا قارىۋىدى، ئۇ بوۋايغا گەپ قىلىمەن دەپ، ئېغىزىنى ئېچىپ بولغۇچە، ئىككى دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى موتورىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىرى دەرۋازىنى قومۇرۇشقا، يەنە بىرى تامنى ئۆرۈشكە باشلىدى. مەسۇم بوۋاي ئۆزىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئاتماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ساقچىلار دەرھال كېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى-دە، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ قويۇشتى.

ئەتراپتا چاڭ-توزان بىر ئالدى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قورۇ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ بولغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈۋاتاتتى. گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى. مەسۇم بوۋاي ئاغزىنى ئېچىپ، بىر نەرسە دەۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايۋاتاتتى. نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بەلكى ئۇ: «مەن

كۆچمەيمەن، ماڭا رەھىم قىلىڭلار! »دەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۆي تاملىرى تامامەن ئۆرۈلۈپ بولغان بولۇپ، توپا-چاڭلارمۇ بىرئاز سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. تۇساتتىن بوۋاينىڭ قوي-ئۆچكە ۋە توخۇلىرىنىڭ مەرەشكەن، قاقىلداشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي قوتان، كاتەك تەرەپكە قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. پەنەركە تاختاي زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى بولسا كېرەك! بىر تۈركۈم قىيسىق كۆز كىشىلەر قولىغا پىچاق ئېلىۋالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن قوي-ئۆچكىلەرنى بوغۇزلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن توخۇلارنىڭ گېلىدىن سىقىپلا ئۆلتۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلاردىن يەنە تۆت-بەشى قولىغا ئۇزۇن كالتەكلەرنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئېشەكنىڭ دۈمبە، پاچاقلىرىغا توختىماي ئۇرۇۋاتاتتى. ئېشەك بولسا جېنىنىڭ بارىچە ھاڭراپ، ئارقا پۇتى بىلەن ئۇلارنى تېپىپ يىقىن كەلتۈرمەيۋاتاتتى. بۇ ۋەھشىيلىككە بوۋاي چىدىمىدى:

— ھەي! ھايۋاندىن بەتتەر مەخلۇقلار، نېمىشقا تىلسىز ھايۋانلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ جېنىمۇ جان ئەمەسمۇ؟ بولدى قىلىشىڭلار! مېنىڭ سۆيۈملۈك ئېشىكىمنى ئۇرماڭلار! ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! —دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بوۋاينىڭ يېنىدا ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان ساقچىلار بولسا: ۋارقىرىما قېرى ئەبلەخ! دەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تال قاتلانغان لاتىنى تىقىپ قويدى. نەپسى سىقىلىپ قالغان بوۋاي ئۇزاق قالمايلا ھوشىدىن كەتتى.

بوۋاي قانچىلىك ھوشسىز ياتتىكىن ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ ھاك پۇراپ تۇرغان كىچىك بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزىنى كۆردى. بۇ يېڭى سالغان بىنادىكى بىر ئۆي بولۇپ، ئۇ بوۋاي ياتقان ئۆيدىن باشقا يەنە ئىككى ئىشىك تۇراتتى، ئۇ ئۆملەپ دېگۈدەك ئىشىك

يېنىغا بېرىپ قارىۋىدى، بىر ئاشخانا ۋە يەنە بىر مۇنچا ئۆيى بولۇپ، جەمئىي ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدەك قىلاتتى. ئۆي تېخى سەرەمجانلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، نە بىر كارىۋات، نە بىر كىيىم-كېچەك قويىدىغان ئىشكاپ، نە ئولتۇرىدىغانغا سۇپا-ئورۇندۇقلار يوق ئىدى. بوۋاي ئۆزىنى كىچىك بىر قەپەسنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، سىقىلىشقا باشلىدى-دە، ۋارقىراپ كەتتى:

- ھەي! كادىرلار! دۆلەت، ھۆكۈمەت دېگەنلەر سىلەر نەدە؟ مېنى قەيەرگە ئەكېلىپ قويۇشتۇڭلار؟ بۇ قەپەسنىڭ ئىچىدە ماڭا نېمە بار؟ مېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭلار! مەن ئۆلسەممۇ ئۆز ئۆيۈمدە ئۆلەي! نېمە بولسام ئۆز ماكانىمدا بولاي! ماڭا رەھىم قىلىڭلار!

مەسۇم بوۋاينىڭ ئاۋازىنى يۇقىرى قەۋەتتىكى قوشنىلىرى ئاڭلىغان بولسا كېرەك! ئۇلار ھومىيىدەپ چۈشۈپ، بوۋاينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بوۋاي ئىشىكنى ئېچىۋىدى، بىر نەچچە ناتونۇش چىراي كۆرۈندى. ئۇلار بوۋايدىن:

- نېمە بولدىلا؟ بىرەر دەردلىرى بارمىدى؟ دەپ سوراشتى.

- ھە، مېنىڭ دەردىم بەك ئېغىر! مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويىدى؟ كىم ئەكېلىپ قويىدى؟ كادىر-سېكرېتارلار ئەكېلىپ قويدىمۇ؟ ئۇلارنى ماڭا تېپىپ بېرىڭلار! مەن بۇ قەپەسدە ياشىيالمايمەن. مېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشسۇن!

- بوۋا، ئۇنداق دېمىسىلە! ھازىر سىلىنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۆيىمىز چېقىۋېتىلدى. بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇشۇ يەردە كېڭەيتىپ قۇرۇلماقچى بولغان پەنەركە تاختاي زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن ئىكەن.

- قانچە پۇلغا سېتىپتۇ؟ ئۇلار ماڭا بىر تىيىنمۇ

بىر دىشمەن دىمەكچىمىدىڭىز؟

– قانچە پۇلغا ساتقانلىقىنى بىزمۇ بىلمەيدۇق، بوۋا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى كادىرلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سېتىلغان ئۆيلەرگە مۇشۇ بىنالار سېلىنغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە بۇ بىنادىن ئۆي بېرىشتى. ئەمدى بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرماقتىن باشقا چارىمىز يوق، سىلىمۇ بۇ بىنادا ئولتۇرسىلا بوۋا! بىللە قوشنا بولۇپ ئولتۇرايلى!

– ياق، مەن بۇ يەردە ئولتۇرالمايمەن! بۇ قانداق ئۆي؟ مەن تاش–كېسەكتىنلا ياسالغان بۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆرمىگەن، مەن كاك–سۇپىلىق ئۆيلەردە، بورا–كىگىزلەردە يېتىپ ئۆگەنگەنمەن. ماڭا بورا–كىگىز كېرەك! يوتقان–كۆرپىلىرىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار! مەن بۇ تاشتەك قاتتىق سېمونت يەردە ياتالمايمەن. قېنى ئۇ مەن كادىر دېگەنلەر؟

–ئۇلارنى ماڭا چاقىرتىپ بېرىڭلار.

– ئۇنداق قىلمىسىلا بوۋا! كادىرلار بىزگە بىر تۇتاش ھالدا كارىۋات، سوپىلارنى بۇيرۇتۇپ قويغانمىش! بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە بەش مىڭ سومدىن قەرز پۇل بېرىلگەنمىش! بىز ئۇلارنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا ئاللاھىدە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك!

–ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن! ئۇ قەرزلەرنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. مەن ئۆلسەم ئۇ قەرزلەرنى كىم قايتۇرىدۇ؟ مەن قەرزدار ھالەتتە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى خالىمايمەن!

–ئاڭلىساق سىلىنىڭ بىر ئوغۇللىرى بار ئىكەنغۇ؟

– شۇنداق بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئەمما ئۇنى تۇتۇپ كېتىشتى. ئاڭلىسام ئۇ ئۇزۇن يىللىق جازاغا ھۆكۈم قىلىنارمىش؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ كادىر–ساقچى دېگەنلەر بىگۇناھ ئادەملەرنى نېمىشقا جازالايدۇ؟ مېنىڭ

ئوغلۇم پەقەت ئۆزىمىزنىڭ يەر-زېمىنىمىزنى، قومۇشلۇقىمىزنى قوغدىماقچى بولغان ئىدىغۇ؟ مەن ئۇنداق بىگۇناھ ئادەمنى جازاغا ھۆكۈم قىلىدىغان كادىر-ساقچىلارغا ئىشەنمەيمەن.

- ھەي، ئۇنداقتا دېمىسىلە بوۋا! ئۇلار ئاڭلاپ قالسا، سىلىدىن خاپا بولۇشلىرى مۇمكىن! ئۇ چاغدا بۇ ئۆيدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن! ئۇلار بىلەن بۇ ئۆيدىنمۇ قۇرۇق قېلىپ قالارلىمكىن؟

- مەيلى قۇرۇق قالسام! مېنى ئۆز قورۇ-جايىمغا ئاپىرىپ قويسۇن! مەن نېمە بولسام شۇ يەردە بولاي، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ماڭا نېمە كۈن بۇ؟

- ھەي، ھەي توۋا! دېيىشكەن قوشنىلار: «بۇ بوۋاي چوقۇم ئۆزىگە بالا تېپىۋالغۇدەك»-دەپ قارىشىپ، ياقىسىنى تۇتۇشقان ھالدا تارقاپ كېتىشتى. بەلكى بۇ قوشنىلار ئۆزلىرىگە ۋە بوۋايغا كېلىۋاتقان بۇ بالالارنىڭ باسقۇنچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان كەلگۈندىلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى.



بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق باسقۇنچى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان زېمىنلاردا خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن يالغانلارنى توقۇپ چىقىرىپ ھەمدە شۇ يالغانلار بىلەن ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى كونترول قىلىۋالارمىش! شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا خۇددى مۇشۇ بوۋايغا ئوخشاش ئىستىخىيەلىك قارشىلىقتىن باشقا ھەقىقىي بىر قارشىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قورقماس باشلامچى ۋە باتۇرلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى شەرت بولارمىش! شۇ قەھرىمان-باتۇرلار چىققاندىمۇ، ئاۋام خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارغا گۇمان بىلەن قاراپ، مەردانىلەرچە ئەگەشمەستىن، يەنىلا زالىم ھۆكۈمرانلاردىن شاپائەت كۈتۈپ، ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرارمىش! ئاخىرىدا بولسا ئۇلارغا قارىتا:

«باتۇر ئوق يەيدۇ، باللىرى پوق يەيدۇ! »دېگەندەك تەمسىل‏ــ تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىقىرىپ، قەھرىمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەستىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە سۆكۈت قىلىپ تۇرارمىش! شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشى تېخىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتەرمىش!

قوشنىلار تارقاپ كېتىشكەندىن كېيىن مەسۇم بوۋاي بىنا ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ: «بەلكىم قوشنىلار خەۋەر قىلىپ قويغان بولسا، كادىرلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن! »ــ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما تا كەچ كىرگۈچە ياكى قوشنىلارنىڭ ياكى كادىرلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. بوۋاينىڭ ئۇسساپ، قورسىقى ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيدە تۇرۇبا سۈيىدىن باشقا يا ئىچىدىغان سۇ، يا يەيدىغان ئاش‏ــ نان يوق ئىدى. بوۋاي قاتتىق غەزەپكە كەلدى‏ــ دە، توۋلاشقا باشلىدى: ھەي قوشنىلار! مەن ئاچ قالدىم. ماڭا ئاش‏ــ نان ئۆتنە بېرىڭلارچۇ؟ سۇ ئەكىرىپ بېرىڭلارچۇ؟ سىلەردىكى قوشنىدارچىلىق دېگەن نەگە كەتتى؟ قېنى بۇ كادىر دېگەنلەر؟ نېمىشقا كەلمەيدۇ ئۇلار؟ مەن ئاچلىقتىن ئۆلسەم ئۇنىڭ ۋابالى كىمگە بولىدۇ؟ بوۋاي شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق توۋلىغان بولسىمۇ، قوشنىلارغا ئاڭلانمايۋاتامدىكىن قانداق؟ ئالدىنقى قېتىمقىدەك بوۋاينىڭ ئىشىكىنى قېقىشمىدى. كادىرلارغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويۇشمىغانمىكىن؟ ئۇلارمۇ كەلمىدى.

مەسۇم بوۋاي تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئۆزى يالغۇز ئىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك بىر ئۆيگە قارىدى، كۆزىگە غەلىتە بىر نەرسە كۆرۈندى: تامدىن ساڭگىلىتىپ قويۇلغان سۇ چۈشىدىغان جومەك، ئۇنىڭ يېنىدا قاچا يۇيۇش كۆلچىكى بولغان كىچىك بىر قەلەي ئىشكاپ ۋە توك ئۇچىقىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە تۇراتتى. بۇ ئاشخانا ئۆي ئىدى. ئەمما بوۋاي ئۇنىڭدىكى ھېچنېمىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى.

يەنە بىر كىچىك ئۆيگە قارىۋىدى، ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى تام تەرەپتە ئۇنىڭغا چاپلاپ قويۇلغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك ئوقۇردەك بىر نەرسە تۇراتتى. يان تەرەپتىكى تامدا بولسا خۇددى تەڭنىگە ئوخشايدىغان، ئوتتۇرىسىدا كىچىك تۆشۈكى بولغان، ئۈستى تەرەپكە ئاپئاق پارقىرايدىغان جومەك ئېسىپ قويۇلغان بىر نەرسە تۇراتتى. بوۋاي ئۇ نەرسىلەرنىڭمۇ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئۇقالمىدى. ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوقۇر شەكىلدىكى ھاجەتخانىغا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى-دە، سىرتقا چىقىپ تەرىتىنى سۇندۇرماقچى بولۇپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىتتىرىۋىدى، ئىشىكمۇ ئېچىلمىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تاقاقلىق ياكى ئوچۇق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيۋاتاتتى. بوۋاي: ھۇ دۆيۈزلەر! ئىشىكنىمۇ تاقىشىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قەيەردىن چىقارمەن؟ — دەپ، كادىرلارنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن دېرىزە يېنىغا كەلدى.



بوۋاي ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قەپەستەك ئۆيدىن سىرتقا چىقىشى، قىستاپ كەتكەن كىچىك تەرىتىنى سۇندۇرۇشى، ئازراقمۇ بولسا ئاغزىنى نەمدىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بوۋاينىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشتىمۇ قانداق؟ دېرىزىنىڭ ئوڭ تەرەپ قانىتىنى تۇتقۇچىدىن تارتىۋىدى، دېرىزە ئېچىلدى. ئۇ بىر ئامالنى قىلىپ دېرىزىگە ئېسىلىپ چىقتى-دە، سىرتقا قارىدى، دېرىزە يەردىن ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە پەم بىلەن دېرىزىگە ئېسىلىپ يۆرۈپ، سىرتقا ئارتىلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىنى يەرگە تەگكۈزۈۋالدى-دە، يا بىسمىللا! — دەپ ئۆزىنى قويۇپ بەردى. تۈن قاراڭغۇسى ئىدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، ھېچقانداق بىر شەپىدىن ئالامەت يوق ئىدى. بۇ يېڭى بىنا بوۋاينىڭ قورۇ-جايىدىن ئانچە يىراق ئەمەس بولۇپ، ئەتراپ ئۇنىڭغا خېلىلا تونۇش ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ،

ئىككى بېسىپ ئالاھازەل چارەك سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چېقىۋېتىلگەن ئۆزىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى.

بوۋاي بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تەرتىنى سۈندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چېقىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۆيدىكى سايمانلارنىڭ بەزىلىرى تېخى بۇزۇۋېتىلمىگەن بولۇپ، سۇ ئالىدىغان كوزىسى ئوچاق بېشىدا شۇ پېتىم تۇراتتى. ئۇ ئاستا پەن بىلەن ئوچاق بېشىغا يېقىن كېلىپ، ئۇ يەر بۇ يەرنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ، سۇ ئالىدىغان ساپلىقنى تېپىپ، كوزىسىدىن ئازراق سۇ ئېلىپ ئىچىۋالدى. ئاندىن يەنە بىر ئاز ئىزدەپ يۈرۈپ، نان سالىدىغان تەڭنىنىمۇ تاپتى ۋە بىر پارچە قېتىپ كەتكەن ناندىن ئېلىپ، قورسىقىنى بىر ئاز ئەستەرلىۋالدى. بوۋاينى ئەمدى مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يادىغا تونۇگۈن ئەتىگەن توقۇغان بورىسى كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن بورا ئۈستىگە كىگىز سېلىپ راسلانغان كاڭ ياكى سۇپىلاردا يېتىپ ئادەتلەنگەن ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئازراق ئۇۋۇلىۋېتىپ ھويلىسىغا نەزەر سېلىۋىدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆگىلەك نەرسە كۆرۈندى. بۇ ھويلىدىكى تامغا چاپلاپ سېلىنغان ئۇ دائىم ئارام ئالىدىغان سۇپا ئىدى. سۇپىنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان نەرسە كېرەكلەر ۋە تال-باراڭنىڭ شاخ-شۇمبىلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بوۋاي شاخ-شۇمبىلار ۋە ئەخلەتلەرنى ئاستا پەم بىلەن ئىتتىرىپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بورىسى قولىغا چىقتى. ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز بولسا نەملىشىپ، تىتىلىپ-يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى.

بوۋاي قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن بورا ئۈستىگە سوزۇلۇپ يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى: چۈشىدە بىر تۇلپار ئاسماندىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ سۇپىسى يېنىغا چۈشتى-دە، ھاڭراشقا باشلىدى. ئەسلىدە

بۇ تۇلپار ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئېشىكى ئىدى. تۇلپارغا ئايلىنىپ كەتكەن بوۋاينىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئىشىكى خۇددى ئادەمدەك گەپ قىلالايدىغان بولۇپ، ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ بوۋايغا ئۆز دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

– ھەي، ئىگەم! قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سىز ساقمۇ؟

– ھە، مەن تېخىچە ساق–ساغلام تۇرۇۋاتىمەن. ئۆزۈڭچۇ؟

– مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى! ياراتقان ئىگەم مېنى بۇ ۋەھشىي مەخلۇقلاردىن قۇتقۇزۇۋالدى. بولمىغان بولسا ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولار ئىدى.

–ھە، شۇنداق بولاتتى! –دېدى بوۋاي سۆيۈملۈك ئىشىكىگە قاراپ،–ئۇ كۈنى سېنى ئۇرۇپ، قوغلىغانلار بەكمۇ ۋەھشىي ئىنسانلاردۇر. ئۇلار سېنى ئۇرغان ۋاقىتتا مېنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىم كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا سېنى ئۇرماڭلار! –دەپ، ھەرقانچە ۋارقىرىساممۇ ئاڭلاش. سېنى مەن تاياقتىن قۇتقۇزالمىدىم، مەندىن خاپا بولمىغىن!

–ياق، ھۆرمەتلىك ئىگەم! مەن سىزدىن ھەرگىزمۇ خاپا بولمايمەن! سىز ھېچقاچان مېنى ئۇ مەخلۇقلاردەك قاتتىق ئۇرۇپ باقمىدىڭىز، سىز ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتىڭىز، مېنى ھېچقاچان ئاچ قويمىدىڭىز، مەن سىزگە قەرزدارمەن! ئۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم. بىز بىرلىكتە ئۇ ۋەھشىي مەخلۇقلاردىن قىساس ئالايلى!

– ھاي، سەۋر قىل، سۆيۈملۈك ئېشىكىم! سەن بىلەن بىز ئىنتايىن ئاجىز، ھېچقانداق قورالىمىز يوق! ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىلغار قوراللىرى بار، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز! ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئاللاغا قويۇپ قويايلى! ئاللا ئاخىرەتتە بىزنىڭ قىساسىمىزنى ئۇلاردىن ئېلىپ بېرىدۇ.

– ياق، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن.–دېدى ئېشەك

بوۋايغا، ــ بىز ھايۋانلار قىساسىمىزنى بۇ دۇنيادا ئالىمىز. سىلەر ئىنسانلار ئۇ دۇنياغا قويۇپ قويىسىلەر، شۇڭا ھال ــ كۈنۈڭلار بۇ! قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايسىلەر!

ــ ھاي، سۆيۈملۈك ئېشىكىم! ئۇنداق قىلما! ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دېدى بوۋاي ۋارقىراپ،

ــ ھەي ئىگەم! مېنى ئېشەك دەۋەرمىسىلە! قانتىمنى كۆرمىلىمۇ؟ مەن ھازىر بىر تۇلپار! ئاللا ماڭا قانات ۋە كۈچ ــ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. مەن ئۇلاردىن قىساسىمنى ئالماي قويمايمەن! ــ دېگەنچە قانىتىنى كېرىپ، پەنەركە تاختاي زاۋۇتى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بوۋاي بولسا:

ــ ھەي سۆيۈملۈك ئېشىكىم! ماقۇل ئەمسە، سېنىڭ سۆزۈڭ توغرىدەك قىلىدۇ. مېنىمۇ ئېلىۋال، بىز بىرىپ بىللە قىساسىمىزنى ئالايلى! ــ دەپ ۋارقىرىغانچە ئويغىنىپ كەتتى.



مەسۇم بوۋاي چىلىق ــ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئىچىگە تولۇپ كەتكەن قىساس ئوتىنىڭ ھارارىتىدىنمۇ ئۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋىدى، سۆيۈملۈك ئېشىكى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى ــ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە خارابىگە ئايلاندۇرۇلغان ئۆيىنىڭ ئوچاق بېشىغا كېلىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ، ئىۋرىقنى تېپىپ، كوزىدىن سۇ ئېلىپ، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، نامازدىن كېيىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللادىن ئۆزىنى بۇ قورۇ ــ جايدىن كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان كەلگۈندىلەرگە ئۆلۈم تىلىدى. ئاندىن: «ئى ئاللايىم! مېنىڭ مۇشۇ شور پېشانە جېنىمنى پاتراق ئېلىپ، روھىمنى ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتسەڭ! »ــ دەپ، ئۆزىگىمۇ ئۆلۈم تىلىدى.

مەسئۇم بوۋاينىڭ قانچە ئۇزاق دۇئا قىلغانلىقىنى بىر ئۆزى ۋە ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا ئۇ يېقىن ئەتراپتا بىر يەردىن چىقىلغان خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، قولىنى دۇئادىن چۈشۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى. كۆڭ يۈزىدىكى قاراڭغۇلۇق تارقىلىپ، ھاۋا سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بوۋاي گەرچە ئۇخلىمىغان بولسىمۇ، «ئۇخلاپ قالغان بولسام كېرەك؟ »دەپ ئويلاپ، تاھارەت يەڭگۈشلىۋالغاندىن كېيىن، بورا ئۈستىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋالدى. ئاندىن بۇ قېتىم قىسقىلا دۇئا قىلدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئۇ قەتئىي بىر قارارغا كېلىش كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى: سۆيۈملۈك ئېشىكى بىر تۈلپارغا ئايلىنىپ، ئاجايىپ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بولۇپ، ئۇ توختىماي: مەن قىساس ئالىمەن، مەن قىساس ئالىمەن! دەپ، ۋارقىرىغان پېتى پەنەركە تاختاي زاۋۇتى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. بوۋاي بۇنى ئەسلەپ، ھايۋان چېغىدا قىساس ئالىمەن دەۋاتقان يەردە مەن قانداق قىلسام بولار؟ -دەپ، ئىككىلىنىپ قالدى-دە، ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ: ئەگەر مەنمۇ تۈلپار ئېشىكىمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ كەلگۈندىلەردىن قىساسىمنى ئېلىپ، ئۆلسەممۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ ھەق-ئادالەت يولدا جېنىمنى تەقدىم قىلمايمەنمۇ؟ -دەپ ئويلىدى.

بوۋاي ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ، سۇندۇرۇۋېتىلگەن يوغان بىر بادىر ياغاچنى تاپتى. ئۇ ئەمدى بىر قورالغا ئىگە بولغان ئىدى. ئۇ قورالنى ئېلىپ، بىرىنچى قەدەمنى ئېلىشىغىلا، كاللىسىغا يەنە قالايمىقان خىيال كىرىۋالدى. ئۇنى لەنىتى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىغان ئىدى: «ھەي بوۋاي! بۇ قېرىغان جېنىڭدا قىساس ئالىمەن دەپ، نېمە ئاۋارە بولىسەن؟ ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانغا بىر نەچچە كۈنلۈكلا

ۋاقتىــڭ قالــدى. ئوغلۇڭمــۇ تېخــى ھايــات. ئۆلمىســە ئۇمــۇ بىــر كۈنــى تۈرمىدىــن چىقىــدۇ. ئــەڭ ياخشىســى تېنىڭگــە سىــڭگەن نانىنــى يــەپ، يەنــە بىرنەچچــە كــۈن ياشــىۋالغىن! ســەن بەرىبىــر ئۇلارغــا تــەڭ كېلەلمەيســەن! بولــدى قىــل! ئۇلاردىــن ئاخىرەتتــە ئالــلا قىساســىڭنى ئېلىــپ بېرىــدۇ. »

بوۋاينىــڭ قەدىمــى توختــاپ قالــدى. ھەقىقەتــەن ئۇنىڭغــا بىــر نەچچــە كۈنلــۈك ۋاقتــى قالغــان جېنــى تاتلىــق تېتىۋاتامــدۇ ياكــى شــەيتاننىڭ ۋەسۋەسىســى ئىرادىســىدىن غالىــب كەلدىمــۇ؟ بۇنــى بىلگىلــى بولمايتتــى. بــوۋاي ئەمــدى قارارىنــى ئۆزگەرتكــەن ئىــدى. ئۇنىــڭ قورســىقىمۇ پىژىلــداپ ئېچىشــقا باشــلىغانىدى. ئــۇ خارابىلىــك ئىچىــدە ســاق قالغــان كوزىســىدىن بىــر ســاپلىق ســۇ ئېلىــپ، ئــەڭ ئاخىرقــى بىــر تــال قېتىــپ كەتكــەن نــان بىلــەن ئولتــۇرۇپ ناشــتا قىلىۋالــدى. ئۇنىــڭ ئــەڭ ئاخىرىــدا خىيالىغــا كەلگىنــى، يىغىدىــن كۆچۈرۈلگــەن بىناغــا قايتىــپ كېتىــش ئىــدى. ئــۇ خارابىلىكتىــن ئۆزىگــە كېرەكلىــك نەرســىلەرنى ئىزدەشــكە باشــلىدى. ئوچــاق بېشــىدىن باشــقا ھەممــە يــەر توپا-كېســەك بىلــەن تولــۇپ كەتكــەن ئىــدى. نېمىنــى ئالســام بــولار؟ -دەپ ئويلىــدى. كىيىم-كېچــەك، قازان-قومــۇش؟ بــوۋاي تۇرۇپــلا يەنــە ئۇنىڭدىــن ۋاز كەچتــى ۋە: «بولــدى قىــلاي! مېنىــڭ بىــر نەچچــە كۈنلــۈك ۋاقتىم قالغــان ئــادەم، ئــەڭ ياخشىســى بىــر تــال كىگىــز ۋە بورىــلا ئېلىۋالمايمەنمــۇ؟ »دەپ ئويلىــدى-دە ھويلىغــا چىقىــپ، ســۇپىغا سېلىــپ قويغــان كىگىزنــى تارتىــپ كۆرۈۋىــدى، كىگىــز ئالللىقاچــان تىتما-كاتــاڭ بولــۇپ كەتكــەن بولــۇپ، پەقــەت بورىــلا ســاق قالغــان ئىــدى. بــوۋاي كىگىزنــى يۆگــەپ بىــر چەتكــە تاشــلاپ قويــۇپ، بورىنــى قاتــلاپ تــۇرۇپ، يۆگىمــەچ شــەكىللىك قىلىــپ ئورىــدى. ئاندىــن كىگىــز پارچىســىدىن ئىككــى تــال يىپ ئېلىــپ، ئۇنــى ئىنچىكــە ئېشــىپ، شــوينا قىلــدى-دە، ئۇنىــڭ بىلــەن بورىنــى ئىككــى تەرەپتىــن باغلىــدى.

بوۋاينىڭ بىر تەرەپتىن ئۆز قورۇسىدىن ئايرىلىشقا قەتئىي كۆزى قىيمايۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن تېزرەك بولمىسا بولمايتتى. تاڭ خېلىلا سۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، ناۋادا پەنەركە تاختاي زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ياكى يېزا كادىرلىرى كېلىپ قالسا، قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۈلكى بولغان بۇ سۆيۈملۈك بورىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ: «يا بىسمىللا! » دەپ قورۇدىن چىقىپ، ئالدى تەرەپكە قارىدى. ئۇ سول تەرەپكە ماڭسا پەنەركە-تاختاي زاۋۇتى تەرەپكە باراتتى، ئەمما ئۇ يېڭى سالغان بىنا تەرەپكە بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى ئوڭ تەرەپكە قايرىلىپ مېڭىپ تۇرۇشىغا، سول تەرەپتىكى پەنەركە تاختاي زاۋۇتى تەرەپتىن غايەت زور بىر ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئوت يالقۇن ئىچىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ پۇت-قولى ۋە باشلىرى پارچە-پارچە ھالەتتە ئۇچۇپ يۈرەتتى. بوۋاي نېمە ئالامەت بولۇپ كەتكەندۇ؟ -دەپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىۋىدى، كۆك قىرىدە سۆيۈملۈك تۇلپار ئېشىكى ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى بوۋاينى كۆرگەندەك بېشىنى ئىككى تەرەپكە تولغاپ: خەير خوش ساڭا ئىگەم! مەن ئەمدى قىساسىمنى ئالدىم. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. بىز ئاخىرەتتە كۆرۈشەرمىز! دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. بوۋاي سۆيۈملۈك تۇلپار ئېشەككە قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئېغىزىنى ئېچىپ، گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ كۆك قەرىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، كۆزدىن غايىب بولدى

بوۋاي بۇ ئىشلارغا ھەيران بەكمۇ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھايۋانلارمۇ قالتىس بولىدىكەن-ھە! دەپ ئويلىدى: ئۇلارنىمۇ بوش چاغلاشقا بولمايدىكەن! ئەگەر ئۇلار خورلانسا، ئۆرۈپ دۇمبالامسەن ھەرگىزمۇ بولدى قىلىۋەتمەيدىكەن. قورسىقىدا ساقلاپ قويۇپ، ئاخىرى ئۇ ئىنتىقامىنى ئالماي

قويمايدىكەن! قارىغاندا بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنى بەك قالتىس چاغلاپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك! بۇۋاي شۇنداق خىياللار ئىچىدە بورىسىنى كۆتۈرۈپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يېڭى سېلىنغان بىنا ئۆيىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۇ يەردە بولۇۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئېسىگە كېلىپ ئالدىغا قارىۋىدى، بىنانىڭ ئالدىغا بىر نەچچە ماشىنىدا ئۆي جاھازلىرى چۈشۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، كارىۋات، سۇپا، ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەر بىنا ئالدىغا قاتار تىزىپ قويۇلغان ئىدى. يۇقىرى قەۋەتتىكى قوشنىلار ئۇ نەرسىلەرنى بىردىن-بىردىن توشۇپ، يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان يېزا كادىرلىرى بوۋاينىڭ بىر قولىدا بورا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە:

- بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بۇ بورىنى نېمە قىلىلا؟ -دەپ سورىدى ھەيرانلىق ئىچىدە بوۋايدىن.

- بۇ بورىنى مەن ئاستىمغا سېلىپ ئولتۇرىمەن. ئۈنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايمەن.-دېدى بوۋاي كادىرلارغا ساددىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ،

-نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ بىناغا كونىلىقتا ئائىت نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىشكە بولمايدۇ. ئۈنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆيلەرگە كاڭ سېلىنمىغان. ئۇ بورىنى نەگە قوياتتىڭ؟ -دېدى كادىرلار ئۈنىڭغا ئاچچىقلاپ،

- كاڭ بولمىسا، يەرگە سېلىپ ئولتۇرىمەن. ئۈنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايمەن. مەن سىلەرنىڭ «كارىۋات» دېگەن نەرسەڭلاردا ئەزەلدىن ئۇخلاپ باقمىغان. ئۈنىڭغا كۆنەلمەيمەن!

-ھەي قېرى ئەبلەخ! سەن ئۈنىڭغا كۆنەلەمسەن كۆنەلمەمسەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق. بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى،

يېڭى ئۆيلەردە ھەممە نەرسە يېڭىچە بولۇشى كېرەك! كونا ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سېنىڭ ئۇ بورىنى بۇ يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشىڭگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ!

– ماڭا رەھىم قىلىڭلار! مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، بۇ دۇنيادا يەنە بىر نەچچە كۈن ياشىيالايمەنمۇ؟ ئۇنى بىلمەيمەن! شۇڭا ماڭا كارىۋات–سافالارنىڭ كېرىكى يوق! ئۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئېلىشنىمۇ خالىمايمەن! مېنى قىينىماڭلار!

– تولا كاپشىما، قېرى ئەبلەخ! كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتىدە ھېچكىمگە رەھىم قىلىنمايدۇ! سىياسەت ھەممىدىن ئۈستۈن، سەن ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنۇشۇڭ كېرەك!

– ئەمما، مەن ئۇ نەرسىلەردە... يات، يات، ياتالمايمەن! دەپ،–تىلى گەپكە قالماي قالدى بوۋاينىڭ ۋە كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا يېلىنىشقا باشلىدى:

– ماڭا رەھىم قىلىڭلار!

– ياق، بولمايدۇ دېدۇق، بولمايدۇ! –دەپ، بوۋاينىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى كادىرلار. شۇ ئەسنادا بىر ماشىنىدا بىر نەچچە ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ قولىدىن بورىنى تارتىپ ئېلىپ، بىر چەتتىكى بوش يەرگە تاشلاپ، ماشىنىسىدىن بىر قۇتا بېنزىننى ئېلىپ، بورىنىڭ ئۈستىگە تۆكتى–دە، تاماكا چېكىدىغان چاقمىقنى چىقىرىپ، بورىغا ئوت قويۇۋەتتى. بوۋاي بورىسىنىڭ ئوت قويۇلۇپ كېتىشىگە قەتئىي چىدىمىدى–دە، ئاھ بورام! مېنىڭ بورامغا ئوت قويماڭلار! مەن ئەزەلدىن بورىنى ياخشى كۆرىمەن! مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل! –دەپ ۋارقىرىغانچە كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى.

# نانىنىڭ نالىسى

نان ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ بىر خىل مەززىلىك تائامغا ئايلانغاندىن بۇيان ئۆزىدىن بەكمۇ پەخىرلىنەتتى. نانىنى نان قىلىش يەنى نان يېقىش مۇرەككەپ بىر ئەمگەك بولۇپ، جاپاكەش ئانىلار، ئۇستىلار ئالدى بىلەن يۇمشاق ئۇن بىلەن خېمىرنى يۇغۇرۇپ، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن بىر خىل يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئوخشىمىغان چوڭ-كىچىكلىكتە تاۋلانغان زوۋۇللارنى نېپىز قىلىپ ئېچىپ يېيىپ، ئۇلۇغ ئوتتا قىزىتىپ ھازىرلانغان تونۇرغا چاپلاپ يېقىش ئارقىلىق پىشۇرۇپ تەييار قىلىناتتى.

نان ئوتتا پىشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ مەززىلىك بولاتتى ۋە ئادەملەرنىڭ ھەر قايسى جايلاردا كۆتۈرۈپ يېيىشىگە بەكمۇ ئەپلىك بولاتتى. نان داستىخانلارنىڭ زىننەتلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەر خىل شەكىلدە يېقىلغان نانلار داستىخانلارغا تىزىلىپ مېھمانلارغا قويۇلاتتى ۋە ناشتىلىقتا ئەتىۋارلىنىپ يېيىلەتتى. سۈت ۋە قايماق بىلەن يېقىلغان توقاچ نانلار بولسا تېخىمۇ مەززىلىك ۋە سىڭىشلىك ئىدى.

مەن كىچىكىمدىن نانىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ناشتىلىقىم نانسىز بولمايتتى. ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن ئانام بىر پارچە نانىنى سومكامغا سېلىپ قوياتتى.

چوشلۇك دەم ئېلىش بولۇپ ئۆيگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا قورسىقىم ئېچىپ غورۇلداپ كېتەتتى. بۇ چاغدا مەكتەپكە مېڭىشتىن بۇرۇن ئانام بەرگەن بىر پارچە ناننى يېگەندە، ئۇ شۇنداق تاتلىق تېتىپ كېتەتتىكى، نانغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشاتتى. مەن ناننى شۇ قەدەر ھۆرمەتلەيتتىمكى، ھەتتا ئۇنى قالايمىقان يەرگە تاشلىمايتتىم، يېگەندە ئۇۋۇتنىۋەتمەيتتىم. بىر پارچە ناننى قولۇمغا ئالغاندا بولسا ئۇنى ئوشتۇپ ئۇۋۇتنىۋەتمەي بىر چىشلەمدىن-بىر چىشلەمدىن يەپ تۈگىتەتتىم. بۇ قىلىقىمدىن نان مەندىن بەكمۇ رازى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا مەن بىلەن نان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن ئىدى.

نان بىلەن ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ ياشانغان چوڭ ئاتا-ئانىلار ۋە بوۋاي-مومايلارنىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە ئورۇندا ئىدى. ئۇلار ناننى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنى كۆز قارىچۇقنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى. مەن ئېسىمنى بىلسەم ئانام رەھمەتتى ناننى يېقىپ بولغاندىن كېيىن، شامالدا ھورىنى چىقىرىپ قېتىتاتتى-دە، ئاندىن بەش-ئالتە تالنى ئېلىپ داستىخانغا چىرايلىق يۆگەپ قوياتتى. قالغانلىرىنى بولسا چوڭ بىر سېۋەتكە سېلىپ، تانا بىلەن تورۇسقا باغلاپ ئېسىپ قوياتتى. ئانامنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب بىر تەرەپتىن نانغا بولغان ھۆرمىتى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناننىڭ مۈشۈك-چاشقانلار تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ناۋادا بىز باللار ناننى ھەددىدىن جىق زىيادە يەۋالساق ياكى ۋاقتىدا يېمەي ئىسراپ قىلىپ، ئۇ يەر بۇ يەرگە تاشلاپ قويساق، ئانىمىز بەكمۇ خاپا بولۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئانام ماڭا تەنبىھ بېرىپ: بالام! نان دېگەن بەك ئۇلۇغ نېمەتتۇر! ئۇنى كۆز قارىچۇقۇڭنى ئاسرىغاندەك ئاسرىغىن! قالايمىقان يەرگە تاشلىما! يولدا نان ئۇچراپ قالسا ھەرگىزمۇ

دەسسەمگىن ۋە ئاتىلمىغىن! يېگەندە ئۇۋۇتتۇۋەتمىگىن! ۋە ئاۋايلاپ ئاستا چايناپ يېگىن! ــ دېگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئانامنىڭ بۇ گېپىنى ھەر دائىم ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ كەلدىم.

تەقدىرىم شۇنداق پۈتۈلگەنىكىن! مەن چوڭ بولۇپ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالماي قالغان ئىدىم. ئاتام مېنى بىر ناۋاي تونۇشىغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردى. ئۇستام ئاتمىش ياشلارغا يېقىنلاشقان، ياشانغان بىر كىشى بولۇپ، بەكمۇ تەقۋادار ئىدى. ئۇستامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن مەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇستا ناۋاي بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. خېمىر يۇغۇرۇش، زۇۋۇلا قىلىش ۋە ناننى تونۇرغا يېقىپ پىشقاندىن كېيىن ۋاقتىدا سويۇپ ئېلىش مەن ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك بىر كەسپى ئىشقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۇستامغا ياردەملىشىپ ناۋايچىلىق قىلدىم. ئۇستام بەش ۋاقىلىق نامازنى تەرك قىلمايدىغان تەقۋا كىشى ئىدى. مەنمۇ ئۇستامنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا بەش ناماز ئوقۇشنى ئۆگەندىم ۋە ئۇنى تاشلىماي، مۇسۇلمانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ماڭدىم.

مەن ئىككى يىلدەك ۋاقىتتىن ئارتۇق ئۇستامغا ياردەملىشىپ ئىشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇستام ماڭا ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رازىلىق بىلدۈرۈپ، دۇئا قىلىپ، مېنىڭ ئەمدى ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، دۇكان ئايرىپ چىقىپ، مۇۋاپىق بىر جايدىن ئۆز ئالدىمغا دۇكان ئېچىۋالدىم.

ئۇزاق قالماي ناۋايلىق دۇكىنىم راۋاج تېپىپ، بۇ شەھەردىكى داڭلىق ئۇستىلاردىن بىرى بولۇپ قالدىم. مەن چۈش ــ پېشىنگە يېقىن مەھەللە ئەتراپىدىكى ئائىلىلىكلەرنىڭ

نانلىرىنى يېقىپ، مۇۋاپىق ھەق ئېلىپ ئۇلارنى رازى قىلاتتىم. نۇرغۇن ئائىلە مەن ياققان ناندىن رازى بولۇشۇپ، ناندىن ئوزۇقلانغاندىن باشقا، مەن ياققان ناننى توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىتەتتى. بەزىدە بەش ئالتە يۈز ۋە بىرەر مىڭ نانىمۇ ياقىدىغان ئىشلار بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا خېلى ئوبدانلا كىرىم قىلىپ قالاتتىم. ئارىلىقتا توي قىلىپ بالا چاقىلىقمۇ بولدۇم. ناۋايچىلىق مېنىڭ ھايات كەچۈرۈشىمدىكى ئاساسى كەسپىم بولۇپ قالغان ئىدى. مەن مۇشۇ ناۋايلىق كەسپىنىڭ كارامىتى بىلەن بىر ئۆمۈر بۇ شەھەردىكى خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رازى ئىدىم.

زامان ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىمۇ ئۆزگەرگەن ئىمىش! ناۋايلىق ھۈنىرىمۇ كونسېرى كاساتلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەھەللە-كوچىلاردا ئادەملەر كۈندىن كۈنگە شالاڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قانداقتۇر بىر يېڭىدىن قۇرۇلغان «قايتا تەربىيەلەش مەكتىپى» دەيدىغان نامەلۇم بىر جايغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقانمىش، باشتا ھۆكۈمەت موللا-ئاخۇن، زىيالىي دېگەن كىشىلەرنى: «ئىدىيەڭدە مەسىلەڭ بار، تەكشۈرۈلىسەن! » دېگەن باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسا، ئەمدىلىكتە كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، جۈمەگە بارغان، ناماز ئوقۇغان، قۇرئان ئوقۇغان، رومال ئارتقان، ئۇزۇن كۆينەك-پەشمەت چاپان كىيگەن كىشىلەرنىمۇ تۇتۇپ قاماشقا باشلاپتىمىش! بالىسى بارتى، كالىسى بارتى دەپ ھېچ ئېتىبار قىلمايمىش! بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، مەنمۇ ھەر جۈمە كۈنى جۈمەگە باراتتىم. بەش ۋاقلىق نامازنى چالا قويماي ئادا قىلاتتىم. بۇنى مەھەللىدىكى ھەممە كىشى بىلگەندىن سىرت ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەرمۇ ئوبدان بىلىشەتتى.

«قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك مەن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى بېشىمغا كەلدى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىدى. مەن تونۇرغا ئوتۇننى سېلىپ قىزىتىپ، خېرىدارلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىغان ئىدىم. تېخى بىرىنچى خېرىدار كەلمەيلا ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئىككى كىشى كېلىپ: مەرۇپ ئۇستام، چۈشتىن كېيىن ئاھالە كومىتېتىغا كېلىپ ئۆزىڭىزنى تىزىملىتىڭ، سىز بىلەن جىددىي سۆزلىشىدىغان ئىش بار.-دەپ مېنىڭ بىر نەرسە دېيىشىمنى كۈتمەيلا كېتىپ قېلىشتى.

بۇ كۈنى ئېغىر غەم ئىچىدە ئۆتتۈم. كەيپىياتىممۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. نۇرغۇن خېرىدارلىرىم غايىب بولغان ئىدى. بۈگۈن كەلگىنىمۇ بىر نەچچە ياشانغان خېرىدارلار بولدى. بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتقان، نېرۋام جىددىيلىشىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا چىشىمنى چىشلەپ، ئۇلارنىڭ نانلىرىنى چىرايلىق قىلىپ يېقىپ ئۈزىتىپ قويدۇم. كۈن قىيام بولغان ۋاقىت ئىدى. دۇكاننى ئەمدى يىغىشتۇرۇپ ئاھالىلەر كومىتېتىغا بارايمۇ-بارمايمۇ؟ دەپ ئويلاپ تۇرغان ئىدىم. بىزنىڭ كوچىغا قوشنا بولغان يەنە بىر كوچىدىكى موزدوز ئۇستام ئەمەتئاخۇننىڭ ئايالى بىر داس خېمىرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سەل دىقماقىراق، ئاق پىشماق كەلگەن بۇ ئايالنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. خېلىلا جۈدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىلگىرى ھەپتىدە بىر تەڭنە نان ياقتۇرىدىغان بۇ ئايالنى كۆرمىگىلى بىر ئايچە بولۇپ قالغانىدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇستام قانداق ئەھۋاللىرى؟

- ياخشى سىڭلىم، ئۆزلىرىچۇ؟ ئۇزۇن بولدى بۇ يەرگە دارىماس بولۇپ كەتتىلىغۇ؟

- شۇ ئۇستام، ئۆيدە ئەر خەق بولمىغاندىن كېيىن نان

ياققىلىمۇ كېلەلمىدىم دېسىلە؟

— ھە! شۇنداقمۇ؟ مەن ئەمەتئاخۇننى تېخى ئاغرىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپتىمەن. نەگە كەتكەن ئىدى ئۆزى؟

— ھە! تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ئۇستام! ئەمەت ئاخۇننى ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ساقچىلار كېلىپ: «قايتا تەربىيەلەش مەكتىپىگە بېرىپ تەربىيەلىنىدۇ» دەپ ئېلىپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمەت ئاخۇننىڭ خەت ساۋاتى بولمىسا قانداق تەربىيەلىنەر ئۇ كىشى ئەمدى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم! ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەمەتئاخۇن ئۇ يەردە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «رادىكال ئىدىيە» سىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىكەن.

— ھە، مۇنداق دېسىلە! ئەمەتئاخۇننىڭ ئىدىيەسى قانداق رادىكال بولسۇن؟ ئۇ ناماز ئوقۇغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايدىغان، ھۆكۈمەت توغرىسىدا گەپ-سۆز قىلىشنى، جەمئىيەت توغرىسىدا پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئادەم ئىدىغۇ؟ — دېدىم مەن.

— شۇنى دېمەمىلا ئۇستام، ئۇلار ناماز ئوقۇغاننى دىنى ئاشقۇنلۇق، رادىكاللىق دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ مەكتەپ دېگەن يېرىدە ئۇيغۇر مۇئەللىملەر يوقمىش! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشىنىڭ ياتلارنىڭ تىلىدىن ساۋاتى بولمىسا، ئۇ ئۆمۈچۈك پۇتىدەك خەتنى يا ئوقۇشنى بىلمىسە؟ ئۇلارنىڭ تىلىنى قانداقمۇ چۈشىنەر؟

— شۇ ئەمەسمۇ! دېدىم-يۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى گەپنى دېيەلمەي قالدىم. تىلىم كېكەچلىشىپ گەپكە كەلمەي قالدى. بېشىمغا بىر تاغ يېقىلغاندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپ باراتتى. چۈنكى، مەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇغان بولۇپ، تۈزۈكرەك خەت ساۋاتىممۇ يوق ئىدى.

ياتلارنىڭ تىلىنى ھېچ بىلمەيتتىم. ناۋادا مەنمۇ تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ كېتىلسەم ئىشىم بەكمۇ چاتاق بولاتتى. مەن چىشىمنى چىشلەپ دېگۈدەك موزدۇز ئۇستامنىڭ ئايالىنىڭ نېنىنى يېقىپ بەردىم-دە، دالان ئۆيگە ئۆتۈپ مەخپىي ھالدا تەرەت ئېلىپ، پېشىن نامىزىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوقۇۋالدىم. ئاندىن ئاستا تونۇر بېشىغا كېلىپ، تونۇرغا سۇ سېپىپ ئوتنى پەسەيتىۋەتكەندىن كېيىن، ناۋايخانىنى تاقاپ ئېغىر قەدەم ئالغان ھالدا ئاھالىلەر كومىتېتى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئاھالىلەر كومىتېتى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ ئەمما، ماڭا بۇ ئارىلىق شۇنچە ئۇزۇن كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، قەدەملىرىم بەكمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، پۇت-قوللىرىمدا جان قالمىغاندەك بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئۇ يەرگە بارماي ئامالىم يوق ئىدى: تاك، تاك، تاك ئاستا ئىشىكنى چەكتىم.

— كىرىڭ! دېگەن ئاۋازدىن كېيىن، قولۇم تىترىگەن ھالدا ئىشىكنى ئېچىپ ئىشخانىغا كىردىم.

— ھە، كەلسىلە مەرۇپ ئۇستام! بۇ ئورۇندۇققا كەلسىلە، مانا سىلىنىڭ مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ماتېرىياللىرىنى تەييار قىلىپ قويدۇق. مانا بۇنىڭغا قول قويۇۋەتسىلە؟ —دېدى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بىر ئايال خادىمى. مەن نېمىشقا قول قويىمەن؟ —دەپ، ئاغزىمنى ئۇمچەيتىپ سوئال سورىماقچى بولىۋىدىم، ئۇ خادىم سۆزۈمنى كېسىپلا:

— بولدى قىلسىلا! بۇنىڭغا ئارتۇق سوئال سوراشقا رۇخسەت يوق، سىلىنىڭ ئىدىيەلىرىدە مەسىلە بار ئىكەن. قول قويۇشنى رەت قىلسىلا سىلىگە ئېغىر جازا كېلىدۇ.— دەپ، بىر پارچە جەدۋەلگە ئوخشايدىغان قەغەزنى ئالدىمغا قويۇپ قويدى. ماڭا ئەمدى ئىمزا قويماقتىن باشقا يول

قالمىغان ئىدى. تىترەۋاتقان قولۇم بىلەن قەلەمنى تەسلىكتە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇم-دە، ئاندىن خادىمنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئاھالىلەر كومىتېتى خادىمى ئىمزا قويغان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ بىر چەتكە قويۇپ قويدى-دە، ماڭا بۇرۇلۇپ:

- مەرۇپ ئۇستام! بۇ بەك ياخشى بولدى، ئەمدى سىلى چىقىپ، بىزنىڭ ئۇقتۇرۇشىمىزنى ساقلىسىلا! -دەپ، ماڭا مەنىسىتمىگەندەك قاراپ قويدى. مەن يەنە ئاغزىمنى ئۆمچەيتىپ خادىمغا بىر نەرسە دېمەكچى بولغان ئىدىم. مېنىڭ گەپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىشمىدى.

ئاھالىلەر كومىتېتىدىن چىقىپ، يول ئۈستىدىكى بىر ئورۇندۇقتا بىر ئاز ئولتۇرۇۋالدىم، كاللام ھېچ نېمىگە ئىشلىمەيۋاتاتتى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە ئويلىنىپ ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدىم. ناۋادا ئايالىم بۇ گەپنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭمۇ ئېغىر قايغۇغا چۆشۈپ قېلىشى جەزمەن ئىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتتا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

- بۆگۈن بالدۇرلا دۇكاننى يىغىشتۇرۇپلىغۇ؟ - دېدى ئايالىم ماڭا ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ.

- شۇ، شۇ! ئاھالىلەر كومىتېتىدىن چاقىرىپتىكەن دەپ جاۋاب بەردىم كېكەچلىگەن ھالدا ئايالىمغا.

- ھە، شۇنداقمۇ؟ -دەپ، ئايالىم چۆچۈگەندەك قىلىپ ماڭا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەمدىلا تېرىسىنى قورۇق بېسىشقا باشلىغان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

- بۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتىمۇ دادىسى؟ ھېلىقى نامەلۇم «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگە سىلىنىمۇ ئېلىپ كېتەمدۇ نېمە؟ -دەپ، كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى قايغۇرۇپ.

– بولـدى قىـل! قايغۇرمـا! نېمىشـقا كۆزۈڭنىـڭ يېشـىنى ئېقىتىسـەن؟ – دېدىم مـەن ئۇنىڭغـا بىـر خىـل مەغرۇرانـە قىياپەتتە، – خەققـە نېمـە بولسـا بىزگىمـۇ شـۇ! ئـۇ يـەردە كىشـىلەرنى ھەرقانچـە بولسـىمۇ ئۆلتـۈرۈپ يەۋەتمـەس؟ مەكتـەپ بولغانـدىـن كېيىـن شـۇ ئۇنـى، بۇنـى ئۆگىتـەر ھـەر قاچـان؟

مـەرۇپ ئۇسـتامنىڭ بـۇ قـەدەر مەغرۇرلۇقىنـى كۆرگـەن ئايالـى بىـردەم جىمىـپ قالـدى- دە، ئانـدىـن يەنـە ئەندىشـىلىرىنى ئوتتۇرىغـا قويۇشـقا باشـلىدى:

– دادىسـى، قوشـنا- خولۇملاردىن ئاڭلىشـىمچە، ئـۇ يـەر بىـر تۈرمىگـە ئوخشـايدىكەن. ناھايىتـى قاتتىـق باشـقۇرۇلىدىكەن ۋە تۇتقۇنـلار قىيىن- قىسـتاققا ئېلىنىدىكـەن. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ئـۇ يـەردە بىـز خەقتىـن ئادەملـەر يوقمـىش! سـاپلا يـات تائىپىدىكىلەر باشـقۇرىدىكەن. ئۇلارنـى بەكمـۇ رەھىمسـىز كېلىـدۇ دېيىشـىدۇ. سـىلى ياشـانغان بـۇ جانلىرىـدا ئۇلارنىـڭ زۇلمىغـا بەرداشـلىق بېرەلەشـىلىرى مۇمكىنمـۇ؟

– باشـقا كەلگەننـى كۆرمـەي باشـقا چـارە يـوق ئانىسـى! – دېدىـم مـەن ئايالىمنـى بەزلەشـكە تىرىشـىپ، – ئاللا ساقلىسـا ئـادەم ئوتنىـڭ ئىچىدىمـۇ پاختىـدەك سـاقلىنىپ قالىـدۇ، بەكمـۇ قايغـۇرۇپ كەتمىگىـن! ئۆلمىگـەن جانـدا ئۈمىـد بـار! خۇدايىـم بۇيرۇسـا ساق- سـالامەت قايتىـپ چىقىشـىم مۇمكىـن!

بۈگۈنكـى كۈنـۈم ئايالىمنىـڭ تىنىـم تاپمـاي قىلغـان تەشـۋىش سـۆزلىرىنى ئـاڭلاش بىلـەن ئۆتتـى. ئۇيقـۇم ئاللىقاياقلارغـا قېچىـپ كەتكـەن بولـۇپ، كۆزۈمگـە ھېـچ ئۇيقـۇ كەلمەيۋاتاتتـى. قاچـان ئۇخـلاپ قالغانلىقىمنـى ئۆزۈممـۇ بىلمەيتتىم. بىـر چاغـدا ۋارقىرىغانچـە ئويغىنىـپ كەتتىـم. قاباھەتلىـك بىـر چـۈش كۆرگـەن ئىدىـم. چۈشـۈمدە: «بىـر ئەجدىھـا يىراقتىـن ئـوت چاچرىتىـپ كېلىـپ ناۋايلىـق دۇكىنىمغـا ھۇجـۇم قىلىۋاتاتتـى.

دۇكىنىم بىردەمدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئۆزۈمنى بولسا ئىككى قارا كىيىملىك ئالۋاستى كېلىپ، بېشىمغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، پۇت-قوللىرىمنى باغلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا مەن: نېمە قىلماقچى سىلەر؟ مېنى تۇتماڭلار! باغلىماڭلار! قىرىغان جېنىمدا مېنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويۇڭلار! »-دەپ، ۋارقىرىغانچە ئويغىنىپ كەتتىم.

ۋارقىراپ كەتكىنىمنى تۇيغان ئايالىممۇ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ: نېمە بولدى دادىسى، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ -دەپ پېشانەمنى سىلاپ، قىزىتمامنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، چاي دەملەپ كېلىپ ئىچكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياتماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ، ئاللاغا يېلىنىپ ئۇزاق-ئۇزاق دۇئا قىلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىم ۋە ناۋايخانىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتىم.

مەخپىي هالدا ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئايالىم تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنى قىلىۋالدىم-دە، ئۇنىڭ تەسەللى بېرىپ ئۇزىتىشى بىلەن دۇكانغا قاراپ يول ئالدىم.

يا بىسمىللا! -دەپ، دۇكاننى ئېچىپ تونۇرغا ئوتنى يېقىپ، پەشخۇننى تازىلاپ يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىدىم. توساتتىن دۇكان ئالدىدا تىراكتوردەك بىر نەرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن بىللە، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دۇكاننى ئېچىپ تالاغا چىقتىم. دۇكان ئالدىدا بىر توپ ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن نۇرغۇن ساقچىلار تۇراتتى. مېنىڭ دۇكاندىن چىققىنىمنى كۆرگەن ئوتتۇرا بويلۇق، قىسىق كۆز بىرسى ئالدىمغا كېلىپ، يات تىلدا بىر نەرسە دەپ ۋارقىرىغانچە، بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇندى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي هاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قىلىۋىدىم، ئۇنىڭ

يېنىدا تۇرغان ئۇيغۇر چىراي كۆرۈنىدىغان بىرسى كېلىپ:

– ئۇستام، دۇكان چېقىلىدۇ! بۇ يەر ھۆكۈمەتكە لازىم ئىكەن. بۇنىڭغا قول قويسۇن دەيدۇ! –دەپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى ۋە مېنىڭ دەرھال قول قويۇشۇم كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئېغىر جازالىنىدىغانلىقىمنى قوشۇمچە قىلىپ ئۇقتۇرۇپ قويدى. مەن قولۇم تىترىگەنچە مەجبۇرىي ھالدا ئۇ قەغەزگە ئىمزا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش ماشىنىسى غارقىرىغانچە كېلىپ دۇكاننى چېقىشقا باشلىدى. ئىچىدىكى پەشتاخۇن ۋە ئۇن تاختىلارنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ رۇخسەت قىلىشمىدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ھېلىقى ئۇيغۇر تەرجىمانغا بىر نېمە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى ئېچىپ گەپ باشلاپ بولغۇچە، ھېلىقى قىسىق كۆز باشلىقنىڭ ئىشارەت قىلىپ بىر نېمە دېيىشى بىلەن تەڭ ئىككى ساقچى كېلىپ مېنى تۇتۇپ، قولۇمغا كويزا سېلىپ، بېشىمغا قارا خالتا كىيدۈردى ۋە ماشىنىسىغا چىقىرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىشتى ۋە:

– ئولتۇر! –دېدى بىر ئوتتۇرا بوي كەلگەن، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن قىسىق كۆز بىرسى قاپقارا بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغىچە ئىككى ساقچى ئىتتىرگەنچە مېنى ئېلىپ كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت–قولۇمنى ئورۇندۇققا باغلىۋېتىشتى. تۇنۇگۇن مەن ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئىمزا قويغان جەدۋەل بولسا كېرەك؟ قىسىق كۆزنىڭ قولىدا بىر پارچە قەغەز تۇراتتى. ئۇ قەغەزگە قاراۋېتىپ مەندىن سورىدى:

– بۇنىڭدا سېنى: «ناماز ئوقۇيدىغان رادىكال ئۇنسۇر، كونىلىق ئىدىيەسى بەك كۈچلۈك ئاشقۇن» دەپتۇ، بۇ توغرىمۇ؟

– ھەممىسى توغرا ئەمەس! مەن ناماز ئوقۇيمەن، ئەمما

مەندە بىرەر خاتا ئىدىيە يوق، ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ-سۆز قىلىپ باقمىدىم.-دەپ جاۋاب بەردىم ھودۇقىنىمچە.

- سىنىڭ نامىز ئوقۇغىنىڭنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت! سەن يەنە ھازىرغىچە نىمىشقا بۇ تاشلاندۇق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ئالدىڭغا ناۋايخانىدا نان يېقىپ يۈرۈيسەن؟ -دېدى قىسىق كۆز باشلىق مۇغەمبەرلەرچە ۋارقىراپ.

- ناننى ناۋايخانىدا ياقماي نەدە ياقىدۇ؟ بۇ بىر خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسىپقۇ؟ -دەپ جاۋاب بەردىم مەنمۇ تەرجىمانىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭغا تىكىلگەنچە قاراپ.

- ئەبلەخ، رادىكال ئۇنسۇر! -دەپ ۋارقىراپ كەتتى قىسىق كۆز ماڭا ھومايغىنىچە،-سەن قايسى زاماندا ياشاۋاتىسەن؟ ھازىر نانلارنى بىز زاۋۇت فابرىكىدا ئىشلەپچىقىرىمىز، سىنىڭ ئۆز ئالدىڭغا ناۋايخانىدا نان يېقىشىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتۇر. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكىگە، ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

- مېنىڭ نانلىرىم ھېچقاچان خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ باقمىغان، ئەكسىنچە كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كۈچىگە كۈچ قوشقان. تونۇرغا نان يېقىپ يېيىش - بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىمىزدۇر.

- مانا سېنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭنىڭ ئۆزى دەل رادىكاللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىدىيەسىگە ماس كەلمەيدىغان قالاق ئىدىيەدۇر.

مەن يەنە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى مىدىرلىتىۋىدىم، قىسىق كۆز باشلىق يېنىدىكىلەرگە: ئېلىپ مېڭىڭلار! بۇ جاھىل ئۇنسۇر قايتا تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ

بېرىلسۇن! ئۇنىڭ ئىدىيەسى شۇ يەردە ئۆزگەرتىلسۇن! دەپ، بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ساقچى ئېتىلىپ كېلىپ، مېنىڭ قولۇمغا كويزا-كىشەن سېلىپ، بېشىمغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، قانداقتۇر بىر نامەلۇم جايغا ئېلىپ كېلىشتى.

بۇ يەردە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىپ سولانغان بولۇپ، ھەممىسىلا: «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار! » دەپ، تۇتۇپ كېلىنگەنلەر ئىكەن. بىزگە ھەر كۈنى دۆلەت تىلى دەپ خىتاي تىلى، قانۇنى ۋە دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن نۇتۇقلىرى ئۆگىتىلەتتى. ھەر كۈنى مەجبۇرىي خىتايچە ناخشا ئوقۇتۇلاتتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان شوئارلار توۋلاتقۇزۇلاتتى.

ئارىدىن ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. مەن ئۇ يەردە خىتاي تىلىنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىم. ناخشا ۋە شوئارلارنى پەقەت باشقىلارغا ئەگىشىپ توۋلاپ قوياتتىم، لېكىن ئۆز ئالدىمغا ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن نۇرغۇن قېتىم جازالاندىم ۋە قىيىن-قىستاققا ئېلىندىم. ئاخىرى ئىككى يىلمۇ توشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مېنى قويۇپ بېرىشمىدى. ئەكسىچە ماڭا: « سەن ئەمدى دۆلەت كارخانىسىغا ئىشچىلىققا بارىسەن! قالغان گۇناھىڭنى شۇ يەردە ئىشلەش ئارقىلىق تاماملايسەن» دەپ، قولۇمغا بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ، ئىمزا قويدۇرۇپ، نامەلۇم بىر جايدىكى بىر زاۋۇتقا ئېلىپ بېرىشتى.

مەن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ يەر - چوڭ بىر ئورۇنغا سېلىنغان زاۋۇت بولۇپ، قاتار قىلىپ سېلىنغان ئون نەچچە چوڭ سېختا قاڭالتىردىن ياسالغان توك ئۇچقى بار ئىدى. خىمىرمۇ يۇمىلاق شەكىللىك يوغان ماشىنىلاردا يۇغۇرۇلاتتى. شۇنداقلا بۇ يەرگە ماڭا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ناۋاي ئۇستىلار ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بىز كۈنىگە ئون

نەچچە سائەتتىن ئىشلەيتتۇق. يېقىلغان نانلار چوڭ-چوڭ توگلاتقۇلارغا سېلىنىپ توگلىتىلغاندىن كېيىن ئۇششاق-ئۇششاق يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ، ماشىنا ئارقىلىق باشقا يەرگە توشۇلۇپ كېتىلەتتى. توشۇلۇپ بولۇنمىغان نانلار توگلاتقۇلاردا نەچچە كۈنلەپ تۇرۇپمۇ قالاتتى. بىر كۈنى مەن نانلارنى توگلاتقۇغا سېلىۋاتاتتىم، توساتتىن بىر نان زۇۋانغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىگرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى: ئاھ ئۇستام! ئاھ ئۇستام! ۋاي جېنىم! نېمىشقا سېنىڭ بىزگە ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ؟ نېمىشقا بىزنى توگلاتقۇغا سېلىپ بۇ قەدەر توگلىتىسەن؟ سەن ئىلگىرى بىزنى قولۇڭ بىلەن يۇغۇرۇپ، چىرايلىق زۇۋۇلا قىلىپ، ناھايىتى ئاۋايلاپ يېقىپ، كۆيدۈرۈۋەتمەستىن پىشۇرۇپ، پاكىزە رەتلەپ تەگنىلەرگە قاچىلاپ توشۇپ، داستىخانلارغا تىزىپ بەكمۇ ھۆرمەتلىمىزنى قىلاتتىڭ. بىز سەندىن بەكمۇ رازى ئىدۇق. ئەمدى نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا بىزگە بۇنداق زالىملارچە مۇئامىلە قىلىسەن؟ ئىلگىرى سەن بىزنىڭ جان دوستىمىز ئىدىڭغۇ؟

مېنىڭ تاسادىپىي ھالدا نانىنىڭ زۇۋانغا كېلىپ قىلغان بۇ ئاھ-زارىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم:

— ھەي نام بۇرادەر! سەنمۇ بىلىۋالغىن. مەن ھازىر بۇرۇنقى ناۋاي ئۇستام ئەمەس، مەن بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئىشلەمچىلىككە ئېلىپ كېلىندىم. مېنىڭ ھېچقانداق ئىشنى ئەركىن قىلىش ھوقۇقۇم يوق. بۇ يەردىكى خوجايىنلار نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىشىم كېرەك! بولمىسا ماڭا ئېغىر جازا بېرىشلىرى مۇمكىن! ھەتتا ھاياتىم بويىچە مەن بۇ مەجبۇرىي ئىشلەشتىن قۇتۇلالماسلىقىم مۇمكىن! ھەتتا يەنە تېخى ئۇرۇپ-قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن!

— شۇنداقمۇ ئۇستام؟ بۇلار شۇ قەدەر ۋەھشىيمۇ؟ —دېدى

ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ،

– شۇنداق! ئۇلار بىزگە ئوخشاش ماڭىدىغان، گەپ قىلىدىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا خۇددى بىر ۋەھشىي ھايۋانغا ئوخشايدۇ. باشقىلارغا قىلچىلىكمۇ رەھىم قىلمايدۇ.

– راست، توغرا دېدىڭىز.–دېدى نانمۇ مېنى قوللاپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايىتىنى باشلىدى:

– ئۇلار بىزنى دائىم مۇزلۇققا سېلىپ توڭلاتقاننى ئاز دەپ، باشقا يەرلەرگە توشۇيمىز دەپ، ھەر خىل قاپلارنىڭ ئىچىگە سولاپ، مەھكەم تېڭىپ، باغلاپ، بىزنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق يەرگە ئېلىپ ماڭغاندا تىنجىقنىڭ دەردىدىن ھاۋا ئالالماي پاختىلىشىپ كېتىمىز، ھەر خىل مىكروبلار بىزنى چىرمىۋېلىپ، تېرىمىز كۆكىرىپ كېتىشىدۇ–دە، ئۇلار بىزنى ياكى ئۆزى يېيەلمەي ياكى باشقىلارغا ساتالماي ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىشىدۇ، بىز ئەخلەتخانىدا چىرىپ تۈگەيمىز.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ –دېدىم مەن نانغا ئىچ ئاغرىتىپ، –بۇلاردا ئەخلاق دېگەن نېمە يوق. ئۇلار: « ناننى خارلىسا گۇناھ بولىدۇ» دېگەننى ھەرگىزمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار چوقۇم بۇنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ.

– مۇھەققەق شۇنداق بولۇشى كېرەك! –دېدى نانمۇ يەنە شىكايىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، – ئۇلار بىزنى ھېچقاچان سىلەردەك ياخشى كۆرۈپ، ئاۋايلاپ باقمىدى. بىزنى يېگەندىمۇ سىلەردەك ئاۋايلاپ، ئاز–ئازدىن چىشلەپ يېمەستىن، خالىغانچە ئوشتۇپ يېيىشىدۇ. ئۇۋاقلىرىمىزنى يەرگە چېچىپ، ئۈستىمىزدىن دەسسەپ مېڭىپ، مىجىقىمىزنى چىقىرىۋېتىدۇ. بىز ئۇلاردىن جاق تويدۇق!

– ئۇستام! سىلەر نېمىشقا ئىلگىرىكىدەك بىزنى ئاۋايلاپ،

داستىخانغا چىرايلىق تىزىپ، ئاستا چىشلەپ يەيدىغان كىشىلەرگە يېقىپ بەرمەي، نېمىشقا بۇلارغا يېقىپ بېرىدىلا؟ نېمىشقا بۇ بۇ يەردە ئۇلارغا قۇلدەك ئىشلەپ بېرىلا؟ بۇرۇنقىدەك ئۆز ناۋايخانىلىرىدا سۆكسۆك ئوتۇنىدا پىشۇرۇپ، بىزنى ياخشى كۆرۈپ ئاسرايدىغان، بىسمىللا! دەپ چىرايلىق چايناپ يەيدىغان، ھېلىقى بېشىغا دوپپا كىيىپ، ياغلىق ئارتىدىغان كىشىلەرگە يېقىپ بېرىپ، ئۇلاردىن بىزنى ئايرىۋەتمىگەن بولسىلا بەكمۇ ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق قىلساققۇ ياخشى بولاتتى. —دېدىم مەن نانغا تەسەللى بېرىپ، —ئەمما، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس! ئۇلار بىزنىڭ ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئىش قىلىشىمىزغا يول قويمايدۇ. مېنى ئۇلار بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئېلىپ كەلگەن. چۈنكى، ئۇلار ماڭا ئوخشايدىغان ئۇستىلار بولمىسا بۇنداق چىرايلىق نانلارنى ياقالمايدۇ-دە!

— ئۇلار ئىلگىرى نېمە يەيتتى ئۇنداقتا؟ —ئەجەبلىنىپ سورىدى نان مەندىن.

— ئۇلار ئىلگىرى دۆگىلەك شەكىلدە يۇغۇرۇلۇپ سۇدا پىشۇرۇلىدىغان «ھورنان» دەيدىغان نەرسىنى ناننىڭ ئورنىدا يېيىشىدىكەنمىش! ئەمما، ھازىر بىزگە ئوخشاش سېنىڭدەك نانلارنى بىزدىن تارتىۋېلىپ يەيدىغان بولۇشتى. ھەتتا نان يېقىش كەسپىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، سېنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇزاق يەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، كۆپلەپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ سېنى پىشۇرىدىغان تونۇرىمىزنى چېقىۋېتىپ، مۇشۇنداق زاۋۇت-فابرىكىلارنى قۇرۇپ، ناۋايچىلىق كەسپىنى بىزدىن تارتىۋېلىشتى.

مېنىڭ بۇ جاۋابىمنى ئاڭلىغان نان ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە مەندىن يەنە سورىدى: ئۇستام نېمىشقا ئۇلارغا سىلەر

مەجبۇرىي ئىشلەيدىلا؟ ئۇنى رەت قىلسىلا بولماسمىدى؟

– بىز ئۇنى رەت قىلالمايمىز. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چىقىۋېلىشقان خوجايىنلىرىمىزدۇر.

– شۇنداقمۇ؟ ئۇلار نېمىشقا سىلەرگە خوجايىن بولۇۋالىدى؟ ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى، گەپ-سۆزى سىلەرگە ئوخشىمايدىكەنغۇ؟

– ئۇغۇ شۇنداق! ئەمما مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولسام، ئۇلار مۇشۇ تۇپراقتا خوجايىن بولۇۋېلىپ، بىزنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن. مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىلگىرى بىزنىڭمۇ دۆلىتىمىز بولغان ئىكەن. ئەمما كېيىن بىز بوشاڭلىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنى ياخشى قوغدىيالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يات تائىپىلەر كېلىپ، بىزنى قوراللىق بېسىۋېلىپ، شىللىمىزگە مىنىۋالغان ئىكەن! شۇنىڭدىن بۇيان بىزنى خالىسا ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا سولايدۇ، خالىسا تۇتۇپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىدۇ.

– شۇنداقمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟ –دېدى نان تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى،–بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسى يوقمۇ؟

– مەنمۇ تازا ئېنىق بىلمەيمەن! ئەمما بىزنىڭ پېشقەدەم چوڭلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى – ئۇلارغا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىش ئىمىش! ئەمما بىزنىڭ قورالىمىز بولمىغاچقا ھازىرچە ئۇنداق قىلالمايمىز! ئۇلارغا بويۇن ئېگىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

– شۇنداقمۇ ناۋاي ئۇستام؟ سىز ئۆز ۋاقتىدا ناۋايلىقنى ئۆگەنگۈچە، قورال ياساشنى ئۆگەنگەن بولسىڭىزچۇ كاشكى؟

– ئەسلىدە شۇنداق قىلساملغۇ بولاتتى! ئەمما ئۇلار بىزگە قورال ياساش ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە يول قويمايتتى.

― شۇنداقمۇ؟ بۇ نېمانداق خەتەرلىك مەخلۇقلار―ھە! ئەتە―ئۆگۈن بىزنىمۇ نان بولۇشتىن چەكلەپ، باشقا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ نېمە؟ ―دېدى نان تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ،

― شۇنداق بۇرادەر! ―دېدىم مەنمۇ نانغا تىكىلىپ قاراپ ۋە ئۆتكەن يىلى يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ، گېپىمنى باشلىدىم: ئۆتكەن يىلى بۇ شەھەردە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى نۇرغۇن كىشىلەرنى يىغىۋېلىپ غەلىتە بىر مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. بۇ: « ناننى چىشلەپ يەپ، بىر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق جۇڭخۇانى سۆيۈش پائالىيىتى» دەپ ئاتالغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر قولىغا بىر تالدىن ناننى ئېلىپ، گىرۋەكلىرىنى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپتىن، يۇقىرىدىن تۆۋەندىن قالايمىقان چىشلەپ يېيىش ئارقىلىق ناننى خوراز شەكلىگە ئوخشايدىغان غەلىتە بىر شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ جۇڭگو دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى ئىمىش! بۇنىڭدا كىم ناننى ئىتتىك ۋە قاتتىق چىشلەپ، ئالدى بىلەن خەرىتە شەكلىگە ئەكېلىپ بولسا، ئۇلار مۇسابىقىدە بىرىنچى بولغان بولۇپتىمىش ۋە مۇكاپاتلىنىپتىمىش!

― شۇنداقمۇ؟ ―دېدى نان ۋە بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، تېخىمۇ نالە قىلىشقا باشلىدى:

― ۋاي ئىست، ۋاي ئىست! سىلەر قىسىق كۆزلەر نېمە دېگەن يامان غەرەزلىك مەخلۇقلار! ―ھە! سىلەر تېخى بىز نانلارنى سىياسىينىڭ قورالى قىلماقچى بولۇشتۇڭلارمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇخلاپ چۈشۈڭلار! بىز نانلارنى ئادەملەردەك ياۋاش―يۇمشاق، خالىغانچە نېمە قىلىمىز دېسەك شۇنداق قىلالايمىز دەپ ئويلاپ قالماڭلار؟ ―بىز بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز ۋە سىلەردەك سىياسىي رەھۋازلاردىن قىساسىمىزنى

ئالماي قويمايمىز.

— قاينىما بۇرادەر! قاينىما! سەن ئۇلاردىن قانداق قىلىپ قىساسىڭنى ئالالايسەن؟ —دەپ، مەن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى مەن ھازىرچە سىزگە ئېيتالمايمەن ئۇستام، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسىز.—دەپ، مەن بىلەن خوشلاشتى نان.

ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. مەن نېمە ئىش بولار؟ —دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە ساقلاۋاتاتتىم. بىر كۈنى بىر نەچچە يۈك ماشىنىسىدا يۆتكەلگەن نانلار مەلۇم بىر شەھەرگە ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇ نانني يېگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ناننى سىڭدۈرەلمەي قۇسۇپ، ئاشقازانلىرى يېرىلىپ، بىردىن—بىردىن ئۆلۈشكە باشلىغان ئىمىش!



مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئەجەبلەندىم ۋە ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويدۇم: ئەجەبا! بۇ نانلار ساندۇقلارغا تىقما— تىقماق قىلىپ قاچىلانغانلىقتىن كۆكىرىپ—پاختىلىشىپ، زەھەرگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ياكى قىساس ئوتىدا يېنىپ، ئۇنى يېگەن تائىپىلەرنىڭ قورسىقىدا ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟ بۇ ھازىرچە مېنىڭ كاللامدا يېشىلمىگەن بىر مۇئەمما ئىدى.

# يانفونىنىڭ يارىسى

ئـۇ يانفـون ئىشـلىتىشۋاتقىلى ئـون يىلغـا يېقـىن بولغـان بولـۇپ، ئۇنىڭغـا خۇمـار بولـۇپ قالغـان ئـىدى. ئۇنى بىـر مىنۇتمـۇ يېنىدىن ئايرىمايتتـى. پۈتـۈن كۈنـى يانفونىدىكـى ھــەر خىــل ئۇچــۇرلار، ئــەپ ۋە ھــەر خىــل دوســتلۇق توپلىرىــدا ئۇچــۇر قالــدۇرۇش، ئۇچــۇر ئوقــۇش ھــەر خىــل پىكىــر ۋە مۇلاھىــزە قىلىــش بىلــەن ئۆتەتتـى. ئۇنىـڭ كىشـىلەر بىلـەن ئارىلىشـىش دائىرىسـى ناھايىتى كــەڭ بولــۇپ، بۇياقتــا ئالتايدىن-قەشــقەر-خوتەنگىچە، ئۇياقتــا ئۈرۈمچىدىن-ئىستانبۇل-ۋاشــىنگىتونغىچە دېگەنــدەك دۇنيانىـڭ ھـەر قايسـى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىـرى بىلـەن ئالاقـە تـورى ئورنىتىۋالغـان ئـىدى. ئۇنىـڭ يانفونىغـا نەچچـە مىـڭ ئادەمنىـڭ تېلېفـون نومـۇرى قاچىلاقلىـق ئـىدى. ئۇنىڭچـە: ئۇنىڭغـا يانفـون ناھايىتــى جىــق قولايلىقلارنــى ئېلىــپ كەلگــەن بولــۇپ، ئــۇ يانفونسىــز ئۆتكــەن بىــر كۈنىنىــڭ قانــداق كــۈن بولىدىغانلىقىنــى تەســەۋۋۇر قىلالمايتتــى.

ئــۇ ئىلگــىرى ئوقۇغۇچــى ۋاقتىــدا يانفونىنىــڭ ئىنسـانلارغا بــۇ قــەدەر كــۆپ قولايلىققــا كەلتۈرىدىغانلىقىنــى ئويلاپمــۇ باقمىغــان ئــىدى. ئــۇ چاغــدا، ئــۇ مەكتەپنىــڭ ئاممــىۋى كومپيۇتېرلىرىــدا ئوقــۇش ۋە تەتقىقـات ئىشـلىرى بىلـەن شـۇغۇللىناتتى. مانـا ئەمدى ھەممـە نېمىنـى يانفـون بىلەنـلا قىلغىلـى بولىدىغانلىقىنـى تونـۇپ يەتكەنـدىن بۇيـان، ئۇنىـڭ پۈتـۈن مەشـغۇلاتى، ئەس-يـادى

يانفون بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يانفونسىز قالسا قانداق بولار؟ بۇنى ئويلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىققاندىنمۇ ئېغىر بىر ئىش ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئۆيگە يوقلاش ئۈچۈن بارغان ئىدى. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانىسى ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بەردى. ئۇ ئانىسى ئېتىپ بەرگەن لەڭمەننى يەپ، ئاتىسىنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ نەدىن-نەگىچە ئىكەنلىكىنى سوراپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يانفونغا ئۈچۈر كەلگەندە چىقىدىغان: «تىت، تىت، تىت» قىلغان سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن ئاتىسى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، تاماق دۇئاسى قىلىپ بەردى.

ئۇ داستىخاندىن قوپۇپ ساپاغا بېرىپ ئولتۇرۇپ يانفوننى ئاچتى-دە، بىر-بىرلەپ ئۈچۈرلارغا قاراشقا باشلىدى. بىر ئۈچۈر ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقدىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۈچۈردا ساۋاقدىشى ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنىڭ پۈتۈشكە ئاز قالغانلىقى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىدا قېلىپ قېلىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت بېرىشنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. ئۇمۇ ئۇ ساۋاقدىشىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، دەرھال مەسلىھەت بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ دوستى بىردەمدىلا ئۈندىدار ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

– ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دوستۇم! ياخشىمۇ سەن؟ تىنچ-ئامانمۇ؟

– ھە، مەن تىنچلىق، ئاللاغا شۈكرى! ئۆزۈڭچۇ، قانداق ئەھۋالىڭ؟

– ياخشى ئاغىنە! مەنمۇ تىنچ-ئامان تۇرۇۋاتىمەن.

سەندىن سورايدىغان بىر مەسلىھەت بار ئىدى.

– قېنى ئەمىسە، سورىغىن!

– مۇنداق ئىش ئىدى ئاغىنە، بۇ يىل ئوقۇشۇم پۈتىدۇ. ئامېرىكىدا ماڭا ھەر يەردىن ئىش چىقىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۆزۈم ئوقۇغان مەكتەپتىنمۇ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش جەدۋىلى تاپشۇرۇۋالدىم.

– ۋاي، شۇنداقمۇ دوستۇم؟ مۇبارەك بولسۇن! بەك ياخشى بولۇپتىغۇ! تەبرىكلەيمەن.

– رەھمەت. دوستۇم! ماڭا ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەر كەلگەن ئىدى. ئەمما مەن قاتتىق ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

– شۇنداقمۇ، نېمە سەۋەبتىن؟

– ئاتا-ئانام قايتىپ كەل دەۋاتىدۇ. ئۇلار ياشىنىپ قالدى. قارايدىغان ئاچا-ئاكىلىرىمغۇ بار، ئەمما ئۇلار باشقا شەھەردە تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانام مېنى ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ۋەتەندە بىرەر ئىش تېپىپ قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ.

– ئۇنداق بولسا، يەنە نېمىگە تارتىنىسەن؟ مېنىڭچىمۇ قايتىپ كەلگىن! ساڭا ۋەتەندىمۇ بىرەر ياخشى ئىش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن!

– ئۇغۇ شۇنداق! ۋەتەندە قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىش تېپىلىشى مۇمكىن. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا بولمىسا، شەخسى شىركەتلەردە بولسىمۇ بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەرمەن دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئەمما، بىر نەرسىنى ئويلىسام ۋەتەنگە قايتقۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

– ئۇ نېمە ئاغىنە؟

– ئەركىنلىك!

ــ ئەركىنلىك؟

ــ ھە، شۇنداق، ئەركىنلىك !

ــ ئۇ دېگىنىڭ بۇ يەردىمۇ بارغۇ؟ مانا بىزمۇ ياشاۋاتىمىزغۇ؟ ھېچكىم بىزنىڭ پۇت-قولىمىزنى باغلاپ قويمىدىغۇ؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق ئاغىنە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز بۇ يەردە خالىغانچە سۆزلىيەلەيمىز، نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىمىز، نېمە دېگۈمىز كەلسە شۇنى دەيمىز، مەن بۇنىڭغا تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا بەكمۇ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ناۋادا ۋەتەنگە قايتىپ قالسام، قالايمىقان سۆزلەپ قويۇپ، بالاغا قالارمەنمىكىن دەپ ئويلايمەن!

ــ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمە ئاغىنە! سەنمۇ بىزگە ئوخشاش قۇلىقىڭنى يوپۇرۇۋېلىپ، تۈگە كۆردۈڭمۇ؟ -دېسە، ياق! -دەپ قويۇپ ياشاۋەرسەڭ بولمىدىمۇ؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق ئاغىنە، ئەمما مېنىڭ يەنە ئەندىشە قىلىدىغان بىر مۇنچە تەرەپلىرىم بار!

ــ مەسىلەن: قايسىلار؟

ــ مەن ۋەتەندە ياشىسام ئەڭ ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك، سەنمۇ بىلىسەن بەلكى، ئاتا-ئانام ئىنتايىن تەقۋادار كىشىلەردۇر. ئۇلار تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەيدۇ. 5نامازنى تەرك قىلمايدۇ. بىر كۈنمۇ روزىسىنى قازا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجگە بېرىپ كەلگەن ھاجىلاردۇر.

ــ ئۇنداق بولسا نېمە بولۇپتۇ! سەن ۋەتەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئۆي ئايرىپ، باشقا يەردە ئۆز ئالدىڭغا ئۆي تۇتۇپ تۇرساڭلار بولمامدۇ؟

-ياق! بولمايدۇ ئاغىنە، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن تاكى بىرەر مۇۋاپىق قىز بىلەن تېپىشىپ، نىكاھ قىلىپ بىر

ياستۇققا باش قويمىغۇچە مېنىڭ ئۆيگە ئايرىپ چىقىشىمغا ئۇلار قوشۇلمايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتى. ئاكىلىرىممۇ شۇنداق بولغان. ئىككى ئاكام تاكى تويى بولمىغۇچە ئاتا-ئانام بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. چۈنكى، ئاتا-ئانام ئاكىلىرىمنىڭ ئايرىم ياتاقتا، ئۆز ئالدىغا ياشىشىغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىلىرىمنىڭ مەدەنىي توي قىلىشىغا قوشۇلمىغان، نىكاھتىن بۇرۇن يۈرگەن قىزى بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ باقمىغان، پەقەت بىر ئىككى قېتىم يۈز كۆرۈشۈپلا ئۇلارنىڭ مىللىيچە تويى بولغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تويىدا ھاراق-شاراب قويۇلمىغان ئىدى. چۈنكى، ئاتا-ئانام بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇراتتى.

– ۋاي، ۋاي! مۇنداق دېگىنە؟ سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ تەقۋادارلىقنى بەكمۇ ئاشۇرۇۋېتەمدۇ نېمە؟

– شۇنداق، ئاغىنە! ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس يادى بولسا، بىز باللىرىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلىق ئۆرپ-ئادىتى بىلەن ياشاشتا قالىدۇ. چوڭلارنىڭ قارىشىچە، بىز مۆمىن ئادەملەردىن بولۇپ، مۇسۇلماندارچىلىقنى ياخشى ئادا قىلمىساق جەننەتكە كىرەلمەيدىكەنمىز، ئەكسىچە دوزاخقا مەھكۇم بولۇپ قالىدىكەنمىز!

– ھە، مۇنداق دېگىنە؟ ئۇلار نېمە دېگەن مۇتەئەسسىپ-ھە!

– ھەي! ئاغىنە! نېمىسىنى دەيسەن؟ ئەمما، ئۇلار ئۆزىنى مۇتەئەسسىپ دەپ قارىمايدۇ. بەلكى: «بىز ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىز» دەپ قارايدۇ.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن تېخى خۇداغا شۈكرى دېسەم بولغۇدەك، مېنىڭ ئاتا-ئانام زىيالىي

بولغاچقىمۇ، ئۇ دەرىجىدە ئەمەس. ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە ناماز ئوقۇيدۇ. ئەمما، بىزنى ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا، ھەجگە بېرىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. پەقەت: بالىلىرىم شارائىتىڭلار يار بەرسە دىنني قائىدىلەرنى ئادا قىلىڭلار! زامانىنىڭ رەپتارىغا بېقىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈڭلار دەيدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن گەپ بارغۇ! ئەمما مېنىڭ ئاتا-ئانام ئۇنداق قارىمايدۇ. بىز: « ھەق يول» دىن قايتمايمىز دەيدۇ.

— ھەي، ئاغىنە! مەن دېسەم بارغۇ ھەممە ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بالىلىرىنىڭ بەختىنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئويلاش، زامانغا ماسلىشىش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش پىسخىكىسى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بىز باللارمۇ بىلىپ-بىلمەي ئاتا-ئانىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز. مەسىلەن: مېنىڭ ئاتام ئىلگىرى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخ كەسپىدە ئوقۇپ، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئىدى. شۇڭا ھەر دائىم تارىختىن سۆزلەپ. ماڭا ئەجدادلارنىڭ تارىختا قانداق ياشىغانلىقى، قانداق دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى ۋە ھازىرقى ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. تارىخي يادىكارلىقلار ۋە ئاسارئەتىقىلەرگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. تېخى ئۆتكەندىلا قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇر ئىزلىرىنى تەكشۈرىمەن دەپ قازاقىستانغا چىقىپ كەردى.

— ئۇنداقتا سېنىڭ چەتئەلگە چىقىشىڭنى قوللايدىكەن-دە؟

— ياق! ھەرگىزمۇ قوللىمايدۇ. ئاتام ماڭا دائىم: بالىلىرىم، ۋەتەندىن ئايرىلماڭلار! تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز! — دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى مەن تۈركىيەگە تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش

ئۇچۇن ماگىستىرلىقتا ئوقۇشقا چىقماقچى بولغان ئىدىم. ئۇنى قوللىماي قويدى.

– سەۋەبى نېمە ئىكەن؟

– سەۋەبىنى ئېنىق دېمىدى. ئەمما ئۇ مېنىڭ چەتئەلدە ئوقۇپ، ئۇ يەرگە يەرلىشىپ قېلىشىمنى قەتئىي خالىمايدۇ، مېنىڭچە، سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك دەپ قارايمەن.

– شۇنداقمۇ؟ زىيالىيلارنىڭمۇ جاھىل تەرەپلىرى بولىدىكەندە ؟

– ياق! ئاغىنە، بۇنى جاھىللىق دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ بەلكى ھەددىدىن زىيادە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن!

– مېنىڭ ئاتام ۋەتەن دېسە ئۆلۈپ بېرىشتىن يانمايدۇ. چۈنكى، بوۋام ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، «ۋەتەن قەھرىمانى مېدالى» ئالغان ئىكەن.

– ھە! مۇنداق دېگىن؟ – بوۋاڭ قەھرىمان! ئاتاڭ ۋەتەنپەرۋەر! سەن شېئىرىيەت تەتقىقاتچىسى! سىلەرنىڭ ئائىلە نېمە دېگەن شەرەپلىك ئائىلە ھە !

– ئۇ قەدەر ماختىغۇچىلىكى يوق ئاغىنە! سېنىڭ ئائىلەڭمۇ ئادەتتىكى ئائىلە ئەمەس، ئاتا-ئاناڭ ھاجى، سەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيالىدىڭ، ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ دوكتور بولىسەن. بۇنىمۇ ئادەتتىكى ئىش دېگىلى بولمايدۇ!

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تۈگىمىگەندەك ئەمەس ئىدى. بىراق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئانىسى ئىشىكنى چېكىپ، ئۇنىڭ بۇ تەرەپكە چىقىشىنى ئىشارەت قىلغاندەك، ئۇ دوستى بىلەن بولغان سۆھبىتىنى ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە چىققاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا: ئوغلۇم، مېنىڭ دوختۇرخانىغا

بارىدىغان ۋاقتىم توشۇپ قالدى سەن بىلەن خوشلىشىۋالاي دېدى-دە، ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى: ئوغلۇم! باپام كەلگەن تېلېفون چەتئەلدىن كەلگەن ئوخشايدۇ-ھە؟ ئۇ بالا ھەرقانچە سېنىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، چەتئەل بىلەن ئۇ ئۇ قەدەر ئۇزاق پاراڭلىشىپ كېتىشىڭ ياخشى ئىش ئەمەس! بىزدە: «توْت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن گەپ بار! دېيىشكەن گەپلىرىڭنى ھۆكۈمەتنى ئاڭلىمايدۇ! كۆنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ بېشىڭغا چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يۇقىرى ئورۇندا ئىشلەيدىغان تونۇشۇمدىن ئاڭلىشىمچە، ھۆكۈمەت چەتئەل بىلەن بولغان تور ۋە تېلېفون ئالاقىسىگە بەكمۇ سەزگۈر ئىمىش! ئۇلار تەكشۈرۈلۈپ ۋە خاتىرىلىنىپ تۇرارمىش

— ۋاي ئاتا، ئارتۇقچە گەپلەرگە ئىشىنىپ كەتمە! ئۇندىدار دېگەننى ھەممە ئادەم ئىشلىتىدىغۇ؟ ھازىر ئۇندىدار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدىغان تۇرسا، ھەممە ئادەم ئىشلىتىۋاتسا، ئەمدى سېنىڭ بېشىڭغا بالا بولىدۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ياق، ئوغلۇم! مەسىلىلەرگە ئۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن قارىمىغىن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلار ئىلگىرىمۇ بولغان. ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نۇرغۇن كىشىلەر: «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ جازالانغان. يەنە ئۇنى تەكرارلانمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ!

— ئاتا، ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىگىن! باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز! خەققە نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ! بىز بىر ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ-سۆز قىلىشمىدۇق. ھەممىسى تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغۇ؟

– شۇنداقتىمۇ ئوغلۇم! دىققەت قىلغۇلۇق، بىزنىڭ بۇ يەرنى باشقا چەت دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ۋاقتى كەلسە بىر كۈندىلا سىياسەت ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بالام!

ئۇ ئاتىسى بىلەن يەنە ئارتۇقچە تالىشىشنى خالىمىدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، تۈنۈگۈن پىلانلاپ قويغان بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۇ ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە جەمئىيەتتە غەلىتە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرى بىر-بىرلەپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سىياسەت بىردىنلا ئۆزگىرىپ، تەرەپ-تەرەپتىن ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. ھېلىقى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان دوستى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئىدى. تۈنۈگۈن باشقا بىر دوستىدىن ئاڭلىشىچە، ئۇ تۇيۇقسىزلا يىغىن كېچىدە تۇتقۇن قىلىنىپ، قانداقتۇر بىر نامەلۇم جايغا ئېلىپ كېتىلگەنمىش، ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان نەشرىياتتىنمۇ مۇشۇ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان نەچچە تەھرىر ۋە تەرجىمانلار تۇتۇلۇپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇ دوستىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىش سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئىسمى: ئابدۇسالام بولۇپ، ئۇ بىر تەبىئىي پەن ئوقۇغان، سىياسەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئالىي مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىدىغۇ؟ ئۇ نېمە بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولغىيدى؟ –دېدى ئۇ ئۆز يۈزىگە پىچىرلاپ، –بەلكى ئۇنىڭ چەتئەلدە ئوقۇغىنى بىر خاتالىق بولغان ياكى بولمىسا چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە بىرەر خاتا گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنى بىرەرسى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىنمىدۇ؟ ئۇ

ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقتى، ئەمما قايسىسىنىڭ توغرا چىقىش ئېھتىماللىقىغا ئۆزىمۇ ھۆكۈم قىلالمىدى-دە، خىيالىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى: مەيلى قانداقلا بولمىسۇن؟ ئۇ ئاغىنىەم ناھەق تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن! بەلكى، بىرەر قېتىملىق تەكشۈرۈلۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خاتالىق تېپىلمىسا قويۇپ بېرىلەر؟ -دەپ، ئويلىدى-دە، ئايالى ۋە يېقىندا تۇغۇلغۇسى بوۋىقىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئۇنىڭ بۇ كېچىسىمۇ تىنچ-ئامان ئۆتتى. ئۇ ھامىلىدار ئايالى بىلەن كەلگۈسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، تۇغۇلغان بوۋىقىغا قانداق ئىسىم قويۇش، قانداق بېقىپ چوڭ قىلىش، چوڭ بولغاندا قانداق ئوقۇتۇش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتى. شۇ ئارىلىقتا ئايالى: ئۆزىنىڭ بالىسىنى بۆشۈكتە بۆلەپ چوڭ قىلىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئايالىغا: ئۇنى بەك توغرا ئويلاپسىز! بىزنىمۇ ئاتا-ئانىمىز بۆشۈككە بۆلەپ چوڭ قىلغان ئىدى. بۆشۈك ئانىلارغا جىق قولايلىقلارنى كەلتۈرىدۇ ھەم بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. -دېدى ھەمدە بۇ گەپلەرنى ئانىسىدىن ئاڭلىغانلىقىنى، ئايالىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئەتىلا ئورۇنداپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خۇشال ھالدا ئۇخلاپ قالغان ئىدى.

ئۇ ئەتىسى ناشتىلىقنى قىلىۋالغاندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا نەشرىياتقا بېرىپ، نورمال كۈندىكىدەك ئۆز ئىشىنى قىلدى. ئارىلىقتا ئۇ تەھرىرلىك قىلىۋاتقان كىتابتىن بىر مەسىلە چىقىپ، ئۇنى نەشرىيات مۇدىرىدىن سوراپ كۆرمەكچى بولۇپ، مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىۋىدى، ئىشخانىدا نەشرىيات مۇدىرى، داڭلىق شائىر ئەركىن ئىبراھىم يوق بولۇپ چىقتى. ئىشخانىدا كاتىپ ئايال ئىشلەۋاتقان بولۇپ، كاتىپ ئايالدىن سورىۋىدى،

ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: تۆنۈگۈن مۇدىرنىڭ ئايالى ئاسىيە خانىم ماڭا تېلېفون قىلىپ، يولدىشىنىڭ ئۆلۈشكۈن كېچىسى ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى، سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا كاتىپنىڭ بارلىق ئىشلارنى ھازىرچە ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆز ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى.

ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمايۋاتاتتى. كاللىسىغا بۆشۈكنى نەدىن سېتىۋېلىش خىيالى كىرىۋالغان ئىدى. ئۇ بىر نەچچە سائەت قىلىدىغان ئىشنى قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بالدۇرراق ئىشتىن قايتىشى كېرەكلىكىنى كاتىپ ئايالغا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، بازارغا بۆشۈك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماڭدى.

ئۇ بۆشۈكنىڭ نەدە سېتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان بىر نەچچە ياشانغان كىشىلەردىن سوراپ كۆرۈۋىدى، ئۇلار بۆشۈكنىڭ چوڭ بازاردا سېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئۇ خىيال ئىچىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مېڭىپ چوڭ بازارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. تۇساتتىن ئالدى تەرەپتىكى «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» دىن ئىككى ساقچى چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى-دە:

- ھەي! سەن بىز بىلەن بۇ يەرگە كەل! يانفونۇڭنى تەكشۈرۈلىدۇ.-دەپ، ئۇنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ساقچى پونكىتىغا ھەيدەپ كىرىشتى.

- يانفونۇڭنى چىقار !

- نېمە قىلىسىلەر؟

- تەكشۈرىمىز. ئۇ يانفوننى چىقىرىپ بەردى. ئۇنىڭغا بەرمەيمەن دېيىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ

يانفوننى ئېلىپ بىر ئاپپاراتقا چېتىپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ يانفونى نۇرغۇن قېتىم: « تىت، تىت، تىت» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بەردى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار: يانفونۇڭدا مەسىلە بار، تەكشۈرۈلىسەن! دېگەنچە، ئۇنىڭ ھە ياكى ياق! دېگىنىگە قارىماستىن، قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا چىقىرىپ، ئېلىپ مېڭىشتى.

– نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دەپ سوئال قويدى ساقچىلارغا

– گەپ قىلما! ئاغزىڭىزنى يۇم! سېنىڭ سوئال سورىشىڭغا رۇخسەت يوق. بىز بارغاندا ھەممە نېمىنى سېنىڭ ئالدىڭغا قويۇپ بېرىمىز. سېنىڭ تېلېفونىڭدا ئېغىر چاتاق بار، تېلېفونۇڭ ناھايىتى كۆپ سىگنال بېرىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار ئۇنىڭ گەپ–سۆز قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. قانچىلىك ۋاقىت مېڭىشتىكى، بىر چاغدا ئۇنى يوغان دەرۋازىلىق، ئەككى تەرەپتىكى پوتەيلەردە ساقچىلار قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر يەرگە ئەكىلىپ چۈشۈردى–دە، قاراۋۇللار بىلەن كولدۇرلاپ خىتاي تىلىدا بىر نېمە دەپ گەپلەشكەندىن كېيىن، دەرۋازا ئېچىلدى. ساقچىلار ماشىنىنى تۆرمە ھويلىسىنىڭ ئىچىگە ھەيدەپ ئەكىرىپ، ئۇنى تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئەكىردى–دە، تۆمۈر ئىشىكلىك بىر كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىتتىرگەنچە ئەكىرىپ سولاپ قويۇشتى.

ئۇ كامېرغا كىرىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. كىچىككىنە بىر كامېردا، يىگىرمە نەچچە تۇتقۇن بىر–بىرسىگە يانمۇ–يان دېگۈدەك سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ بۇ كامېرغا سولانغان 24–كىشى ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەكلا چېچى قىرقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى

قوغىغۇن پەلەكلىرىدىكى ئەمدى پىشىش ئالدىدا تۇرغان سويىملاردەك پارقىرىشىپ تۇراتتى ئۇ تۇتقۇنلارغا: «سىلەر نېمىشقا بۇ يەرگە قامالغان؟ » دېمەكچى بولۇپ قارىۋىدى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا قارىمىدى. چۈنكى، كامېردا ھېچكىمنىڭ بىر-بىرى بىلەن گەپلىشىشكە رۇخسەت يوق ئىدى. بولۇپمۇ يېڭى تۇتقۇنلارغا كونىلارنىڭ گەپ قىلىشىغا، ئۇنى قىل! بۇنى قىل! -دەپ ئىش ئۆگىتىشكە بولمايتتى.

كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. كەچلىك تاماق بولىدى بولغاي، قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن كامېرنىڭ ئىشىكىدىكى بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، تاراق-تۇرۇق قىلغان قازان-قومۇچنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇنلار بىر تالدىن سولياۋ قاچىنى كۆتۈرۈپ، قاتار تىزىلىپ كامېر ئىشىكىدىن ئۇسۇپ بېرىلگەن سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسىدىن ئېلىپ، جايىغا قايتىپ كېلىپ شالاپلىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇتقۇنلار قاتارىسىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، تولۇق قورالانغان ئىككى گۇندىپاي قولىدا بىر مۇنچە قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇتقۇنلارغا بىردىن بىردىن تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇنلار قولىدىكى قەغەزنى ئۈنلۈك ھالدا ئوقۇشقا باشلىدى: بىز جۇڭخۇا مىللىتى، جۇڭگودا باشقا مىللەت يوق، بىز ھازىر ھەممىدىن كۈچلۈك، بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. داھىيمىز شى جىنپىڭ بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بىز ئۇنىڭ يولىغا قەتئىي تەۋرەنمەي ئەگىشىمىز... دېگەندەك سىياسىي شوئارلارنى ئۈنلۈك توۋلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ توۋلىماي قاراپ تۇرۇۋىدى، كامېر باشلىقى بولۇشى كېرەك، ياشتا چوڭراق بىرسى: ھەي سەنمۇ بىزگە ئەگىشىپ توۋلىغىن! بولمىسا گۇندىپايلار بىلىپ قالسا سېنى ئېغىر جازاغا تارتىدۇ، -دەپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلغاندەك قارىدى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇمۇ باشقا تۇتقۇنلارغا ئەگىشىپ سىياسىي شوئارلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ سىياسىي ئۆگىنىش ئىككى سائەتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن، يەنە سىگنال چېلىنىپ ئۇخلاشقا بۇيرۇق بېرىلدى. تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك يانچە ياتسا ئاران سىغقۇدەك يەر بوشىتىپ بېرىشتى. ئۇ شۇ يەرگە سىغدىلىپ كىرىپ، داق يەردىلا يېنىچە يېتىپ ئۇخلىدى.

ئەتىسى سائەت يەتتە بولغاندا سىگنال چېلىندى. تۇتقۇنلار دەرھال خۇددى ئەسكەرلەردەك چاققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، يوتقان-كۆرپىلىرىنى قاتلاپ يىغىشتۇرۇپ، بەش مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا تەييار بولۇشتى-دە، كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭلا قاتار تىزىلىپ مېڭىپ، كارىدورغا چىقىپ، ئاندىن مەيدانغا قاراپ مېڭىشتى، شۇ ئەسنادا بىر گۇندىپاي ئۇنى ئېلىپ قېلىپ: - سەن مەن بىلەن كەل، سېنىڭ سوراق قىلىنىدىغان ئىشىڭ بار! -دەپ، ئۇنى باشقا بىر يەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ كامېرنىڭ ئىشخانىسىدەك قىلاتتى. ئىشخانا ئوتتۇرىسىغا بىر تال ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، قارىغاندا باشلىق بولسا كېرەك! ئورۇندۇقتا بىر ئوتتۇرا بوي، قىسىق كۆز ساقچى ھومىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

- ئولتۇر! -دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ئۇ نەدە ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي قاراپ تۇرۇۋىدى، ئىككى ساقچى كېلىپ ئۇنى ئىتتىرگەنچە بىر قارا ئورۇندۇققا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە پۇت-قولىنى ئورۇندۇققا چېتىپ باغلاپ قويۇشتى.

ساقچى باشلىقى خۇددى ھازىرلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جالللاتلاردەك ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

-جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟

- ياق، مەندە جىنايەت يوق!

- جىنايەت يوق دەمسەن؟ بۇ نېمە؟ سېنىڭ يانفونۇڭدا

ئۇندىدار بىلەن گەپلەشكەن نۇرغۇن قانۇنغا خىلاپ گەپلىرىك تېپىلدى. مانا بۇ سېنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن ئامېرىكىدىكى ئابدۇسالام بىلەن ئۈندىداردا دېيىشكەن ئەكسىلئىنقىلابىي گەپلىرىڭ.–دەپ، بىر قەغەزگە بېسىپ چىقىرالىغان مۇنداق ئوتتۇزدىن جىق كەلىمە سۆزنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم
- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام
- خۇدا
- ئاللاغا شۈكرى
- ئىنشائاللا!
- ئەركىنلىك !
- ۋەتەنپەرۋەرلىك
- ۋەتەن
- دۆلەت
- چەتئەل
- ئەجداد
- ئىنقىلاب
- قەھرىمان
- ھەقىقەت
- نىكاھ
- ئامېرىكا
- تۈركىيە
- قازاقىستان
- ئابدۇسالام
- مۇسۇلمان

- تەقۋا
- مۆمىن
- ھاجى
- ناماز
- روزا
- تاھارەت
- ئىسلام
- جەننەت
- دوزاخ
- تارىخ
- ئۇيغۇر تارىخى
- ئۇيغۇرلار



– بۇلار جەمئىيەتتە ھەر كۈنى ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى گەپلەرغۇ، ئۇلارنى قانداقمۇ ئەكسىلئىنقىلابى سۆزلەر دېيىشكە بولسۇن؟ – دېدى ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي.

– ھىم! سەن دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى چىققان ئۇچۇر–ئالاقە، تور باشقۇرۇش قانۇنىنى بىلمەيدىكەنسەندە!–دەپ، ئۇستەل تارتمىسىدىن بىر پارچە ھۆججەتنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئوقۇپ چىقتى–دە، ئۇنىڭغا قاراپ: ئاڭلىدىڭمۇ؟ مانا بۇ ھۆججەتنىڭ روھىغا قارىغاندا، سېنىڭ ئۈندىداردا دېيىشكەن ئاۋۇ قەغەزدىكى گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن خاتا گەپلەردۇر، –دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئۇستەلگە قويۇلغان باشقا بىر پارچە قەغەزنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ: مانا بۇنىڭغا قول قوي، سېنىڭ ئىدىيەڭدە مەسىلە بار! ئىككى يىللىق قايتا تەربىيەلىنىشكە بارىسەن!

– ياق، ياق! –مېنىڭ ئىدىيەمدە مەسىلە يوق، مەن

ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن بىر زىيالىي، مېنىڭ تەربىيەلىنىشكە ئېھتىياجىم يوق! —دەپ قول قويۇشنى رەت قىلدى.

— ھەددىڭنى بىل!—دەپ ۋارقىرىدى ساقچى باشلىقى،— ئەگەر سەن بۇنىڭغا قول قويۇشنى رەت قىلساڭ، دەرھال تۈرمىگە تاشلىنىسەن!

ئۇ يەنە قول قويۇشنى رەت قىلىۋىدى، يان تەرەپتە قاراپ تۇرغان ئىككى ياللانما ساقچى ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىر نەچچىنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى باغلاقتىن بوشىتىپ ۋە قەلەمنى تۇتقۇزۇپ، سوزۇپ ئەكېلىپ مەجبۇرىي قول قويدۇرۇۋالدى—دە، سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن قولىغا كويزا سېلىپ، پۇتىغا ئىشكەل تاقاپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، قانداقتۇر بىر جايدىكى نامەلۇم «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئېلىپ مېڭىشتى.

ئارىدىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا—ئانىسى ئاھالىلەر كومىتېتىدىن بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا: ئىككى يىل ئىلگىرى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە تۇتۇپ كېتىلگەن ئوغلىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. بۇ ياشانغان ئاتا—ئانا پەرزەنت ئىشقىدا يېنىپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىدى.

ئەتىگەندىلا كەلگەن بۇ ئىككى ياشانغان ئاتا—ئانا ئوغلىنىڭ قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ناھايەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ توشتى. يوغان دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوغلى چىقتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە—بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولۇپ،

خۇددى ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئوغۇلنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق بىر ھېسسىي ئالامەت يوق ئىدى. ياشانغان ئاتا-ئانىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇلار: « ئوغلىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ، باغرىمىزغا ئۆزىنى ئاتىدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرغان ئىدى. ئەمما ئوغۇل باشقا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ياشانغان ئانا: ئوغلۇم! ئوغلۇم! -دەپ غۇلچىنى كېرىپ، ئوغلى تەرەپكە مېڭىۋىدى، ئوغۇل ئالدىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى، ئۇ قېچىۋېتىپ پات-پات ئارقىسىغا قاراپ: «مېنى تۇتماڭلار! مېنى تەكشۈرمەڭلار، مەندە يانفون يوق! »-دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

## ئائىلەمدىكىلەر نەدە؟

ئـۇ قىـز ئىچكىرىدىكى مەلـۇم بىـر ئالـىي مەكتەپتـە ئوقۇيتتـى. بـۇ يىـل ئۇنىـڭ ئوقـۇش پۈتتۈرىدىغـان يىلـى بولـۇپ، باكلاۋۇرلـۇق ئىلمىـي ماقالىسـى يېزىۋاتاتتـى. يەنـە بىـر ئايدىـن كېيىـن يېزىۋاتقـان ئىلمىـي ماقالىسـى تاماملىنىـپ دىپلومنـى ئالغاندىـن كېيىـن تۇغۇلغـان يۇرتـى تەكلىماكانىنىـڭ جەنۇبىـي قىسـمىدىكى گۆھـەر يـۇرت كېرىيەگـە قايتىـپ بېرىـپ، سـۆيۈملۈك ئاتـا ـ ئانىسـىنىڭ يېنىـدا تـۇرۇپ، ئۇلارنىـڭ خىزمىتىنـى قىلغـاچ ئـۆز كەسـپىگە مۇۋاپىـق بىـر خىزمـەت تېپىـپ ئىشلەشـنى كۆڭلىگـە پۈكـۈپ قويغـان ئىـدى. ئـۇ قىـز ئاخىـرى ئىلمىـي ماقالىسـىنى يېزىـپ تامامـلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىـڭ كۆزدىـن كەچۈرۈشـىگە سـۇنۇپ بېرىـپ، يەنـە بىـر نەچچـە كۈندىـن كېيىـن كېلىدىغـان تەتىـل ۋاقتىنـى كۈتۈشـكە باشـلىدى..

ئـۇ قىـز بـۇ كۈنلـەردە ئىنتايىـن خىيالچـان بولـۇپ قالغـان ئىـدى. كۆڭلـى ئىنتايىـن غەشـلىك ئىچىـدە قالغانىـدى.

چۈنكـى، ئۇنىـڭ ئاتا ـ ئانىسـى بىلـەن ئالاقىسـى ئۈزۈلـۈپ قالغىنىغـا بىـر نەچچـە ئـاي بولـۇپ قالغـان ئىـدى. ئۇنىـڭ ئائىلىسـىگە خېلـى ئىلگىرىـلا مۇقىـم تېلېفـون ئورنىتىلغـان بولـۇپ، ئـۇ ھـەر دائىـم ئاتا ـ ئانىسى بىلـەن تېلېفونـدا كۆرۈشـۈپ ئەھۋاللىشـىپ تۇراتتـى. ئەممـا يېقىندىـن بۇيـان ئائىلىسـىگە تېلېفـون قىلىـپ، ئاتا ـ ئانىسـىنىڭ ئاۋازىنـى زادىـلا ئاڭلىيالمىـدى.

ئـۇلار تېلېفونغـا قەتئىـي چىقمايۋاتاتتـى.

ئـۇ قـىز يۇرتىغـا قايتىشـىغا بەكمـۇ ئالدىرىماقتـا ئىـدى. ئۇنىڭ ئالدىرىشـىدىكى سـەۋەب بىـر تەرەپتىـن ئاتا ـ ئانىسـىدىن خـەۋەر ئالالمـاي جۇدالىـق ئىچىـدە قالغانلىقى بولسـا يەنـە بىـر تەرەپتىـن ئۇنىـڭ ياخشـى كۆرگـەن يىگىتى قوشـنا مەھەللىدىكى ساۋاقدىشـى شـىرمەمەتنىڭ ئۇنـى سـاقلاۋاتقانلىقىدا ئىـدى. ئۆتكـەن يىللىـق يازلىـق تەتىلـدە يۇرتىغـا كەلگـەن ۋاقتىتـا، ساۋاقداشـلار ئـارا چاقىرىلغـان بىـر نەچچـە قېتىملىـق سورۇندا ئۇنىـڭ بىلـەن بىللـە بولـۇپ قالغانىـدى. شـىر مەمـەت ئۇنـى بىـر نەچچـە قېتىم تانسـىغا تارتىـپ، ئۇنىـڭ بىلـەن بەكمـۇ قىزغىـن تانسـا ئوينىغـان ۋە قولىنى چىـڭ سـىقىپ تـۇرۇپ: ئـازادەم قاچانلىققـا ئوقۇشـىڭىز پۈتىـدۇ؟ مـەن سـىزنى ئوقۇشـىڭىز پۈتكۈچـە ساقلايمەن! ـ دېگـەن ئىـدى. بـۇ ۋاقىتتـا ئـۇ قىزنىـڭ يۈرىكـى باشـقا ۋاقىتتىكىگـە ئوخشـىمىغان هالـدا دۈپۈلـدەپ سـوقۇپ كەتتـى. بەدىنىدىمـۇ باشـقىچە قىزىقلىق پەيـدا بولـۇپ، يـۈزى قىزىرىـپ كەتكـەن ئىـدى. بـۇ ئۇنىـڭ ئـۇ يىگىتنـى ياخشـى كۆرىدىغانلىقىنىـڭ ئالامىتـى ئىـدى.

ئاخىـرى كۈتكـەن كۈنمـۇ يېتىـپ كەلـدى. تەتىـل ۋاقتـى توشـقان ئىـدى. ئـۇ دىپلومىنـى قولىغـا ئېلىـپ پېشانىسـىگە تەگكـۈزۈپ، ئاندىـن ئۇنـى چىـڭ قاتـلاپ چامادانغـا سـالدى ـ دە، ساۋاقداشـلىرى بىلـەن خوشلىشـىپ ئـۇدۇل ئۈرۈمچىگـە، ئاندىـن خوتـەن ئارقىلىـق كېرىيەگـە بارىدىغـان بېلـەت ئېلىـپ، «بىسـمىللا» دەپ يولغـا چىقتى. ئـۇ ئىككى كېچە ـ كۈنـدۈز يـول مېڭىـپ ئۈرۈمچىگـە يېتىـپ كەلـدى ـ دە، ئۈرۈمچىـدە تۇرمايـلا ئـۇدۇل كېرىيەگـە قـاراپ يولغـا چىقتـى.

ئـۇ قـىز ئىككـى كېچـە كۈنـدۈز جاپالىـق سـەپەر ئارقىلىـق سـېغىنغان يۇرتـى تەكلىمـاكان گىرۋىكىدىكـى گـۈزەل دىيـار كېرىيەگـە يېتىـپ كەلـدى.

ئۇ قىز باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ساقلاپ تۇرمايلا بىر تاكسى كىرا قىلىپ، ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاچ كوچىلارغا نەزەر سالدى. ھاۋانىڭ ئوچۇق ۋە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي يولدا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ ئىدى. ئاندا-ساندا كېتىۋاتقان پىكاپ، يۈك ماشىنىلىرى ۋە ئاپتوبۇسلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا پىيادە كېتىۋاتقانلارنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىسسىقنىڭ تەپتىدىنمۇ قانداق؟ بىر خىل سۇسىراپ كېتىۋاتقاندەك سالپىيىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقان نەرسە بولسا، ھەر دوقمۇشتىكى سىم تاناب تۈۋرۈك ۋە يول چىراغلىرىنىڭ تۆمۈر شادىلىرىغا ئورنىتىلغان سان-ساناقسىز كامېرالار بولدى. ئۇ قىز بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ غەلىتىكىنى ھېس قىلىپ، تاكسى شوپۇرىدىن سورىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋىدى، شوپۇر يىگىت تاكسىدىكى كامېرانى كۆرسىتىپ: قىزچاق! ھازىر: « تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن گەپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. مەن سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمەيمەن، ئۆزىڭىز ئاستا-ئاستا ھەممىنى چۈشىنىپ قالىسىز.-دەپ ئالدىغا قاراپ تاكسىنى ھەيدەشنى داۋام قىلدى.

تەخمىنەن چارەك سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن، تاكسى ئۆيلارنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قىز تاكسىدىن چۈشۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى. قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا يوغان قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ بىرىپ دەرۋازىنى قېقىۋىدى، ھېچقانداق بىر سادا چىقمىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ھويلىدا باقىدىغان توخۇ، ئۆردەك، كەپتەرلىرىدىنمۇ ھېچقانداق بىر سادا يوق ئىدى. ئۇ ئەمدى قوشنا-خولۇملاردىن سوراپ باقماقچى بولۇپ، يان تەرەپتىكى ئۆيلەرگە قارىۋىدى، ئارقا-ئارقىدىن يەتتە سەككىز ئۆينىڭ

قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇنداقتىمۇ بىر نەچچە ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ كۆردى، ئەمما ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئۇ ئۆمىدىنى ئۈزمەي بۇ كىچىككىنە مەھەللىنى تولۇق بىر قېتىم دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى. ھويلىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دېگۈدەك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. قۇلۇپ سېلىنمىغان ھويلىلارمۇ جىمجىت بولۇپ، ھېچقانداق ئادەم يوقتەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا يېقىنراق بولغان بىر ئوچۇق ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ھويلىدىن ياشانغان بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قىز بوۋاينى ئاۋازىدىنلا تونۇۋالدى. ئۇ بۇ مەھەللىدىكى يالغۇز بوۋاي مەتتوختاخۇن ئىدى. ئۇ قىز بوۋاينى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. بوۋاي ئورۇقلاپ بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالغانىدى. قىز بوۋايدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى كىشىلەرگە نېمە بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، بوۋاي ياشاڭغىراپ كېتىۋاتقان كۆزىنى تەستە ئېچىپ:

— قىزىم بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېقىندىن ئېچىلغان مەكتەپكە ئېلىپ كېتىلدى. قايسى كۈنى ئۇدۇلدىكى سەلىمىخاندىن ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ ئائىلىدىكىلەردىن ھەممىسى ئاتا-ئانىڭىز، ئاكا-ئىنىڭىز ۋە ئاچىڭىزمۇ شۇ مەكتەپكە ئېلىپ كېتىلگەنمىش!

— نېمىشقا ئۇ يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ؟ قانداق مەكتەپكەن ئۇ؟ ئاتمىش-يەتمىش ياشلارغا بېرىپ قىلغان ئادەملەرنىمۇ ئوقۇتىدىغان؟ — دەپ سورىدى قىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، بوۋاي يەنە:

— مەنمۇ بىلمىدىم قىزىم، ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن مەكتەپتە ئوقۇپ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايمىش!

168

– شۇنداقمۇ؟ – دېدى قىز بوۋاينىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ.

– ئۇ مەكتەپلەر نەدە ئىكەن؟

– مەنمۇ بىلمەيمەن قىزىم، ئىشقىلىپ بۇ ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا، بىر نەچچە يەردە يېڭىدىن ئاشۇنداق مەكتەپلەر سېلىنغانمىش! –دېدى بوۋاي ھەمدە بىردەم ئويلانغاندەك تۇرۇپ كېتىپ، – ھە راست قىزىم! ئۇ مەكتەپنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى سەفخان ياخشى بىلىشى مۇمكىن! ئۇ خوتۇن ئۆتكەندە بىر نەچچە ياش كادىرلار بىلەن ئۆي–ئۆيلەرگە كىرىپ، كىمنىڭ ئۆيدە جايناماز بار، كىمنىڭ ئۆيدە قۇرئان بار، كىم ناماز ئوقۇيدۇ، كىم ئوقۇمايدۇ؟ كىم جۈمە نامىزىغا بارىدۇ؟ كىم نەزىر بەرگەن؟ كىم چەتئەلگە چىققان؟ كىم ھەجگە بارغان؟ دېگەندەك ئىشلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

–ھە، ئەمدى چۈشەندىم بوۋا! رەھمەت سىلىگە! ئۇنداق بولسا مەن: « ئاھالىلەر كومىتېتى» غا بېرىپ، ئۇلاردىن سوراپ باقاي.–دېدى ۋە بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇ قىز ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ ساقلاپ تۇرۇۋىدى، ياش بىر كادىر يىگىت چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ قىز:

–ئەسسالامۇئەلەيكۇم! – دەپ سالام بېرىۋىدى، يىگىتنىڭ چىرايى تاتىرىپ، جايىدىلا چۆچۈپ كەتكەندەك تۇرۇپ كەتتى–دە، قىزغا سالامۇ قايتۇرماستىن: كىرىڭ ئىچىگە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ – دەپلا ئارقىچىلاپ ئىشخانىغا كىرىپ ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇردى. قىز ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلاپ بولغۇچە كادىر يىگىت ئۇنىڭغا تەنبىھ

بىرىشكە باشلىدى:

— سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ؟ تا ھازىرغىچە بىزنىڭ يېڭى چىققان قائىدە-تۈزۈملەرنى بىلمەمسىز؟: « ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ سىز بىلمىسىڭىز مەن دەپ بېرەي: « ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن بۇ گەپ بولسا ئەسەبىيلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ نومۇر دەپتىرىڭىزدىن بەش نومۇر تارتىلىدۇ.

— خاپا بولماڭ كادىر ئەپەندى، مەن ئىچكىرىدىكى تيەنجىن شەھىرىدىن كەلدىم. مەن ئوقۇۋاتقان يەردە بۇنداق بەلگىلىمىلەر ۋە تۈزۈملەر يوق ئىدى. « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن گەپلەرنى ئۇ يەردە بىز ئادەتتىكىدەك سالام ئورنىدا دەۋېرەتتۇق، ھېچكىم چەكلىمىگەن ئىدى. «نومۇر دەپتىرى» دېگەن نەرسىمۇ ئۇ يەرلەردە يوق، ماڭا ھېچكىم ئۇنداق دەپتەر بېرىپ باقمىدى.

— نەدىكى گەپنى دەۋاتىسىز، سىز ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسىز؟ سىز قەيەردە بولسىڭىز شۇ يەرنىڭ تۈزۈمىگە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك! مانا ئەمدى سىز بىزنىڭ باشقۇرۇش ئىلكىمىزدە، شۇڭا سىز بۇ يەردىكى قائىدە-تۈزۈملىرىنى بىلىشىڭىز ۋە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك! مەن ئەمدى سىزنىڭ ئارخىپىڭىزغا بىر قارا چېكىت قويۇپ قويۇشۇم كېرەك! — دېدى ئۇ قىزغا ھۆركىرەپ، ئاندىن كومپيۇتېرنى ئېچىپ قىزغا قاراپ بىر مۇنچە سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى: ئاتا-ئانىڭىز كىم؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ قايسى قورۇدا ئولتۇراتتىڭىز؟ قىز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ تۇرۇشىغا، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەفخان دېگەن ئايال كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭغا ھېجاراپ قاراپ: ھە! سىز ئەمەتئاخۇن ئۇستامنىڭ قىزى ئازادەم بولامسىز؟ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەپسىزدە؟

مانا بۇ بەك ياخشى بولدى. بىز ھازىر سىزدەك دۆلەت تىلى بىلىدىغان ياش قىزلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق، ناھىيەمىز ھازىر يېڭى بىر تۈزنى يولغا قويدى. سىز شۇ تۈرگە قاتنىششقا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىسىز، مەن سىزنى ھازىرلا شۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈپ قوياي! - دېدى.

ئۇ قىز سەفىخاننىڭ سوئالىنى چۈشەنمىگەندەك ئۇنىڭ سوئالغا جاۋاب بەرمەستىن، ئۆزىنىڭ سوئالىنى سورىدى:

- مالال كۆرمەي دەپ بەرگەن بولسىڭىز، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر يەنى ئاتا-ئانام، ئاكا-ئىنىم، ئاچام نەدە؟

-ھە، سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ - دېدى سەفىخان خۇپسەنلىك قىلغاندەك چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ،-ئۇلار ھازىر: «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دە ئوقۇۋاتىدۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ.



- نېمىشقا ئەمدى ئۇ ئاتمىش ياشتىن ئاشقان ياشانغان كىشىلەرمۇ ئوقۇشى كېرەك؟ ئاكام-ئاچاملارچۇ؟ ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كەسىپ ئىگىلىرى تۇرسا، ئۇلارمۇ ئوقۇشى كېرەكمۇ؟

- بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتى يەنى «سىياسىي قانۇن كومىتېتى» نىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىشلار.-دېدى سەفىخان بىردىنلا چىرايىنى تۈرۈپ، سىزنىڭ ۋە ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇلارنى نېمىشقا ئوقۇيدۇ؟ نەدە ئوقۇيدۇ؟ -دەپ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى يوق!

- نېمىشقا؟ ئۇلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىزغۇ؟ ئۇلار نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟ بىز ئۇلارنى سۈرۈشتۈرسەك نېمىشقا بولمايدۇ؟

- مەن بولمايدۇ دېدىم، بولمايدۇ! بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە ۋە

قارشى چىقىشقا بولمايدۇ. بولمىسا ئۇلارمۇ ئاشۇلار قاتارىدا «ئىدىيەسى چاتاق» دەپ قارىلىپ، قايتا تەربىيەلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

–بۇ قانداق سىياسەت؟ – دېدى ئۇ قىز يەنە سەفخانىنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلماي – « ئىدىيەسى چاتاق» دېگەن قانداق گەپ؟ نېمىگە ئىدىيەسى چاتاق بولىدۇ؟ ئۇلار ياكى دۆلەتكە قارشى چىقىدىغان بىرەر ئىشنى سادىر قىلىپتىمۇ؟

ھە، قىزچاق! سىز تېخى بىلمەيدىكەنسىز–دە، مەن بۇ يېڭى سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ قوياي: «ئىدىيەسى چاتاق دېگەنلىك – دۆلەتكە قارشى چىققانلىق بولمىسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلغۇاتقانلاردۇر. مەسىلەن: سىزنىڭ ئاتا–ئانىڭىز ناماز ئوقۇغان، سىلەرنىڭ ئۆيدىن جايناماز، قۇرئان چىققان. ئاكىڭىز جۈمەگە بارغان. ئاچىڭىزنىڭ ئۆيدىن مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان تارىخ كىتابلىرى چىققان. ئىنىڭىز يانفوندا دىنى تەبلىغ ئاڭلىغان» دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىيەسى زەھەرلەنگەن، شۇڭا ئۇلار چوقۇم قايتا تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىپ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك! بولمىسا دۆلەتكە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

– ياق! مەن بۇلارغا ئىشەنمەيمەن! ئۇلارنىڭ دۆلەتكە خەۋپ ئېلىپ كېلىشى ناتايىن! ئۇلار پەقەت تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ياشاپ، ئۆز غېمى بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئىنسانلاردۇر!

– بولدى قىلىڭ! ئەمدى يەنە تالاش–تارتىش قىلسىڭىز، سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ چاتاق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسۇن دېسىڭىز، مېنىڭ مۇنداق تەكلىپىم بار! شۇنى قوبۇل قىلىڭ!

قانداق تەكلىپ ئىدى ئۇ؟ – سورىدى قىز ۋە تالاش–تارتىشنى توختىتىپ، سەفخانىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى:

– مۇنداق ئىشتى، يېقىندا ناھىيەمىز تەرىپىدىن «100 نەپەر ياشنى مىللەتلەر ئارا توي قىلدۇرۇش تەشۋىقات تۈرى» يولغا قويۇلدى. سىزمۇ شۇنىڭغا قاتنىشىپ، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن توي قىلىڭ! شۇنداق قىلسىڭىز ھەممە ئىشىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئاتا-ئانىڭىز ۋە باشقا تۇغقانلىرىڭىزمۇ «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دىن قۇتۇلۇپ چىقىشى مۇمكىن!

– ياق! مەن باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلالمايمەن! مېنىڭ توي قىلىدىغان يىگىتىم بار!

– ئۇ كىم؟ كىمنىڭ بالىسى، ئىسمى نېمە؟ قايسى ئاھالىلەر كومىتېتىغا تەۋە؟

– ئىسمى شىرمەمەت تۇرسۇن. مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى. بىزگە قوشنا بولغان يۇلتۇز كوچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرسۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

ئۇ قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان سەفخان ياش خىزمەتچىسىگە: كومپيۇتېردىن شىرمەمەت تۇرسۇننىڭ ئارخىپىغا قاراپ، سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ياش خىزمەتچى بىر ئاز ۋاقىت كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىپلا، شىرمەمەت تۇرسۇننىڭ ئۇچۇرىنى تېپىپ، سەفخانغا مۇنداق مەلۇم قىلدى: « شىرمەمەت تۇرسۇن، ئەر، ئۇيغۇر، بۇ يىل 24 ياش، بىر يىل ئاۋۋال ئۈرۈمچىدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، ئۇ دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا تارىخنى بۇرمىلاپ، « ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرغان، تېخى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت – يەنى مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان» دېگەننى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ جازا مۇددىتى 25 يىل قىلىپ بېكىتىلگەن.

سەفخان بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلاپ مەيدىسىنى بىر كېرىپ قويۇپ، ئۇ قىزغا كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، تىكىلىپ قارىغانچە مۇنداق دېدى:

— مانا، سىزنىڭ يىگىتىڭىزمۇ ئەشەددىي مىللىي بۆلگۈنچى ئىكەن. بۇنداق دۆلەتكە قارشى ئۇنسۇرلار بۇ دۆلەتتە ياشىيالمايدۇ. سىز ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ، سىزگە ئەمدى بىرلا يول بول بار. ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ ناھىيەمىز چىقارغان «مىللەتلەر ئارا تويلىشىش تۈرى»گە ئاۋاز قوشۇپ، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن توي قىلىش! ئەگەر سىز بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز، سىزنىمۇ «ئىدىيەسى چاتاق» دەپ قاراپ، «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە يوللاپ بېرىمىز، ئەگەر سىز بۇنىڭغا قوشۇلسىڭىز ئاتا-ئانىڭىز، ئاكا-ئىنىڭىز ۋە ئاچىڭىزمۇ، « قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دىن قويۇپ بېرىلىشى مۇمكىن! ھازىر سىزنىڭ ئويلىنىشىڭىزغا يېرىم سائەت ۋاقىت بېرىمەن!— دەپ، ئۇ قىزغا يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قاراپ قويدى.

ئۇ قىز بېرىلگەن يېرىم سائەت ۋاقىت ئىچىدە ئۇنداق ئويلىنىپ، بۇنداق ئويلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەمدى باشقا چىقىش يولى قالمىغانلىقىنى جەزم قىلىپ، سەفخانغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ توي قىلىدىغانلار قايسى مىللەتتىن، مۇسۇلمانمۇ؟ نەدىن كەلگەن، ئىسمى نېمە؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ ۋارقىرىغانچە قىزنىڭ جاۋابىغا قوپاللىق بىلەن ئىنكاس قايتۇردى سەفخان،— ھازىر دۆلىتىمىزدە ئاۋۇ مىللەتمۇ ماۋۇ مىللەتمۇ؟ مۇسۇلمانمۇ مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟ — دېگەن گەپ يوق، بىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايون سىياسىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بۇ يەرگە

كەلگەن كادىر – خىزمەتچىلەردۇر.

– ئۇلار ئىچكىرىدىن كەلگەن بولسا نېمىشقا شۇ يەرلىك قىزلار بىلەن توي قىلمىدى ؟

– ھەي قىز، تولا ئەزۋەيلىمەڭ! – دەپ قىزارغانچە يەنە كوتۇلدىدى سەفىخان،–ئۇلار جۇڭخۇانى سۆيىدىغان ياش، قابىلىيەتلىك يىگىتلەر، شۇڭلاشقا پارتىيەمىزنىڭ بۇ يەردىكى يېڭى سىياسىتىگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەتلەر ئارا توي قىلغانلارغا ئەڭ دەسلەپ، ھەر بىرىگە ئون مىڭ سومدىن مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ. يىگىت تەرەپكە ھەقسىز ئۆي بېرىلگەننىڭ ئۈستىگە، خالىغان كۆلەمدە تېرىلغۇ يەر بېرىلىدۇ. تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى دۆلەت تەرىپىدىن ھەقسىز ئوقۇتۇلىدۇ.

ئۇ قىز يەنە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدىن يانماي سەفىخانغا: –مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. چۈنكى، مەندە تونۇمىغان يات ئادەمگە بولغان مۇھەببەت يوق! ئۇ يىگىتنىڭمۇ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداق بىر ئائىلە قۇرالايمىز ؟

قىزنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان سەفىخان ئورنىدا ئولتۇرالماي سەكرەپ كەتتى–دە، بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ – دەپ ئاچچىقلانغانچە قىزغا تىكىلىپ قاراپ: نېمانداق جاھىللىق قىلىسىز؟ مۇھەببەت دېگەن نېمە ئۇ؟ ھازىر پارتىيەنىڭ سىياسىتى مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھازىر پارتىيەمىز يەرلىكلەرگە قارىتا رايونىمىزدا مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. بىز يەرلىكلەر چوقۇم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىمىزنى ھەقىقىي بىر: « جۇڭخۇا مىللىتى» گە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك! شۇنداق قىلساقلا بىز پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە ماسلىشىپ،

ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. دەۋرگە ماسلىشالايمىز. دۆلەتنىڭ ياخشى پۇقراسىغا ئايلىنىمىز!

قىز بۇنىڭغا قارىتا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ گەپنى باشلاپ بولغۇچە، تاشقىرىدىن ئىككى ساقچى بىر قىزنى ئارقىدىن ھەيدەپ، ئاھالىلەر كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. قىزنىڭ چىرايى ناھايىتى سولغۇن بولۇپ، كۆزىدىن خۇددى سۈيى تېشىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇلاقتەك ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. سەفىخان ساقچىلاردىن: — بۇ ھېلىقى بىرىنچى كوچىدىكى ئامىنە مۇھەممەت دېگەن قىز شۇمۇ؟ —دەپ سورىدى كۆزىنى ئالايتىپ،

—ھە، شۇ! ئۇ بۈيرۇق بويىچە تۇتۇپ كېلىندى. سەفىخان ئۇ قىزنى شۇ يەردىلا سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— نېمىشقا سىز پارتىيە—ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئارا توي قىلىش پىلانىغا قوشۇلمىدىڭىز ؟

— مېنىڭ توي قىلىدىغان يىگىتىم بار ئىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسىلا تويىمىزنى قىلماقچى ئىدۇق.

— ھەرگىزمۇ بولمايدۇ! ھۆكۈمەتنىڭ سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز بىلەن چاتىقى يوق. سىز ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىغا قارشى چىققانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەمدى بۇنىڭ جازاسىنى تارتىسىز !

— ماڭا رەھىم قىلسىلا! ئاتا—ئانام ياشىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇ يىگىت بىلەن تويۇمنىڭ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. بىزگە ئالدىقاچان چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان ئىدى.

— بولمايدۇ دېدىم! — بولمايدۇ. مانا بۇ جەدۋەلگە قول قويۇڭ! سىزنى ھازىرلا: «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە يوللايمىز! سىزنىڭ «ئىدىيەڭىز چاتاق» ئىكەن. سىز ئۇ يەردە تەربىيەلىنىپ، ئىدىيەڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز بولمايدۇ!

قىزنىڭ كۆزىدىكى بۇلاق سۈيىدەك لىغىرلاپ تۇرغان ياش خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ يىغلايتتى، يالۋۇراتتى. ئەمما، ئۇلار قىزنىڭ ئاھ-زارىغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويۇشمىدى.

- ئېلىپ مېڭىڭلار! - دەپ بۇيرۇق قىلدى سەفخان ساقچىلارغا. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ساقچى قىزنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ ئىتتىرگەنچە ئېلىپ كېتىشتى.

سەفخان تەكەببۇرلارچە كېرىلىپ قويۇپ: - ماۋۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ - دېدى يەنە ئۇ قىزغا ئالايغاندەك تىكىلىپ قاراپ،-ئەگەر قوشۇلمىسىڭىز سىزنىڭ تەقدىرىڭىزمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ياخشىلىقچە، بىزنىڭ: «مىللەتلەر ئارا توي قىلدۇرۇش تۈرى»مىزگە قوشۇلۇڭ، بىزنىڭ ئاھالىلەر كومتېتىغا ئۇنى قىزنى تەييار قىلىش ۋەزىپىسى چۈشكەن، سىز توققۇزىنچىسى بولىسىز، بىز يەنە بىر قىز تېپىشىمىز كېرەك! بولمىسا ۋەزىپىمىز توشمايدۇ. ئۇ قىز ئەمدى سەفخان بىلەن تالىشىشنىڭ ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتىن گەپ بىلەن يالۋۇرۇش بىلەن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ئۇ قىز بۇ يەردە يالغۇز ئىدى. ئۇنى قوغدايدىغانغا ئائىلىسىدىكىلەردىن نە ئاتا-ئانىسى نە ئاكا-ھەدىسى، نە بىرەر تاغا-ھاممىسى، ئىشقىلىپ تۇغقانلىرىدىن ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ قىز ئەڭ ئاخىرىدا ئامالسىزلىقتىن كۆزىنى يۇمدى-دە، ئۆھسىنغان ھالدا: ماقۇل، مەن قوشۇلاي! ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر مېنىڭ ئاتا-ئانام، ئاكام-ئىنىم ۋە ئاچام ھەمدە بارلىق تۇغقانلىرىمنى قويۇپ بېرىشىڭلار كېرەك!

- ھە، مانا! ئەقىللىك قىز دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ!-

دېدى سەفخان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ،-ئائىلىڭىزدىكىلەرنى قويۇپ بېرىش ئىشى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنى: «سىياسىي قانۇن كومىتېتى» غا مەلۇم قىلىشىم كېرەك. ئۇلاردىن تەستىق كەلگەندىلا ئاندىن قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ، سىز ئالدى بىلەن توي ئىشىغا جىددىي تەييارلىق قىلىڭ! يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ھەر مىللەتتىن بولغان يۈز جۈپ ياشنىڭ كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن!

قىزنىڭ پۈتۈن خىيالى ئاتا-ئانا ۋە ئاكا-ئاچىسىنى قۇتقۇزۇشتا قالغان ئىدى. شۇڭا ئۆزى خالىمىغان ھالدا: « ئاھالىلەر كومىتېتى» نىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

- ئۆيىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى بېرەمسىلەر؟ ئاتا-ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ، رازىلىق ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلامسىلەر؟ - سورىدى ئۇ قىز ئىزتىراپ ئىچىدە.

- ياق، ھازىر بولمايدۇ! ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچى سىزگە بېرىلمەيدۇ. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ ھازىر رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. پەقەت تويدىن كېيىن، سىزنىڭ ھەققىي ھالدا بۇ توينى قىلىشقا رازى بولغانلىقىڭىز ئېنىق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخستى بىلەن قىلىشقا بولىدۇ.

-ئۇنداقتا مەن ئىككى كۈنگىچە نەدە تۇرىمەن؟

- ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ! مەن سىزنى ھازىرلا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئېلىپ بارىمەن. ھەممە ئىشنى ئۇلار سىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار سىزگە مىللەتلەر ئارا تويلىشىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ياتاق، تاماق چىقىملىرىڭىز ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ

سىزگە ئالدىن ئالا مىڭ سوم پۇل بېرىپ تۇراي! -دەپ، بىر چەكنى سۇندى قىزغا ۋە ئۆزىنگىزگە كېرەكلىك زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىۋېلىڭ! تويدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى، نازۇ-كەرەشمىلىرىنى نامايان قىلىڭ! -دەپ يەنە بىر مۇنچە كوتۇلداپ، قىزنى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بىلەن ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئالاھىدە خىتايچە ئۇسلۇبدا بېزەپ تەييار قىلىنغان چوڭ بىر زالغا يۈز نەپەر خىتاي يىگىتى بىلەن يۈز نەپەر ئۇيغۇر قىزى داقا-دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ئېلىپ كىرىلدى. قىزلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چىرايى سولغۇن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلىرى ئەگىپ تۇراتتى. مەجبۇرلاش شەكلى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ تويغا ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن قوشۇلمىغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قىز توي باشقۇرغۇچىلىرىغا يالۋۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئاتا-ئانىسىغا دەيدىغان گەپلىرىنى دەۋېلىشقا ئۆتۈندى. تويىنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلمىسۇن دېدىمۇ قانداق؟ باشقۇرغۇچىلار ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇ قىز: ئاتا، ئانا! سىلەر نەدە؟ ئائىلەمدىكىلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم سىلەر نەدە؟ بۈگۈن مېنىڭ تويۇم بولىۋاتىدۇ، ئەمما سىلەر يوق! مەن سىلەردىن رازىلىق ئالالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! - دېدى يىغلامسىراپ تۇرۇپ تىترەۋەن ئاۋازدا.

شۇ ئەسنادا كۆكتىن ئۇ قىزغا يېقىملىق بىر ئاۋازنىڭ ساداسى ئاڭلاندى: « قىزىم كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! سەن بۇ تويغا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن قوشۇلمىدىڭ! سېنى ئۇلار مەجبۇر قىلىشتى. ئەمما سەن بىر ئۇيغۇر قىزى، سېنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلار بولسا سىلەرنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىڭلاردۇر. سېنىڭ تومۇرۇڭدىكى قان ئۇلارنىڭ قېنىنى بىلەن مەڭگۈ بىرلىشەلمەيدۇ. ئۇ ياۋلاردا

ساڭا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت شەكىللەنگەن ئەمەس، سېنى پەقەت ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش، مال-دۇنيا ۋە سىياسىي تەشۋىقات ئۈچۈن ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. قىزىم! سەن مېنىڭ ئەۋلادىم بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ ئىپپەت-نومۇسىڭنى بۇلغىمىغىن! خۇددى مەندەك ئۇلار بىلەن ئىپپىتىڭنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىن! ھاياتىڭ بەدىلىگە ئۆزۈڭنى قوغدىغىن! مانا مەن ئىپارخان ئانىڭ، ئۆز ۋاقتىدا مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ بەدىنىمنى بۇلغىشىغا ماقۇل بولماي، ئۇلار بىلەن جېنىمنى تىكىپ ئېلىشقان ئىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ئاللا ئۆز جەننىتىدىن ئورۇن بەردى. مانا مەن ھازىر جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن بىللە تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. قىزىم ھەرگىزمۇ ئىپپىتىڭنى بۇلغىما، مەن سېنى ئاللانىڭ جەننىتىدە كۈتىمەن! »

ئۇ قىزنىڭ ئاڭلىغىنى مىللىي قەھرىمانىمىز ئىپارخاننىڭ روھىدىن كەلگەن سادا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىۋىدى، بىر ئاق كەپتەرگە ئوخشاش نەرسە كۆكنىڭ قەرىگە شۇڭغۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. قىز بىردىنلا ھاياجانغا تولدى. بەدىنىگە چەكسىز بىر كۈچ-قۇۋۋەت كىرىپ كەلگەندەك ھېس قىلدى.

مىللەتلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن بۇگۈنكى بۇ كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئاخىرلاشقان ئىدى. توي باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قىزلار ئۆزىگە ناتونۇش بولغان خىتاي يىگىت بىلەن بىر جۈپتىن قىلىپ تىزىلدۇرۇلۇپ، مەيدىسىگە قىزىل گۈللەر تاقىلىپ، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياتاقلارغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياتىقىغا ئەكىرىپ قويۇلدى.

ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا بىر نامەھرەم ئەر كىشى تۇراتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلمىغان ئىدى. قىز ئەمدى

ئۆزىنىڭ بىر يات ئەر بىلەن بىللە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پاناق بۇرنىغا، ئات بېشىدەك تۆت چاسا شەكىللىك يۈزىگە، قىسىق كۆزىگە قاراپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ يات ئەر ھىجايغانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھىڭگايغان چىشلىرى خۇددى ياۋا توڭگۇزنىڭ چىشلىرىدەك دىڭگىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بەئەينى بىر ياۋايى مەخلۇققا ئوخشايتتى. ئۇ يات ئەر ئېغىز ئاچتى:

– ئازادەم مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن بەك چىرايلىق، مەن ساڭا ئۆي ئېلىپ بېرىمەن. جىق پۇل بېرىمەن. سەن مەن بىلەن تويى قىلغانلىقىڭغا خۇشال بولدۇڭمۇ؟ ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇ قىزنىڭ قۇلىقىغا خۇددى سېسىق كۆلدىكى پاقىنىڭ كورۇلدىغان ئاۋازىدەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ قىز قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، يەرگە قاراپ جىم تۇردى. شۇ ئەسنادا بىر نەرسىنىڭ ئېچىلىپ، تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، يات ئەر بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتقان بولۇپ، ئىككى ئىستاكانغا ھاراقتىن قويىدى-دە، ئۇنىڭدىن بىرنى ئۇ قىزغا سۇنۇپ:

– ئازادەمۇ تويى قىلغانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مەن بىلەن ھاراق ئىچكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بىللە ئۇخلايلى.– دېدى ھىجايغانچە، قىز ئىستاكانغا قويۇلغان ھاراقنى ئېلىشنى رەت قىلدى-دە، ئۇ يات ئەرگە قارىماستىنلا:

– ياق، مەن ھاراق ئىچمەيمەن، مەن سەن بىلەن ئۇخلاشنى خالىمايمەن! كۆزۈمدىن يوقال! – دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ يات ئەر ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە ئىستاكان ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قىلىنلىق بىلەن ھىجىيىپ: ئەيىيا! ئەيىيا! ئازادەمۇ، بىز تويى قىلدۇق. سەن مېنىڭ ئايالىم بولدۇڭ، نېمىشقا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىسەن؟ – دېدى يەنە ھىجاراپ.

– ياق، مەن سەن بىلەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن توي قىلمىدىم. ئۇلار مېنى مەجبۇرلاشتى. مەن ساڭا ئايال بولۇشنى خالىمايمەن!–دېدى–دە، قاچماقچى بولۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئىشىك ئىچى تەرەپتىن قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئۇنى ئېچىپ بولغۇچە يات ئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپلا يەرگە يېقىتىۋالدى–دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بېسىۋالدى. ئۇ قىز بولسا بىرلا ئۆرۈلۈپ، ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ يات ئەر يەنە ئۇنى باسماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۇ قىزمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇ يات ئەر ئېتىلىپ كەلدى، قىز قولىدىكى ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، بوتۇلكا يېرىلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن قان سىرقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ يات ئەر جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى: ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى. ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مېنى قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار! قىز ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ، كارىدوردا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ قېچىۋاتاتتى. قوشنا ياتاقتىكى ئۆيلەردىن بىرقانچە يات ئەرلەر چىقىپ، ئۇ قىزنى قورشاپ تۇتۇۋېلىشتى. ئۇ چاغقىچە، ساقچىلارمۇ ئاللىقاچان يېتىپ كېلىشكەن ئىدى. قىز ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قولىغا كويزا سېلىنىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ ئېلىپ كېتىلدى.

ئۇ قىز قارا تۈمۈر ئورۇندۇققا باغلىنىپ سوراق قىلىنىۋاتاتتى:

– نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ؟

–چۈنكى، ئۇ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئىپپىتىمنى بۇلىماقچى بولدى.

– سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تويۇڭلار بولغان ئىدىغۇ؟ سەن ئۇنىڭ ئايالى تۇرساڭ، نېمىشقا ئۇ ساڭا باسقۇنچىلىق قىلسۇن؟

– ياق، مەن ئۇنىڭ ئايالى ئەمەس، مەن ئۇ تويغا قوشۇلمىغان. مېنى سىلەر مەجبۇرلىغان. مېنىڭ نىكاھىم بولمىغان. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئايال بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس!

– نېمىشقا ؟

– چۈنكى، ئۇ مېنىڭ مىللىتىمدىن ئەمەس، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نىكاھىم چۈشمەيدۇ.

– نېمە دەۋاتىسەن؟ ھەي دىنى ئەسەبىي ئۇنسۇر، ھەي مىللەتچى، سەن پارتىيەنىڭ مىللەتلەرنى بىر–بىرىگە يۇغۇرۇۋېتىش سىياسىتىگە قارشى چىقتىڭ، سەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ، سەن بىر تېرروررچى! سەن بىر جىنايەتچى!

– ياق، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم. مەن ئۆزۈمنى قوغدىماقچى بولدۇم. ئۇ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئېپپەت–نومۇسىمنى دەپسەندە قىلماقچى بولدى. مېنىڭ تېنىم ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. مەن بىر ئۇيغۇر قىزى، مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بىلەن نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئۆرپ–ئادىتىمىز بويىچە توي قىلىپ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇرماقچى ئىدىم. سىلەر مېنىڭ بۇ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدىڭلار، ئەسلى سىلەر جىنايەتچى، مەن ئەمەس!

سوراقچى باشلىقى ئۇ قىزنىڭ جاۋابىغا چىدىماستىن خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى–دە، قول چوماقچىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى: نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ ئۇنىڭغا پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار، قاتتىق جازالاڭلار! شۇنىڭ بىلەن سوراقچىلار ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى رېزىنكە كالتەكلەر بىلەن قىزنىڭ مەيدىسىگە، دۈمبىسىگە، بېشىغا يەتتە–سەككىزنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇ قىز ھوشىدىن كەتتى. جاللات

سوراقچىلار ئۇنىڭ يۈز-كۆزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، يەنە هوشىغا كەلتۈردى-دە، يەنە ئۇردى. ئۇ قىز يەنە هوشىدىن كەتتى. جاللات سوراقچىلار ئۇ قىزنى بىر كىچە-كۈندۈز دېگۈدەك توختىماي ئۇرۇپ، هوشىدىن كەتسە، سۇ چېچىپ يەنە هوشىغا كەلتۈرۈپ ئۇرۇشتى. قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، تىنىقمۇ توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. جاللات سوراقچىلارمۇ هېرىپ قېلىشتى بولغاي، ئۇ قىزنى ئۇرۇشنى توختىتىپ، باغلاپ قويغان ئورۇندۇقتىن بوشىتىپ، باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزدى-دە، ئۇچ جاللات ئۇ قىزنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. هوشسىز ياتقان قىز ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى تۇيدىمۇ ياكى تۇيمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق بەدىنى تېخىمۇ بەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىمۇ يان تەرەپكە تارتىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ نېپىز لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلاۋاتقان بولۇپ، بەلكى ئۇ مۇنداق دېمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى: خەير خوش دادا، ئانا! ئاكا، ئاچا! مەن سىلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. سىلەر بىلەن بىللە ياشاش ئۈچۈن ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈپلا قايتىپ كەلگەن بولسامۇ، سىلەر قورۇدا يوق ئىكەنسىلەر، سىلەرنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدىم. ئەپسۇس! سىلەر نەدە ئىدىڭلار؟ سىلەرنى ئىزدەپ تاپالماي قالدىم. كېيىن مېنىڭ مەجبۇرلانغان تويۇم بولدى. مەن بۇ تويغا رازى ئەمەس ئىدىم. بەلكى سىلەرمۇ رازى بولمايتىڭلار! شۇڭا مەن ئىپپەت مەلىكىسى ئىپارخاننىڭ ئىزىدىن ماڭدىم! پاك تېنىمنى يالماۋۇز-ئالۋاستىلارنىڭ بۇلغىشىدىن ساقلاپ قالدىم! ئىپارخان ئانام مېنى جەننەتتە ساقلاۋاتىدۇ. مەنمۇ سىلەرنى جەننەتتە ساقلايمەن!

# ئۇ قىزنىڭ ئارزۇسى ئانا بولۇش ئىدى

ئـۇ قىزنىـڭ تۇتقـۇن قىلىنغىنىغـا بىـر نەچچـە ئـاي بولـۇپ قالغانــدى. ئـۇ ئۆزىنىــڭ نېمــە ســەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنــى بىلمەيتتــى. ھېچقانــداق گۇناھــى ئۆتكۈزمىگــەن ئىــدى. ئـۇ تېخـى ئەمدىــلا ئالىــي مەكتەپنــى پۈتتــۈرۈپ، ئىــش كۈتــۈپ تۇرۇۋاتقــان قىــز بولــۇپ، ئــۇ تۇتۇلۇشــتىن ئىلگىــرى ئۆزىنىــڭ كەلگۈســى ئىســتىقبالى ھەققىــدە مۇنــداق ئويــلاردا بولغــان ئىــدى: « مــەن چوقــۇم ئوقۇغــان كەســپىم بويىچــە بىــرەر خىزمــەت تېپىــپ ئىشــلەيمەن، ئەگــەر شــۇنداق بولــۇپ قالغــان تەقدىــردە، مــەن تىرىشــىپ ئىشــلەپ كەســپىمدە نەتىجــە يارىتىــپ، جەمئىيــەت ئۈچــۈن، خەلــق ئۈچــۈن تۆھپــە قوشــىمەن. ئەگــەر مــەن بــۇ بىرىنچــى قەدىمىمنــى بېســىپ بولســام يەنــە يۇقىرىــلاپ ئوقۇيمــەن، بىلىــم دېڭىزىغــا شــۇڭغۇپ كىرىــپ، ماگىســتىر ــ دوكتورلۇققىچــە ئوقــۇپ، چەتئەلگــە چىقىــپ بىلىمىمنــى ئاشــۇرىمەن. ئاندىــن يەنــە جەمئىيەتكــە قايتىــپ كېلىــپ، ئاتــا ــ ئانامنىــڭ ئارزۇســى بويىچــە ئــۆزۈم ياخشــى كۆرگــەن بىــر يىگىتنــى تاللاپ تــوي قىلىــپ، ئانىلىق بولــۇپ، ياخشــى پەرزەنــت تەربىيەلــەپ يېتىشــتۈرۈپ، ئۇلارنــى مىللەتنىــڭ كەلگۈســى ئىزباســارلىرىدىن قىلىــپ تەربىيەلــەپ چىقىمــەن. مــەن ۋە پەرزەنتلىرىــم ئەجدادلىرىمىزنىــڭ چىرىغىنــى ئۆچۈرمــەي، ئۇنىــڭ مەشــئىلىنى ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقــا مەڭگــۈ ياندۇرىمىــز! شــۇنداق قىلساقلا مىللــەت ۋە ئائىلىمىزنىــڭ نەســەبى مەڭگــۈ داۋاملىشــىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىــڭ ئىــزى ئۆچــۈپ قالمايــدۇ.

مىللىــي مەۋجۇتلۇقىمىــز مەڭگــۈ يوقالمايــدۇ! »

ئــۇ تۇتۇلغــان كۈنــلا نامەلــۇم بىــر ساندۇقتا ئوخشــايدىغان غەلىتــە ئاپپاراتقــا كىرگۈزۈلــۈپ تەكشــۈرۈلگەن، بەدىنىدىــن قــان ئېلىنىــپ، كــۆز مۆڭگــۈز پەردىسى رەسىمگە تارتىلغــان، ئاخىرىــدا نامەلــۇم ئوكۇلــلار ئۇرۇلغــان. شــۇنىڭ بىلــەن ئۇنىــڭ DNA ســى تۈرگۈزۈلــۈپ، كومپيۇتېرغــا ئېلىۋېلىنغــان ئىــدى. ئاندىــن ئــۇ خــۇددى ئۆزىگــە ئوخشــاش يــاش قۇرامىدىكــى يىگىرمىدىــن كــۆپ ئايــال ۋە قىــزلار ســولاپ قويۇلغــان بىــر كامېرغــا قامــاپ قويۇلــدى. ئــۇ بۇنىڭغــا بەكمــۇ ھەيــران قالغــان ئىــدى. چۈنكــى، بــۇ كامېردىكــى تۇتقۇنلارنىــڭ ھەممىسى دېگــۈدەك يــاش ۋە تېخــى تــوي قىلمىغــان قىــزلار بولــۇپ، ھەممىســىنىڭ روھــى ئىنتايىــن چۈشــكۈن ئىــدى.

ئــۇ قىــز نېمشــقىكىن ئۇياققــا ــ بۇياققــا ئۆرۈلــۈپ، قەتئىــي ئۇخلىيالمايۋاتقــان يېنىدىكــى قىزنىــڭ قــۇلاق تۈۋىگــە پىچىــرلاپ، ئۇنىڭدىــن: ســىز نېمــە ســەۋەبتىن تۇتقــۇن قىلىندىڭىــز؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئــۇ قىزمــۇ پــەس ئــاۋازدا پىچىــرلاپ ئۆزىنىــڭ تۇتۇلۇش ســەۋەبىنى ســۆزلەپ بــەردى: قىزنىــڭ دېيىشــىچە، ئۇنىــڭ ئــۆزى ياخشــى كۆرىدىغــان يىگىتــى بــار بولــۇپ، ئۇنىــڭ بىلــەن پــات يېقىنــدا تــوي قىلىــش ئۈچــۈن ھازىرلىــق قىلىۋاتقــان ئىكــەن. ئەممــا، نېمــە ســەۋەبتىندۇر بىــر نەچچــە ئــاي ئىلگىــرى ئۇنىــڭ تــوي قىلماقچــى بولغــان يىگىتــى تۇيۇقســىز تۇتۇلــۇپ كېتىپتــۇ، ئاندىــن ئــۇزاق ئۆتمــەي ئۇمــۇ « كومپيۇتېرىڭدىــن چاتــاق چىقتــى» دېگــەن باھانــە بىلــەن تۇتۇلــۇپ، بــۇ يەرگــە ســولاپ قويۇلۇپتــۇ. ئــۇ بۇنىڭدىــن بەكمــۇ ئازابلىنىدىكــەن. چۈنكــى، ئــۇ تــوي قىلغاندىــن كېيىــن، پەرزەنتلىــك بولــۇپ، بەختلىك بىــر ئائىلە قــۇرۇپ، خاتىرجــەم ياشاشــنى ئــارزۇ قىلاتتىكــەن. ئۇنىــڭ يەنــە دېيىشــىچە، بــۇ كامېردىكــى يەنــە بىــر نەچچــە قىزلارنىڭمــۇ تويــى بولــۇش ئالدىــدا تۇتــۇپ كېلىنگــەن بولــۇپ، ئۇلارمــۇ بەختلىــك

بىر ئائىلە قۇرۇپ، ئانىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىكەن. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى يوققا چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. چۈنكى، ئۇلارغا بۇ يەردە ئۇرۇلغان نامەلۇم ئوكۇل سەۋەبىدىن كۆپىنچە قىزلارنىڭ ھەيزى توختاپ قېلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ساق–سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ، توي قىلغان تەقدىردىمۇ پەرزەنتلىك بولالىشى ناتايىن ئىكەن.

ئۇ قىز بۇ كامېرداش قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالغان ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق ئويلاردا بولدى: « بۇ قانداق گەپ بولدى؟ قىزلارغا نېمىشقا مەجبۇرىي ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا مەن ئوكۇل ئۇرغۇزمايمەن، مەن ساق – سالامەت، مەندە كېسەل يوق! دېيەلمەيدىغاندۇ؟ ماڭىمۇ شۇنداق قىلارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار ماڭىمۇ ئۇ نامەلۇم ئوكۇلنى ئۇرماقچى بولسا، مەن ئۇنىڭغا قەتئىي ماقۇل دېمەيمەن! ئۇلار بىلەن جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئېلىشىمەن، مەيلى نېمە بولۇپ كەتمەي، ھەتتا مېنى ئۇرۇپ – قىينىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ماڭا نېمىلىكى ئېنىق بولمىغان ئۇنداق ئوكۇللارنى ئۇرۇپ، ھەيزىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا، ئانىلىق ھورمۇنۇمنىڭ بۇزۇۋېتىلىشىگە يول قويالمايمەن، مەن چوقۇم ئانا بولۇشۇم كېرەك !

ئۇ قىز تۇتۇلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. سوراقچىلار 3 كىشى بولۇپ، ھەممىسىلا قىسىق كۆز، غورا قاپاق، ئەلپازىدىن خۇددى جاللاتقىلا ئوخشاش، ھازىرلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قىز قاپ قارا بىر تۆمۈر ئورۇندۇققا زەنجىر – تاسمىلار بىلەن مەھكەم باغلىۋېتىلدى. سوراقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق كۆرۈنىدىغان، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن بىرسى خىرقىرىغان ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

– جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل!

– نېمە جىنايىتىمنى ئىقرار قىلىمەن، مەندە ھېچقانداق جىنايەتنى يوق تۇرسا ؟

– ھەم! مەندە جىنايەت يوق دەمسەن؟ كومپيۇتېرىڭدىكى ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنى، مۇھەممەت پەيغەمبەر، ئىسا پەيغەمبەر، بۇ ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرق دېگەنلەر – دىنى ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر، سېنىڭ كاللاڭ دىن بىلەن زەھەرلەنگەن، سېنىڭ كاللاڭدا ئېغىر مەسىلە بار!

– ياق، مېنىڭ كاللامدا مەسىلە يوق، بۇ مېنىڭ ماگىستىرلىق ئىمتىھان ئۈچۈن تەييارلىۋالغان دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنىڭ مەزمۇنلىرى، مەن دىنلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشلارنى تەتقىقات تېمىسى قىلغان ئىدىم، بۇنى قانداقمۇ جىنايەت دېگىلى بولسۇن؟

– ھەم ئەلۋەتتە جىنايەت، دىن دېگەن زەھەرلىك ئەپيۇن، سېنىڭ ئۇنى تەتقىق قىلىشىڭدىكى مەقسەت – ئۇنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈندۇر.

– ياق ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇ تېمىنى ئىلىم – پەن تەتقىقاتى دەپ تاللىغان ئىدىم، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىممۇ تەستىقلىغان ئىدى.

– ھەم! يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن! سەن بىر دىنى ئاشقۇن، ئەسەبىي ئۇنسۇر سەن. بولمىسا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلماي، دىننى تەتقىق قىلامتىڭ؟ قېنى جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل! بۇنىڭغا قول قوي! –دەپ ۋارقىرىدى ئۇ جىرتاق كۆز سوراقچى.

– ياق، مەن بۇ جىنايەتلەرنى ئىقرار قىلمايمەن. مەن دىنى ئاشقۇن ئەمەس، مەن بىر تەتقىقاتچى زىيالىي

– ھەم، ئىقرار قىلمامسەن؟ ئۇنداقتا ساڭا بىزنىڭ جازا

قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمىساق بولمىغۇدەك، قېنى كېلىڭلار! ئۇنى بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇڭلار! ــ دەپ، ئەتراپىدىكى ئىككى يالاقچىسىغا بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان ئىككى ياللانما سوراقچى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇ قىزنىڭ باش-كۆزلىرىگە رېزىنكە كالتەك بىلەن بەش-ئالتىنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇ قىز قانغا بويالغان قىپقىزىل يۈزلىرىنى تۇتقان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. سوراقچىلار ئۇ قىزنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزنىڭ تېخى تىنىقى بارلىقىنى بىلىشتى-دە، ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن ئۇنى بېسىپ تۇرۇشتى، سوراقچى باشلىقى بولسا ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، سوزۇپ ئەكېلىپ، باشمالتىقىنى قىزىل سۇرۇخقا تەگكۈزۈپ، قەغەزگە باستۇرۇۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن قىزغا: «دىنى ئاشقۇن، ئەسەبىي ئۇنسۇر» دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ، «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار» دېگەن كاتېگورىيە بويىچە ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە ئىككى يىللىق تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىندى.

ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، قولىغا كويزا سېلىنغان ھالدا ئەتراپى ئېگىز تاملارغا بىلەن قورشالغان، تۆت ئەتراپىدا كۆزىتىش مۇنارلىرى بولغان، كۆرۈنۈشىدىن تۈرمىگە ئوخشايدىغان يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىلىپ، قايتىدىن پۈتۈن بەدىنى تەكشۈرۈلدى. ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئېلىندى. ئون نەچچە قېتىم رەسىمگە تارتىلىپ، چىرايىنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈش ئالامەتلەر ۋىدىيوغا ئېلىندى، ئون نەچچە قېتىم قايتا ــ

قايتا كىتاب ئوقۇتۇلۇپ، ئاۋاز چاستوتىسى ئېلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كىيىمى مەجبۇرىي سالغۇزۇلۇپ، ئۈستىگە 212. نومۇر بېسىلغان كۆلرەڭ مەھبۇس كىيىمى كىيگۈزۈلۈپ، بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر كامېرغا ئېلىپ چىقىلىپ سولاپ قويۇلدى.

ئۇ قىز كامېرغا ئېلىپ كىرىلگەندە خىلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولۇپ، يىگىرمە ئەتراپىدىكى تۇتقۇن ئاياللار قاتارىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۆزۈندىلەرنى يادلاۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ كىرگىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ئۇ قىز بۇ كامېرنىڭ كىچىكلىكىدىن ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ تاپالماي ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئالاھازەل يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تۇتقۇنلار ئۆزۈندى يادلاشنى توختىتىپ، كامېر باشلىقى بولسا كېرەك، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتكەندەك ھەممىسى تەخىلا ئۇنىڭغا قارىشىۋاتاتتى. ئۇ ئايال تۇتقۇن قىزنىڭ كىيىمىگە بېسىلغان نومۇرغا قاراپ:

− ھەي! 212. نومۇر، سەن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر! − دەپ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر ياش قىزنىڭ يان تەرىپىدىكى ئارانلا بىر كىشىنىڭ ئىككى پۇتى سىققۇدەك يەرنى كۆرسەتتى. ئۇ قىز دەسلەپتە ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى نومۇر بىلەن چاقىرغانلىقىنى پەرق قىلالماي جىم تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا يەنە: ھەي 212. نومۇر سېنى دەۋاتىمەن! بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر! −دەپ توۋلىدى. شۇندىلا ئۇ قىز − ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلىپ: ھە، مېنى دەۋاتامسىز؟ مېنىڭ ئىسمىم..... دەپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ئايال − ئۇ قىزغا يەنە: ئارتۇق گەپ قىلما! سېنىڭ بۇندىن كېيىن ئىسمىڭ مەۋجۇت ئەمەس، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش بىر تۇتقۇن خالاس، بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ

ئىسمى يوق، سەن ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى پەش قىلىپ يۈرمە! بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇن ئال! بولمىسا ھازىرلا جازالىنىپ قالىسەن! ــ دېدى خورسىنغان ھالدا، شۇ ئەسنادا كامېر ئىشىكىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئېكراندىن بىر گۇندىپاينىڭ: ھەي، ئىككىڭ نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ بولدى قىلىش! بولمىسا ھازىرلا جازالىنىسەن! دېگەن ئاۋازى كەلدى، ئېكراندىكى گۇندىپاينىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىز دەرھال ئۇ ئايال كۆرسەتكەن جايغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ قىز: ئەمدى نېمە ئىش بولار؟ دەپ ئويلاپ بولغۇچە ئېكراندىن ھېلىقى گۇندىپاينىڭ خىرقىراق ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى: ئۇخلاش ۋاقتى بولدى، ھەممىڭلار دەرھال ئۇخلاڭلار، ھەربىر كىشى ئىككى سائەتتىن ئۇخلىماي باشقىلارنىڭ ئۇخلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىسۇن، ھېچكىمنىڭ گەپ قىلىشىغا، ۋارقىراپ-توۋلىشىغا، يىغلاپ-كۈلۈشىگە، ھاجەتخانىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئاغرىق ــ كېسەللەر بولسا ئەتە كۈندۈزى مەلۇم قىلىنسۇن، كىمدە ــ كىم بۇنىڭغا بويسۇنمىسا ئېغىر جازالىنىدۇ!

ئۇ قىزغا نە كەچلىك تاماق، نە يېپىنچا قىلىدىغان يوتقان ــ كۆرپە بېرىلمىگەن ئىدى. ئۇ يېنىدىكى قىزنىڭ يېپىنىدىغان ئەدىيالنىڭ بىر تەرىپىنى سىيرىپ بېرىشى بىلەن، ئۇنى ئۈستىگە يېپىنچا قىلىپ، داق يەردىلا يانپاشلاپ ياتتى.

ئۇ قىزنىڭ كۆزىگە قەتئىي ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى، سېمونتتىن قاتۇرۇلغان تاشتەك قاتتىق يەر ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى ئاغرىتىپ، سۆڭەككىچە پاتماقتا ئىدى. يېنىدىكى قىزمۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، ھېچ ئۇخلىيالمايۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نۆۋەتچى قىزدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، پۇشۇلداپ يېتىشماقتا ئىدى. ئۇ قىز بىر ئۆرۈلۈپلا يېنىدىكى قىزغا يېقىن

چاپلىشىپ، پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

– ئۇيقۇڭىز كەلمەيۋاتامدۇ؟ قورسىقىڭىز ئاچمۇ؟ ياكى بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

–شۇنداق قىزچاق! كۆزۈمگە ھېچ ئۇيقۇ كەلمەيۋاتىدۇ.

– نېمىشقا ئەمدى؟ ناھەق تۇتۇلۇپ قامالغانلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ ياكى سىزنى ئۇرۇپ – قىيناشتىنمۇ؟

– ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا قىزچاق، بۇ يەردىكى ھەممىمىز ناھەق تۇتۇلغانلار، ئاچلىققىمۇ، ئۇرۇپ–قىيناشقىمۇ بەرداشلىق بېرىۋاتىمىز، ئەمما مېنى ئازابلاۋاتقىنى بۇلار ئەمەس بەلكى، ئادىتىمنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىندۇر، بىرقانچە ئاي بولدى ئادىتىم كەلمەيۋاتىدۇ. تۇغماس بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دەپ قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتىمەن!

– ھە مۇنداق دەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئازاپلىنىۋېتىپسىزدە؟ –ئادىتىڭىزنىڭ توختاپ قالغانلىقىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟

– سىز تېخى بىلمەيسىز، ئەمما بۇ ئىش ئەتىدىن باشلاپ سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ كېلىدۇ. گۇندىپاي دوختۇرلار بارلىق تۇتقۇن ئاياللارغا ھەپتىدە بىر قېتىم نامەلۇم ئوكۇلنى مەجبۇرىي ئۇرىدۇ ۋە نامەلۇم بىر دورا كۇمىلىچىنى مەجبۇرىي ئىچكۈزىدۇ.

–ئوكۇل ئۇرغۇزۇشنى رەت قىلساڭلار بولماسمىدى؟

– ئۇ ئوكۇلنى ئۇرۇشقا ياق دېيەلمەيمىز، قارشىلىق قىلساق، ئېلىپ چىقىپ قاتتىق ئۇرۇپ – قىينايدۇ ۋە قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويىدۇ. بىز ئۇ قاراڭغۇ كامېرغا سولىنىشتىن بەكمۇ قورقىمىز، بىرقانچە قىزلار ئوكۇل ئۇرغۇزۇشنى رەت قىلىپ، قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويۇلۇپ، قاتتىق جازالاندى ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

– ھە، مۇنداق دەڭ! بۇ ساقچى گۇندىپايلار نېمە دېگەن

ۋەھشىي، ئۇلارنى يۇقىرىدىن توسامدۇ؟

– ياق توسمايدۇ. بەلكى بۇ يۇقىرىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ھەر كۈنى نەچچە ئون ئادەم ئۆلۈپ تۇرۇۋاتسا، بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئىش بولامدۇ دۇنيادا؟ بۇنى چوقۇم يۇقىرى ئورۇنلار ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان ياكى بىلمەس بولۇۋالغان گەپ، شۇڭا بۇ ساقچى – گۇندىپايلار تۇتقۇنلارنى ئۇرۇپ – قىيناشتىن ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ.

بۇ ئىككى تەقدىرداش قىز شۇ تەرىقىدە بىردەم پاراڭلىشىۋىدى، ئۇلارنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقى كامېرا ئارقىلىق بىلىنىپ قالغان چېغى، ئېكراندىن: ھەي 212 ۋە 225. نومۇرلۇقلار ئىككىڭ دەرھال ئۇخلاش! بولمىسا ئېغىر جازالىنىسىلەر! كامېردىكىلەرنىڭ ئۆزئارا گەپلىشىشىگە بولمايدۇ! يەنە شۇنداق قىلساڭلار – سىلەرگە 3 كۈن تاماق بېرىلمەيدۇ! –دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان قىزلار خۇددى ئۇرۇۋشۇپ قالغاندەك، بىر – بىرسىگە تەتۈر قارىشىپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ قىز كۆزىنى مەجبۇرىي يۇمۇپ دېگۈدەك ئۇخلىماقچى بولدى، ئەمما نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە خىيالغا كەتتى: «ئەتىدىن باشلاپ نېمە ئىش بولۇپ كېتەر؟ بۇ قانخورلار ماڭىمۇ مەجبۇرىي ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا ئىچكۈزۈپ، زىيانكەشلىك قىلارمۇ؟ ناۋادا مەن ئۇنى رەت قىلسام ئۇرۇپ –قىينارمۇ؟ ئەگەر قوبۇل قىلسام ئۇرۇپ – قىيناشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەمما ئۇ نامەلۇم ئوكۇل ئۇرۇلۇپ، دورا ئىچكۈزۈلگەندىن كېيىن يېنىمدا ياتقان بۇ قىزدەك ئادىتىم توختاپ قالسىچۇ؟ قىزلارنىڭ ئادەت كۆرۈشىنىڭ توختاپ قېلىشى دېگەنلىك – تۇغماس بولۇپ قالدى دېگەنلىكقۇ؟ ئاياللىق ھورمۇنىنىڭ

بۇزۇلۇشى دېگەنلىكقۇ؟ ــ ياق، ياق! مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمگە ئۇ نامەلۇم ئوكۇلنى ئۇرغۇزماسلىقىم كېرەك، ئۇ نامەلۇم دورىلارنى ئىچمەسلىكىم كېرەك! مەن تېخى توي قىلمىغان قىز تۇرسام؟ مېنىڭ مۇددىئايىم بولسا ياخشى بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ، پەرزەنتلىك بولۇش ۋە بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزگە تۆھپە قوشۇشتۇر، ئائىلىمىزنىڭ نەسەبىنى داۋاملاشتۇرۇشتۇر ــ شۇنداقلا بۇ مېنىڭ ياشاش غايەمدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ »

ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلىپ، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.

ــ ھەي 212. نومۇرلۇق ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ــ دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازدىن ئۇ قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىۋىدى، كامېر باشلىقى ئايال ئۇنىڭغا: 212. نومۇر تېز بولۇڭ، ئورنىڭىزدىن چاققان تۇرۇڭ! ھەممىمىز مەيدانغا يىغىلىپ دۆلەت مارشى ئورۇنلاشقا چىقىمىز، سىزمۇ چىقىڭ! بولمىسا جازاغا تۇتۇلىسىز!ــ دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇ قىز تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇتقۇنلار بىلەن بىللە مەيدانغا چىقىپ، بىر سائەتتەك دۆلەت مارشى ئوقۇدى، ئاندىن يەنە تۇتقۇنلار بىلەن بىللە كامېرغا قايتۇرۇلۇپ كېلىندى. تۇتقۇنلارغا پەقەتلا 5 مىنۇت ھاجەت قىلىش ۋە يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋېلىشقا ۋاقىت بېرىلگەن ئىدى. باشقا تۇتقۇنلار شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىشلىرىنى بېجىرىۋاتاتتى. ئۇ قىز ئاران ھاجىتىنى قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. يۈز ــ كۆزىنى يۇياي دەپ بولغۇچە ۋاقىت توشۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېكراندىن كەلگەن بۇيرۇق بويىچە تۇتقۇنلار زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئۆزۈندىلىرىنى بىر سائەت ئەتراپىدا ئۈنلۈك ئوقۇشتى. ئۇ قىزمۇ كامېر باشلىقى ئايالنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باشقىلارغا ئەگىشىپ

ئوقۇدى. ئالاھازەل بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جاراڭشىغان ئاۋاز بىلەن كامېر ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، بىر گۇندىپاي كۆتۈرۈپ كەلگەن چېلەكتەك بىر نەرسىدىن تۇتقۇنلارغا بىر قاچىدىن سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى ئۇسۇپ بېرىشتى. شورپا تۇزسىز بولغانىنىڭ ئۈستىگە، نە بىر تال گۆش، نە بىر تال كۆكتات سېلىنمىغان ئىدى. ئۇ قىز شورپىنى بىر قوشۇق ئىچىپلا توختاپ قالدى. باشقا تۇتقۇنلار بولسا ئۇنى شاپىلدىتىپ بىردەمدىلا ئىچىپ بولۇشتى. ئۇ قىز شورپىنى ئىچەلمەي قاراپ تۇرۇۋىدى، كامېر باشلىقى ئايال: ھەي! 212. نومۇر شورپىنى ئىچىڭ! بولمىسا بۇ يەردە ئاچ قېلىپ، ئۆلۈپ كېتىسىز، ھازىر بۇ تاماقنى يېمىسىڭىز، سىزگە كەچكىچە باشقا تاماق بېرىلمەيدۇ. بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەس ھال تارتىدىغان، سىزگە بۇنىڭدىن باشقا سىز خالايدىغان تاماق بېرىلمەيدۇ! ـ دېدى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەندەك قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز شورپىنى بىر قوشۇقتىن ـ بىر قوشۇقتىن تەستە ئىچىپ تۈگەتتى.

تۇتقۇنلار تاماقلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، قاچىلىرىنى بىر بۇلۇڭغا يۇمايلا تىزىپ قويۇشتى، ئاندىن ئۆچىرەت بويىچە ھاجەتلىرىنى قىلىشىپ، يەنە ئورۇن ئېلىپ تامغا يۈلىنىپ دىققەت بىلەن ئولتۇرۇشتى. شۇ ۋاقىتتا ئىككى گۇندىپاي كىرىپ: دەرس ۋاقتى توشتى، تىزىلىپ دەرسكە مېڭىڭلا! ـ دەپ بۇيرۇق قىلىشىدى، تۇتقۇنلار قاتار تىزىلىپ، گۇندىپايغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. ئۇ قىزمۇ ئارقا رەتكە تىزىلىپ ماڭغان ئىدى. سىرتقا چىققاندا بىر ئايال گۇندىپاي يېتىپ كېلىپ: ھەي 212. نومۇرلۇق، سەن مەن بىلەن ماڭغىن! ـ دەپ ئۇ قىزنى باشقا بىر تەرەپكە ـ كۆپ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا ئىككى گۇندىپاي بىلەن يەنە ئاق خالات كىيگەن بىر

ئايال، بىر ئەر كىشى تۇراتتى. گۇندىپاي ئۇ قىزغا ئاق خالات كىيگەنلەرنى كۆرسىتىپ:

– بۇلار دوختۇرلار، سېنىڭ سالامەتلىكىڭنى تەكشۈرگىلى كەلدى. ئۇلارغا ماسلاش دېدى–دە، ئاندىن ئۇلارغا: ئىشىڭلارنى باشلاڭلار! –دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ئايال دوختۇر ئۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

– چاپىنىڭنى چىقار، بۇ يەردە ئولتۇر! – دەپ، ئىشخانىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئۇ قىز:

– مېنى نېمىشقا تەكشۈرىسىلەر؟ مەن كېسەل ئەمەس تۇرسام، ساق ئادەمنى تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ –دەپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشنى رەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىككى گۇندىپاي ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئىتتىرىپ ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئايال دوختۇر ئۇ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزنىڭ ئىچ كۆينىكىنى قايرىپ، قولىقىغا تىڭشىغۇچنى تاقىغان تەكشۈرۈش ئەسۋابىنىڭ يۇمىلاق تەرىپىنى ئۇنىڭ دۈمبە ۋە مەيدىسىگە ئىككى قېتىم قىسقىلا تەگكۈزۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سايمانلارنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ:

– سەندە كېسەل بار، شۇڭا ئوكۇل ئۇرۇشۇم كېرەك. دورا ئىچكۈزۈشىم كېرەك. بىلىكىڭنى چىقىرىپ بۇ يەرگە قوي! – دەپ ئۇ قىزغا ۋارقىرىدى. قىز يەنە قارشىلىق قىلىپ:

– ياق، مەندە كېسەل يوق، ماڭا ئوكۇل ئۇرماڭلار، مەن ئوكۇل ئۇرغۇزمايمەن! –دەپ يەنە قارشىلىق قىلىۋىدى، ھېلىقى ئىككى گۇندىپاي كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن بېسىپ، چېچىدىن تۇتۇپ بېشىنى ئارقىغا قايرىپ، قاتتىق بېسىپ تۇتۇپ بەردى. ئۇ قىز ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇ گۇندىپايلارغا تەڭ كېلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن گۇندىپاي دوختۇر ئۇنىڭ

بىلىكىگە ئارقا – ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇردى. ئاندىن بىر تال دورا كۈملىچىنى ئاغزىغا تىقىپ، بىر ئىستاكان سۇنى مەجبۇرىي ئىچكۈزۈۋەتتى.

ئۇ قىز بىر خىل خامۇش بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىۋاتاتتى. تۇرۇپ كۆلگۈسى كېلىپ كېتەتتى، تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ قىز دىققىتىنى بىر يەرگە يىغالمايۋاتاتتى، ئۆزىنى – ئۆزى باشقۇرالمايۋاتاتتى، ئۇ كامېردا ئۆزى يالغۇز ئىدى. كامېرغا قانداق قايتىپ كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ تۇرۇۋاتقان يېرىنىڭ كامېر ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلالمىدى–دە: ئانا، دادا سىلەر نەدە؟ نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭلار؟ مېنىڭ يانفونۇم قېنى؟ مېنىڭ كومپيۇتېرىم قېنى؟ كومپيۇتېرىمنى بېرىڭلار! مەن يېزىۋاتقان ئىلمىي ماقالىنى پۈتتۈرۈشۈم كېرەك. مەن چەتئەلگە ئوقۇشقا بارىدىغان مەكتىپىم بىلەن ئالاقە قىلىشىم كېرەك. مەن ئوقۇشۇم كېرەك. ئانا، دادا نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسىلەر؟ سىلەر مېنى توي قىلمىدى دەپ خاپا بولۇۋاتامسىلەر؟ مەن چەتئەلدىكى ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ كەلسەملا توي قىلىمەن. ئاندىن سىلەرگە ئوماق، چىرايلىق نەۋرىلەرنى تۇغۇپ بېرىمەن. مەن چوقۇم توي قىلىمەن. بالىلىق بولىمەن! مەن بالىلىق بولىمەن! –دەپ، ۋارقىراۋاتاتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. دەرسكە چىقىپ كەتكەن تۇتقۇنلار قايتىپ كېلىپ، بۇ يېڭى تۇتقۇن قىزنىڭ ھېچكىم يوق كامېردا ئۆزى بىلەن ئۆزى ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى. كامېر باشلىقى ئايال ئۇنىڭغا:

– ھەي 212. نومۇر، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا ۋارقىرايسىز؟ بولدى قىلىڭ! بولمىسا گۇندىپايلار سىزنى جازاغا تارتىشى مۇمكىن؟ – دەپ، ئۇ قىزغا تەسەللى بېرىپ

جىمىقتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇ قىز تېخىمۇ بەك ۋارقىراپ يىغا - زار قىلىشقا باشلىدى: ماڭا ئوكۇل ئۇرۇۋەتتى، دورا يېگۈزۈۋەتتى. نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ مەن كېسەل بولمىسام-يا؟ ئۇ ئوكۇللار زادى قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟ مەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇم كېرەك، ئاندىن كېيىن توي قىلىشىم كېرەك، بالىلىق بولۇشۇم كېرەك! مەن ئانا بولۇشۇم كېرەك!

- هاي، هاي بولدى قىلىڭ! - دېدى كامېر باشلىقى ئايال - سىز توغرا دېدىڭىز، قىزلار چوقۇم ئانا بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى شۇنداق ئىدى. مەنمۇ ئانا بولغان. تېخى نەۋرىلىرىمۇ بولغان ئىدى. ئەمما هازىر سىز بىر تۇتقۇن، بۇ يەردە ئەڭ ئاز ئىككى يىللىق تەربىيەلىنىشنى تولۇقلىشىڭلار كېرەك! تەلىيىڭىز بولسا، سىزگە ئوكۇل ئۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بالىلىق بولالىشىڭىز مۇمكىن! ئەمدىكى مەسىلە سىزنىڭ ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، باشقۇرغۇچىلار نېمە قىل دېسە - شۇنى قىلىپ، بۇ يەردىكى ئوقۇشنى ساق-سالامەت تۈگىتىپ، ياخشى ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتكە قايتىپ چىقالىشىڭىزدا قالدى - دېدى ئۇ قىزنى جىمىقتۇرۇشقا تىرىشىپ، شۇ ئەسنادا كامېرادىن گۇندىپاينىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

- ھەي، نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ سەنلەرنىڭ گەپلىشىشىڭگە رۇخسەت يوق، ئىككىڭنىڭ نومۇرى تارتىلىندۇ. ئىشىڭنى قىلىش! ئىككىسىنىڭ گەپلىرىگە قاراپ تۇرۇشقان باشقا تۇتقۇنلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئورۇنلىرىغا بېرىپ دىققەتتە ئولتۇرۇشتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. توساتتىن ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، گۇندىپاينىڭ: « تامىقىڭنى ئېلىۋېلىش» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تۇتقۇنلار قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ

ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۆچرەتتە تۇرۇشتى.

تۇتقۇنلارغا بىر قاچىدىن سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى بىلەن بىر تالدىن ھور نان بېرىلدى. باشقا تۇتقۇنلار قورساقلىرى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ ھور ناننى شورپىغا چىلاپ مەززە قىلىپ ئىچىشمەكتە ئىدى. ئۇ قىزنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ، سويۇپ قالغان ھور نان بىلەن شورپىنى ئىچىپ تۈگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نېرۋىسى بىر ئاز تىنچلانغاندەك بولۇپ، مۈگدەك بېسىپ، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى: « چۈشىدە، ئۇنىڭ بادام دوپپىلىق بىر يىگىت بىلەن توي بولغان بولۇپ، ئۇ يىگىتكە قاراپ: بىلەمسىز مەمەتجان، مەن سىز بىلەن توي قىلغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن، مەن سىزگە بىر جۈپ ئوغۇل، بىر جۈپ قوش كېزەك قىز تۇغۇپ بېرىمەن، بىز ئۇلارنى چوڭ قىلىپ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇتۇپ، چەتئەللەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىمىز. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندە تويىنى قىلىپ قويىمىز، ئۇزاق قالماي نەۋرىلىرىمىز دۇنياغا كېلىدۇ. بىز ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ باقىمىز، سىزمۇ نەۋرىلەرگە كۆيەمسىز؟ – دەپ ئۇنىڭغا قارىغان ئىدى. مەمەتجانمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ: ھە، مېنىڭ گۈزەل ئايالىم، مەنمۇ نەۋرىلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى بالىلىرىمىز بىلەن بىللە ياخشى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئوقۇتۇپ، سۈنئىي ھەمراھ ياسايدىغان ئالىم، ئايروپىلان ھەيدەيدىغان ئۇچقۇچى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىمىز، پۈتۈن خەلق ئۇلاردىن: بىزنىڭ ئالىمىمىز، ئۇچقۇچىمىز! –دەپ پەخىرلىنىدۇ، بىزمۇ ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويىمىز –دەپ، ئۇنى سۆيمەكچى بولۇپ يېقىنلىشىغا، يىراقتىن بىر ئەجدىھا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ، ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئارقىدىن ئۆڭكۈردەك

يوغـان ئاغزىدىـن شـامال چىقىرىـپ دەم تارتىـپ، ئۇلارنـى ئۆزىگـە قارىتىـپ سۈمۈرۈشـكە باشـلىدى. ئـۇ قىـز مەمەتجـان بىلـەن ئاسـماندا ئۇچـۇپ كېتىۋاتاتتـى، مەمەتجـان ئۇنـى چاقىرىـپ، قولۇمنـى تۇتـۇڭ، مـاڭا ئېسـىلىڭ! ــدەپ ۋارقىراۋاتاتتـى. ئـۇ قىـز مەمەتجانغـا قولىنـى سـۇنۇپ، قەتئىـي تەگكۈزەلمىـدى. شـامال تېخىمـۇ كۈچلـۈك چىقماقتـا ئىـدى. ئـۇلار هايـال ئۆتمـەي ئەجدىهانىـڭ ئاغزىغـا قاپلىشـىپ قالـدى، ئـۇ قىـز قورققىنىدىـن قاتتىـق ۋارقىـراپ كەتتـى».

– هـەي 212. نومـۇر، سـىزگە نېمـە بولـدى؟ تـۇرۇڭ ئورنىڭىزدىـن، كۆزىڭىزنـى ئېچـىڭ! دېگـەن ئاۋازدىـن ئـۇ قىـز ئويغىنىـپ قارىۋىـدى، كامىـر باشـلىقى ئايـال ئۇنىڭغـا: بـەك ۋارقىـراپ كەتتىڭىـز؟ ئۇنـداق قىلىـش تۈزۈمگـە خىـلاپ، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىـش قىلىشـىغا تەسـىر يەتكۈزسـىڭىز بولمايـدۇ. تـۇرۇڭ ئورنىڭىزدىـن، باياتىـن بۇيـان بىز سـىزنى بىر ئـاز ئۇخلاپ، ئوڭشىلىۋالسـۇن!ــ دەپ گـەپ قىلمىغـان ئىدۇق، ئەمـدى بىز بىلەن ئۆگىنىـش قىلمىسـىڭىز بولمايدۇ.ــ دېـدى ئۇنـى يۆلـەپ تۇرغۇزۇپ، شـۇ ئەسـنادا ئىككـى گۇندىپـاي ئىشـىكنى جاراڭشـىتىپ ئېچىـپ كىرىـپ، ئـۇ قىزنـى كالتـەك بىلـەن ئۇرماقچـى بولۇۋىـدى، كامىر باشـلىقى ئايـال گۇندىپايلارغـا: بـۇ قىزنىـڭ ئەتىگەنىدىـن بۇيـان نورمـال ئەمەسـلىكىنى، شـۇڭا قالايمىقـان جۆيلۈۋاتقانلىقىنـى، ئۇنـى قەسـتەنگە ئويغاتمىغانلىقىنـى ئېيتىـپ، ئـۇ قىزنـى تايـاق يېيىشـتىن سـاقلاپ قالـدى.

ئـۇ قىـز ئەمـدى ئۇيقۇسـى ئېچىلىـپ، بىـر ئـاز ئېسـىگە كەلگـەن ئىـدى. كامىر باشـلىقى ئايالنىـڭ كۆرسىتىشـى بويىچـە، تۇتقۇنلارغـا يېقىـن كېلىـپ ئولتـۇرۇپ، ئـۇلار بىلـەن ئۇزۇنـدى ۋە كوممۇنىسـتىك پارتىيەنىـڭ سىياسـەتلىرىنى ئۈنلـۈك ئوقـۇپ يادلىـدى. ئـۇ قىزنىـڭ خىتـاي تىلـى سەۋىيەسـى ئالاهىـدە ياخشـى بولغاچقـا، بىرنەچچـە سـائەت ئىچىدىـلا ئۇزۇندىلەرنـى

يادلاپ بولدى. يەنە تېخى بىرمۇنچە سىياسىي شوئارلارنىمۇ يادلىۋالدى. بەزى شوئارلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى: « بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى، ئەمدى جۇڭگودا باشقا مىللەتلەر مەۋجۇت بولمايدۇ »دېگىنى بۇ قانداق گەپ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ – مەن ئوقۇغان دەرسلىك كىتابلاردا – جۇڭگودا 56 مىللەت بار، ھەممە مىللەت باراۋەر ياشاپ، بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دېيىلگەن ئىدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ نېمە دېگىنى؟ ئۇلار باشقا مىللەتلەرنى ئىنكار قىلىپ، يوققا چىقارماقچىمۇ؟ باشقا مىللەتلەرمۇ، خىتايلاردەك ئۆز ئۆرپ–ئادەتلىرى بويىچە، ئۆز تېررىتورىيەسىدە ياشاپ، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالسا، بۇنىڭ نەرى بولمايدىكەن؟ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق – ئىلىم – پەنگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكقۇ؟ مىللەتلەرنى مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىش – ئاسسىمىياتسىيە قىلىش بولۇپ، ھازىرقى دۇنيادا، ب د ت نىڭ قانۇنلىرىدا چەكلەنگەنغۇ؟ شۇنداق، ب د ت نىڭ قانۇنلىرى بويىچە ھەممە مىللەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇڭا بىزنىڭ ئۆگىنىۋاتقان بۇ شوئارلىرىمىز چوقۇم خاتا بولۇۋاتىدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز سىزىقىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنداقكەن مەن بۇلارغا ئىشەنمەسلىكىم كېرەك، ئەلۋەتتە!»

تۇتقۇنلارنىڭ بۆگۈنكى بىر كۈنلۈك سىياسىي ئۆگىنىشى ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەمدى ئۇلار كەچلىك تاماق ۋاقتىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. توساتتىن تاماق ۋاقتى توشمايلا، كامېر ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى كىچىك تۆشۈكى ئېچىلىپ، ئاق خالاتلىق گۇندىپاي دوختۇرلار كېلىپ: ھەممىڭلار تىزلىپ ئىشىك يېنىغا كېلىڭلار! ئوڭ بىلىكىڭلارنى ئېچىپ، تەييار ھالەتتە تۇرۇڭلار! –دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇتقۇن ئاياللار قاتارىسىغا

ئۆچرەتكە تىزىلىپ، بىلەكلىرىنى ئېچىپ، بىردىن — بىردىن ئىشىك تۈۋىگە كېلىشتى. ئۇلارغا ئاۋۋال ئوكۇل ئۇرۇلۇپ، ئاندىن بىر تال دورا كۆملىچى بېرىلدى ۋە ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتىشكىچە قاراپ تۇرۇشتى. نۆۋەت ئۇ قىزغا كەلگەندە، قىز ئىشىك تۈۋىگە كەلمەي جىم قاراپ تۇرۇۋىدى، گۇندىپاي دوختۇرلار ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ: سەن نېمىشقا بىلىكىڭنى ئاچمايسەن؟ نېمىشقا بىز بىلەن ماسلاشمايسەن؟ — دەپ، ئۇ قىزنى ئىتتىرگەنچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

گۇندىپايلار قىزنى سوراق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، قاپقارا رەڭسىز بىر تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت-قولىنى ئورۇندۇققا چېتىپ، مىدىر-سىدىر قىلالماس قىلىپ قويۇپ، مەجبۇرىي ھالدا نامەلۇم بىر ئوكۇلنى ئۇردى، ئاندىن ئاپئاق بىر خىل دورا كۆملىچىنى مەجبۇرىي ئاغزىغا تىقىپ، قولى بىلەن ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىشتى، ئاندىن: «دوختۇرلارغا ماسلاشمىغاننىڭ جازاسى»دەپ، ئورۇندۇقتىن بوشاتماي، كەچلىك تاماقمۇ بەرمەستىن، ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە شۇ ھالەتتە سوراقخانىغا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. قىز بىر كېچە قاتتىق تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يا ئۇخلىيالمىدى، يا تەرەتكە بارالماي بەكمۇ قىينىلىپ كەتتى، ئۇ: مېنى بوشۇتۇۋېتىڭلار، ماڭا تاماق بېرىڭلار، قورسىقىم ئاچتى!-دەپ ۋارقىراپ ھالى قالمىسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاقلىق ھالەتتە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە گۇندىپايلار سوراقخانىغا كىرگەندە، ئۇ قىز يەنىلا ھوشسىز ئادەمدەك بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاقلىق ھالەتتە ئۇخلاۋاتاتتى. رەھىمسىز گۇندىپايلار ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى گۇندىپاي ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، قوپاللىق بىلەن

سۆرىگەنچە كامېرغا ئېلىپ چىقىشتى. بۇ چاغدا تۇتقۇنلار ناشتىلىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، يۈز – كۆزلىرىنى يۇيۇۋاتقان، ئۆچىرەت بويىچە ھاجەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ پۈت – قوللىرى قاتتىق ئاغرىۋاتقان بولۇپ، ئۆرە تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ كامېر باشلىقىغا ئۆزىنىڭ ھاجىتى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، كامېر باشلىقى ئۇنى قولىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ھاجەتكە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ھاجىتى تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، داق يەرگىلا يېپىنچا ئەدىيالنى قاتلاپ سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

كامېر ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈك جاراڭشىتىپ ئېچىلدى. ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. تۇتقۇنلار قاتار تىزىلىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشتى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ناشتىلىق تاماقلىرىنى ئېلىش بولغاندىن كېيىن، ئۇ قىزمۇ تامىقىنى ئالماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئەمما تۇرالماي جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن كامېر باشلىقى ئايال ئۇنىڭ قاچىسىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سۇيۇق قىلىپ پىشۇرۇلغان بىر قاچا گۈرۈچ شورپىسىنى ئەكېلىپ بەردى. ئۇ قىزغا تۈنۈگۈن كەچلىك تاماق بېرىلمىگەچكە قورسىقى كورۇلداپ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ گۈرۈچ شورپىسىنى ئىچتى ۋە بىر ئاز قورسىقىنىڭ ئاچلىقى بېسىلغاندەك بولدى. تۇتقۇنلار ناشتىلىق تامىقىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ئۇلارنى تىزىلدۇرۇپ دەرسكە ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ قىز ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇرۇپ قېلىۋىدى گۇندىپايلار: سەن تۇرۇپتۇر، بىز يەنە قايتا كېلىمىز،–دەپ تۇتقۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. گۇندىپايلار بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە ئاق خالاتلىق دوختۇر ئايال تۇراتتى. دوختۇر ئۇ قىزغا قاراپ:

–نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟ نېمە بولدۇڭ؟ مەن ساڭا دورا ئېلىپ كەلدىم، ئۇنى يېسەڭ ساقىيىپ كېتىسەن،–دېدى. ئۇ قىز بولسا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

– مەندە كېسەل يوق، شۇ بىر ئاز كۆچۈم قالمايۋاتىدۇ. تىزىم ۋە يوتىلىرىم ئاغرىۋاتىدۇ. سىزنىڭ ماڭا دورا بېرىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق، بىر ئاز دەم ئالسام ئۇڭشىلىپ قېلىشى مۇمكىن!
– دېدى ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ،

– ياق، بولمايدۇ، سەن چوقۇم بۇ دورىلارنى يېيىشىڭ كېرەك. بولمىسا كېسىلىڭ ئېغىرلىشىپ كەتسە بىز ساڭا ئىگە بولالمايمىز. سەن چوقۇم بىز بەرگەن دورىنى يېيىشىڭ كېرەك! –دەپ، يېنىدىن بىر تال ئاپئاق دورا كۆمىلچىنى ئېلىپ، ئۇ قىزغا سۇندى. قىز ئۇنى ئېلىشنى رەت قىلىۋىدى، ئۇ دوختۇر بىلەن بىللە كىرگەن كىرگەن گۈندىپايمۇ ۋارقىراپ: ئال، بۇ دورىنى يېگىن! سەن بىزنىڭ دورىمىزنى يېمەي، داۋالىشىمىزنى قوبۇل قىلماي ئىلگىرىكىدەك قارشىلىق قىلساڭ، بۇ يەردە ياخشى كۈن كۆرمەيسەن! بۇ يەردىن سېنىڭ ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ– دېدى. ئۇ قىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بېشىنى چايقىۋىدى، گۈندىپاي ئۇنىڭغا يەنە سەت ۋارقىراپ: دورىنى ئال! ئەگەر بۇ دورىنى يېمىسەڭ، بىز سېنى هازىرلا ئېلىپ چىقىپ قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويىمىز، ئۇ يەردە سېنىڭ بەدىنىڭنى چاشقانلار غاجاپ، تەشمە – تۆشۈك قىلىۋېتىدۇ. ئۇ قىز گۈندىپاينىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمىدى ۋە دورا يېيىشنى يەنە رەت قىلدى. گۈندىپاي قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ: تامادى، چىلەي(ئاناڭنى،ئورنۇڭدىن تۇر)!
– دەپ ۋارقىرىغانچە، ئۇ قىزنى سۆرەشتۈرۈپ، دۈشكەلەپ ۋە ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئېلىپ مېڭىپ، يەر ئاستى قەۋەتكە ئېلىپ چۈشۈپ، يەنە بىر ئاز ماڭدۇرغاندىن كېيىن، كۆل رەڭ سىرلانغان بىر تۆمۈر ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇ قىزنى ئىتتىرگەنچە

قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويۇپ، ئىشىكنى تاقىۋەتتى.

ئۇ قىز كامېردا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. بۇ كامېر تۈن قاراڭغۇسىدىنمۇ بەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قىز ئۆزىنى بىر قاراڭغۇ گۆرگە كۆمۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئۇلاردىن بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشىنى تەلەپ قىلىشنى ئويلىدى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋارقىراشتىن توختاپ، جايىدىلا ئولتۇرۇپ، خىيال قىلىشقا باشلىدى: « ئۇلار مېنى بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ قانچە ئۇزۇن سولاپ قويار؟ ئاش - نان بېرەرمۇ ؟ مانا! ھايات تۇرۇپ گۆر ئازابىنى تارتىدىغان بولدۇم! قاراڭغۇلۇق، گۆر دېگەن نېمانداق قورقۇنچلۇق - ھە! باشقا تۇتقۇن قىزلارنىڭ «قاراڭغۇ كامېر» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىسا بەكلا قورقىدىغىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەندە؟ ئاھ! خۇدا، مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! بۇ قاراڭغۇ گۆردىن تىرىك چىقىشقا نېسىپ قىلغايسەن! مەن بۇ يەردىن چوقۇم ھايات چىقىشىم كېرەك! مېنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ- ئارمانلىرىم بار! مەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ توي قىلىشىم، ئاندىن بالىلىق - پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىم، ئۇلارنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇشۇم كېرەك!

ئۇ قىز باش - ئاخىرى چىقماس خىياللار ئىچىدە چارچاپ، كۆزى يۇمۇلۇپ، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ قىز قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر چاغدا بەدىنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنىڭ غاجىلىنىپ، چىشلىنىۋاتقانلىقىنى تۇيدى-دە، چۆچۈگەنچە ئويغىنىپ، قوللىرى بىلەن غاجالغان، چىشلەنگەن يەرلىرىنى تۇتۇشقا، تۇسۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قولىغا، ئۇنى چىشلەشكە كەلگەن بىر تال چاشقان ئۇرۇندى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنى چاشقانلارنىڭ غاجاپ، يېمەكچى

بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ بىر چاشقاننى ئۇرۇپ قوغلىشىغا، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە، يەنە بىر چاشقان يامىشىپ كېلىپ، بېقىنى تەرەپتىن غاجىلىدى، ئۇ قىز سول قولى بىلەن ئۇنىمۇ ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە بىر چاشقان يامىشىپ كېلىپ، يوتىسىنى غاجىلىماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمۇ ئۇرۇپ چۈشۈرەتتى. چاشقانلار يامىشاتتى. ئۇ قىز ئۇرۇپ چۈشۈرەتتى، شۇ تەرىقىدە ئۇ قىز چاشقانلار بىلەن خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئاخىرى سەمرىپ، قورسىقى يوغىناپ كەتكەن بىر چاشقاننى تۇتۇۋالدى ــ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، گېلىدىن راسا بوغماقچى بولۇپ سىقىۋىدى، چاشقان دەسلەپتە قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئادەمدەك زۇۋانغا كېلىپ، قىزغا يېلىنىشقا باشلىدى:

ــ خانقىز، بولدى قىلىڭ! گېلىمنى سىقماڭ! مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويماڭ! مەن ھامىلىدار ئىدىم. قورسىقىمدا ئالتە بالا بار، مەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارنى بۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىمەن!

ــ ھە، شۇنداقمۇ؟ سەن ھامىلىدارمۇ؟ ــ دېدى قىز ئۇنىڭ گېلىنى سىقىشنى توختىتىپ ــ ئۇنداق بولسا سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. بالا تۇغۇپ، پەرزەنتلىك بولۇش ــ ھەر قانداق بىر ئانىنىڭ ئاداققى چوڭ ئارزۇسى، مەنمۇ ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما بۇ زالىملار، ئۇ ئارزۇيۇمنى يوققا چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى چاشقان قىزنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قېلىپ ــ قانداقسىغا ئۇلار سىزنىڭ بۇ ئارزۇيىڭىزنى يوققا چىقىرالايدۇ؟ سىز بىر ئەركەك بىلەن توي قىلىپ، بىر ياستۇققا باش قويسىڭىزلا ھامىلىدار بولۇپ تۇغالايتتىڭىزغۇ؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق!ــدېدى قىز ئۇھسىنىپ، ئەمما ئۇلار

مېنى ھازىر تۇتقۇن قىلىپ، بۇ يەرگە مەھكۇم قىلىپ قويۇشتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ماڭا نامەلۇم بىر ئوكۇل ئۇرۇپ ۋە نامەلۇم دورىلارنى مەجبۇرىي ئىچكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادىتىم توختاپ قالدى. مانا ھازىر ماڭا ئادەت كەلمەيۋاتقىلى نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. قىزلارنىڭ ئادەت كۆرمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئايالىق ھورمۇنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنداقلار ھەرقانچە تويي قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ.

- شۇنداقمۇ؟ - دېدى چاشقان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بۇ نېمە دېگەن ئىپلاسلىق، ۋەھشىيلىك، ئانىلارنى تۇغماس قىلىپ قويغانلار ئەڭ ئېغىر جىنايەتچىدۇر. ئەگەر مېنى شۇنداق قىلىپ قويغان بولسا، مەن ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشاتتىم. ئۆلۈشكە رازى ئىدىمكى، تۇغماس قىلىپ قويۇشقا قەتئىي قارشى تۇراتتىم.

- ماشائاللا! چاشقانخان ئىرادەڭگە! - مەنمۇ ئۇلارغا قارشىلىق قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنى بۇ قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويۇشتى.

- ۋاي مۇنداق دەڭ، سىز ئەسلى نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭىز؟

- ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغان، پەقەت مەن بىر دىن توغرىسىدا ئىلمى ماقالىنى يېزىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى: « دىن تەتقىقاتى قىلغۇچى ئەسەبىي ئۇنسۇر» دەپ، بىر تۈرمىگە ئوخشايدىغان يەرگە قاماپ قويۇشقان ئىدى.

- ۋاي، شۇنداقمۇ، سىلەر ئىنسانلار نېمانداق بىر - بىرىڭلارغا رەھىمسىز كېلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ سىزنى سولاپ قويۇشقا قانداق كۆچى يەتتى؟ سىز ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلمىدىڭىز مۇ؟

– ياق، مەن ئۇلارغا قارشىلىق قىلالمىدىم، چۈنكى مەندە قورال يوق، ئۇلاردا قورال بار. تۆمۈر كالتەك، زەنجىر – كىشەنلەر بار. شۇڭلاشقا ئۇلار بىزدەكلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ سولىيالايدۇ.

– ھە، مۇنداق دەڭ؟ ئۇلار بىلەن سىلەر بىر خەلقتىن ئەمەسمۇ؟

– ياق، ئۇلار بىلەن بىز باشقا، باشقا خەلق. ئۇلار باشقا يەردىن كېلىپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان. شۇڭا ئۇلار بىزنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ تۇتۇپ سولىيالايدۇ.

– ھە، مۇنداق دەڭ، سىلەر ئادەملەر ھەقىقەتەن رەھىمسىز، ئەسكى ئىكەنسىلەر، بىز چاشقانلاردا ئۇنداق بىر – بىرسىنى بوزەك قىلىدىغان، بىر–بىرسىنىڭ ياشاش ماكانىنى ئىگىلىۋالىدىغان، بىرسى – يەنە بىرسىگە ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ، خالىغانچە تۇتۇپ سولاپ قويىدىغان ئىشلار مەۋجۇت بولمايدۇ.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ سىلەر چاشقانلار دۇنياسى نېمىدېگەن بەختلىك – ھە؟ بىز ئىنسانلار دۇنياسى ئۇنداق ئەمەس، كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. كىمنىڭ مىلتىق – بومبىسى بولسا، يوقلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمران بولىۋالىدۇ ۋە مۇشۇنداق تۇتۇپ سولاپ قويىدۇ.

– يا ئاللا، شۈكرى ئەلھەمدۇلىللا! ھېلىمۇ، بىز ئىنسان بولۇپ قالماپتىمىز. ئاللاغا مىڭ شۈكرى دەپ، مۈرىسىنىڭ تۈكىنى چىشلەپ كەتتى چاشقان، – ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئاندىن قىزدىن يەنە سورىدى:

– بۇ يالماۋۇزلار سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى نابۇت قىلىپتۇ، ئەگەر سىز تۇغماس بولۇپ قالسىڭىز سىز ئۆچۈن ئىنتايىن

ئېغىر ئازاب بولغۇدەك، شۇنداقمۇ؟

– ئەلۋەتتە شۇنداق! بۇ ماڭا ئېغىر ئازاب بولىدۇ. مەن بۇنىڭغا قانداق بەرداشلىق بېرىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن؟ كەلگۈسى تەقدىرىمدىن بەكلا ئەندىشە قىلىمەن.

– ئۇنداق ئەندىشە قىلىپ، قورقۇپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا، سىز ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىسىڭىز، ئىنتىقام ئالسىڭىز بولماسمىدى؟

– مېنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇم بار ئىدى. كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مېنى ئۇلار كىچىك بۇ قاراڭغۇ يەرگە سولاپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا: ھەر خىل قورال، مىلتىق ۋە تۆمۈر كالتەكلەر بار، مەن قانداق قىلىپ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمەن؟

– ئۇنداق بولسا دېدى چاشقان ئويلانغان ھالدا – بىز چاشقانلار سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرەيلى! بۇنىڭغا نېمە دەيسىز ؟

– بولىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭمۇ قوراللىڭلار يوق، قانداق ئىنتىقام ئالالايسىلەر؟ مەن ئۇلارنىڭ سىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن!

– ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق قورالىمىز بار، بىز ھەر قانداق يەرنى تېشىپ، ھەر قانداق يەرگە كىرەلەيمىز. ئۆتكۈر چىشلىرىمىز بىلەن ھەر قانداق نەرسىلەرنى ئۈزۈپ تاشلىيالايمىز ۋە ھەتتا ئىنسانلارنىڭمۇ گېلىدىن بوغالايمىز. سىز پەقەت بىزگە بۇ زالىملارنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، قالغان ئىشنى بىز ئۆزىمىز توغرىلايمىز – دېدى چاشقانخان مەغرۇر ھالدا.

– ماقۇل، ئەمىسە مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي: مېنى بۇ يەرگە تۇتۇپ سولىۋالغان، نامەلۇم دورا بەرگەن ئىنسانلار – مۇشۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئىشخانىدا تۇرىدۇ.–

دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ قىز ۋە داۋام قىلدى ــ ئۇ ئىشخانىدا ئوتتۇرا بويى، كۆزئەينەك تاقىۋالغان جۇ ئىسىملىك بىر قىسىق كۆز ئادەم بار. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالامىتى گەپ قىلىشى بىزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار «: چاڭ-چۇڭ، جاڭ-جۇڭ» دېگەندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدۇ. سىز ئۇنى ياخشى كۆزەتسىڭىزلا، ئېنىق بايقىۋالالايسىز. شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەردىكى ئاق خالات كىيىۋالغان دوختۇرلار ماڭا ئوكۇل ئۇرۇپ، مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزدى.

ــ ھەئە، بىلدىم. مەن چوقۇم ئۇنى ــ سىز دەپ بەرگەن ئالامەتلەردىن تونۇۋالالايمەن. قالغان ئىشنى ماڭا قويۇڭ، مېنىڭ نۇرغۇن بالىچاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىم بار. مەن بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ ــ دەپ قىز بىلەن خوشلىشىپ، قاراڭغۇ كامېردىن ئايرىلدى چاشقانخان.

ئانا چاشقان قاراڭغۇ كامېردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۆز توپلىمىغا بېرىپ، بۇ ئىش ئۈچۈن پىداكارلارنى تەلەپ قىلىۋىدى. بىر نەچچە يۈز پىداكار چاشقانلار دەرھاللا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشىپ، بۇ ئىش ئۈچۈن تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئانا چاشقان ئىككى چاشقاننى ئىشخانىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىككى چاشقان بىنانىڭ بولۇڭ-پۇشقاق ۋە تۆشۈكلىرىدىن چاققانلىق بىلەن ئۆتۈپ، بىردەمدىلا ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»نىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىشتى-دە، بىر بۇلۇڭغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، قىزنىڭ دەپ بەرگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇلار بىردەم ماراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇ كۆزئەينەكلىك قىسىق كۆزنىڭ دەل بۇ تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشتى-دە، ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان

ۋاقىتنىڭ ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۆيىگىچە بىللە باردى ۋە قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، قايتىپ كېلىپ ئانا چاشقانغا مەلۇم قىلدى.

بۇ خەۋەرنى ئالغان ئانا چاشقان بارلىق جەمەتىنى يىغىپ ئۇلارغا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان قىزنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بۇ قىزغا زۇلۇم سېلىۋاتقان مەلئۇنلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن پىدائىيلارنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشتىن تەلەپ قىلىۋىدى، بىردەمدىلا نەچچە يۈزدىن ئارتۇق چاشقانلار پىدائىي بولۇپ ئۆزىنى تىزىملاتتى. بۇ چاشقانلارغا ھېلىقى «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»نىڭ باشلىقىنى تونۇۋېلىشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى چاشقان مەسئۇل قىلىنىپ، يولغا سېلىندى.

چاشقانلار يول باشلىغۇچى ئىككى چاشقاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن لاگېر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. لاگېر باشلىقى قىسىق كۆز ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە قايتقان بولۇپ، ئۇ ماشىنىسىنى ماشىنا توختىتىش ئۆيىگە توختىتىپ قويۇپ ئۆيىگە كىردى-دە، بىر بوتۇلكىدىن رەڭلىك بىر خىل سۇيۇقلۇقنى قويۇپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن، كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ، يۇيۇنۇش ئۈچۈن مۇنچىغا كىردى. بۇ ۋاقىتتا چاشقانلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بىر قانچە يېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرىپ، لاگېر باشلىقىنى مۇنچىدىن ئىزدەپ تاپتى-دە، ھەممىسى بىرلىكتە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىگە يامىشىۋېلىپ، چىش ۋە تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىگە پاتۇرۇپ، غاجاشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىدىمىغان لاگېر باشلىقى ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى يېتەكچى چاشقان ئۇنىڭغا قاراپ:

- ھەي، زالىم ئەبلەخ، ۋارقىرىما! بولمىسا ھازىرلا

جېنىڭنى ئالىمىز!-دېدى. ئۇ ۋارقىراشتىن توختاپ: بولدۇ، بولدۇ، مەن ۋارقىرىماي، مېنىڭ جېنىمنى ئالماڭلار! مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! سىلەرنىڭ نېمە تەلىپىڭلار بار؟ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. يېتەكچى ئىككى چاشقان ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ:

— ئېيتە! ئۇ سەن قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويغان قىزغا قانداق ئوكۇللارنى ئۇردۇڭ؟ قانداق دورىلارنى بەردىڭ؟

— مەن ئېيتاي، مەن ئېيتاي! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار؟ بىز بۇ تۇتقۇنلارغا ئۇرغان ئوكۇللارنىڭ ھەممىسى خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ياسالغان دورىلاردۇر. ئۇ ئايالالارنىڭ ھورمۇن سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىنى كاردىن چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى ئادەت كۆرۈش توختايدۇ-دە، ئۇلار پەرزەنت كۆرەلمەس بولۇپ قالىدۇ.



— ھۇ، ۋەھشىي ھايۋانلار! -دەپ ۋارقىرىدى يېتەكچى چاشقان ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۇلىلۇك ئاۋازدا — سەنلەردە رەھىم دېگەن نېمە بارمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىنى نېمىشقا چەكلەيسەن؟

— مېنى كەچۈرۈڭلار! مېنى كەچۈرۈڭلار! ئۇنى مەن چەكلىمىدىم. بۇ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قىلىنغان ئىشلاردۇ. ئۇ قىزغا ئۇرۇلغان ئوكۇل ۋە دورىلارمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە ياسىلىپ، بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن. مەن پەقەت بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى، خالاس!

— ئەبلەخ، قاتىل! سەن بۇ بۇيرۇقنى نېمىشقا ئىجرا قىلاتتىڭ؟ باشقا ئىش قىلساڭ بولمامتى؟

— ياق،ياق، مەن بۇ ئىش ئۈچۈن مەخسۇس ئالتە ئاي تەربىيەلەندىم. تۇتقۇنلارنى قانداق قىلىپ قىيناش، قىيناش

ئارقىلىق پسىخولوگىيەلىك روھىي زەربە بېرىش، خىمىيەلىك دورىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قانداق قىلىپ ساقلاش، قانداق قىلىپ، ئۇنى تۇتقۇنلارغا ئىچكۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆگەندىم. ئەگەر مەن بۇ ئىشلارنى قىلمىسام دۆلەت مېنىمۇ يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن.

– ئۇنداق بولسا راستىڭنى ئېيتە، ھازىرغىچە قانچىلىك قىزلارغا، ئاياللارغا ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا ئىچكۈزدۈڭ؟

– ماقۇل، ماقۇل، مەن دەي! بىز بۇ لاگېردا ھازىرغىچە بىر مىليوندىن جىق ئايال ۋە قىزلارغا بۇنداق ئوكۇللارنى ئۇردۇق، دورىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى يوشۇرۇپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئىچكۈزدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەت كۆرۈشى توختاپ، تۇغماس بولۇپ قېلىشتى.

– ھەي ۋەھشىي ئەبلەخ! دەپ ۋارقىرىدى يېتەكچى چاشقانلار ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىن چىشلەپ تۇرۇپ – بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتلىرىڭ نېمىتى؟

– دۆلەتنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى – ئۇ قىز– ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ئۇلار ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل تۇپراقتا مەڭگۈلۈك ئىگە بولۇۋېلىش. بۇ يەردە جۇڭخۇا مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ياششىغا يول قويماسلىق، ئاخىرىدا جۇڭخۇا مىللىتىنى بۇ تۇپراقتا مەڭگۈلۈك ھۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت.

– ۋاي ۋەھشىي مەخلۇقلار! ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭ مۇشۇنداقمىدى؟ سېنىڭ بۇ رەزىل مەقسىتىڭ، تويماس قارنىڭ بىلەن ھەممىنى يەپ تۈگەتكەنلىكىڭ سەۋەبىدىن – بىز چاشقانلارغا يەيدىغان ئوزۇق – تۈلۈك قالماي، ئادەم گۆشى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق، سەنلەرنىڭ بۇ گۇناھىڭنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ!

– كەچۈرۈڭلار، مېنى كەچۈرۈڭلار! بىر قوشۇق قەدىمنى تىلەي، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار !

– ياق، ياق، بولمايدۇ. بىز سەنلەرنى كەچۈرەلمەيمىز! بىز ئۇ قىز ئۈچۈن سەندىن ئىنتىقام ئالغىلى كەلدۇق دەپ، باشقا چاشقانلارغا بۇيرۇق قىلىشىدى، چاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە يامىشىپ، چىشلەپ غاجاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا لاگېر باشلىقى خىرقىرىغانچە جان بەردى.

بۇ قەھرىمان چاشقانلار لاگېر باشلىقىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئانا چاشقان بار يەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات قىلدى. ئانا چاشقان بولسا بارلىق چاشقان توپىنى يىغىپ، بۇ قەھرىمان چاشقانلارنى مۇكاپاتلىدى. ئاندىن يەنە بىر تۈركۈم پىدائىي چاشقانلارغا بۇيرۇق چۈشۈپ، ئۇ قىز سولانغان قاراڭغۇ كامېرنى بىتچىت قىلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئەمر قىلدى. ئانا چاشقاننىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان چاشقانلار ئۇ قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتلاندى.

# ئۇ قىزنىڭ بەدىنى بويسۇنمايدۇ!

ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئاللاتائالانىڭ ۋەسىلە قىلىشى بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ سەۋەب قىلىنىشى ئارقىلىق دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز بەدىنىنى بەكمۇ مۇقەددەس بىلەتتى. ئادەمنىڭ شەكلى نېمە دېگەن چىرايلىق-ھە! -دەيتتى ئۇ قىز ھەمدە ئۆز-ئۆزىگە جاۋاب بېرەتتى: چۈنكى، ئاللا ئادەمنى ئۆزىنىڭ شەكلىدە ياراتقان ئىكەن ھەمدە ئەزالارنى شۇنداق جايى-جايىغا ۋە ھەر خىل ۋەزىپىلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. شۇڭا بەدەندىكى ھەر قانداق بىر ئەزا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان ياكى كېسەل بولغان تەقدىردە ئادەمنىڭ نورمال پائالىيەت قىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدىكەن ياكى ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئاھ! بەدەن سەن نېمە دېگەن خىسلەتلىك-ھە؟ مەن مۇشۇنداق بەدىنىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاغا شۈكرى ئېيتىمەن. ئۇنى ئاسرايمەن! ئۇنى ھارامدىن ساقلايمەن! ئۇنى قوغدايمەن! ئەگەر بەدىنىمنى باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىيالمىسام، روھىمنى ياراتقۇچىغا تەسلىم قىلىشقا رازىمەن! -دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئۇ قىز يەنە ئاللاغا شۈكرى ئېيتىپ: ئاللا مېنى ئىنسان قىلىپ ياراتقىنىڭغا، شۇنداقلا بىر قىز قىلىپ ياراتقىنىڭغا مىڭ مەرتەم شۈكرى! -دېگەن ئىدى.

ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن، سۈتتەك ئاپئاق، بوتا كۆز،

قاڭشارلىق تىپىك بىر ئۇيغۇر قىزى ئىدى. ئۇنى ئاتا-ئانىسى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۆزلىرى يېمەي-يىدۇرۇپ، كىيمەي-كىيدۇرۇپ دېگۈدەك ئوقۇتقان ئىدى. ئۇمۇ بىر قىز بولۇشىغا قارىماي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىدى. ئۇ خېلى ئوبدان خىتايچە ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر ئۇيغۇر قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر يىلغىچە ئىش ئىزدەپمۇ ئۆز كەسپىگە مۇۋاپىق بىر ئىش تاپالمىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەلۇم بىر خىتاي شىركىتىنىڭ مۇلازىمەتچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانىغا ئاساسەن ئىلتىماس سۇنۇۋىدى، بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭغا مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كەلدى.

ئۇ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى خىزمىتى ئۈستىدە: «بۇ قانداق خىزمەت بولغىيدى؟ بەلكى، بىرەر مېھمانخانىنىڭ ياكى رېستورانىنىڭ كۈتكۈچىلىكىنى قىلارمەن؟ قانداق بولمىسۇن بىر ئىش چىقتى. ۋاقتىلىق بولسىمۇ ئىشلەپ تۇرمايمەنمۇ؟ ئەمدى مەن يەنە ئاتا-ئانامغا ئارتۇقچە يۈك بولۇشنى خالىمايمەن!» دېگەندەك خىياللارنى قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ يېڭى خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە قانداق ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ ئۇقتۇرۇشتىكى ئادرېسقا قاراپ شىركەتنى ئىزدەپ تېپىپ باردى. بۇ شىركەت ئىلگىرى مېھمانخانا قىلىنىپ تاشلىنىۋېتىلگەن بىر بىنادا قۇرۇلغان بولۇپ، شىركەت بىنانى قايتىدىن ياساپ، رەڭگارەڭ پانۇسلارنى ئېسىپ، خىتاي ئۇسلۇبىدا بېزەپ، ھەشەمەتلىك بىر سارايغا ئوخشىتىپ قويۇشقان ئىدى. ئۇ بىناغا كىرىپ، « ئىشخانا» دېگەن خەت ئېسىلغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى: كىرىڭ! -دېگەن

رۇخسەتتىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋىدى، ئۆز قۇرامىدىكى ئون نەچچە نەپەر ياش قىزلارنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەممىسىنىڭ قولىدا بىر ۋاراقتىن جەدۋەل تۇراتتى. قىزلار قولىدىكى قەلەم بىلەن سەممىي ھالدا جەدۋەلنى تولدۇرۇۋاتقان بولۇپ، تولدۇرۇپ بولغانلار بىر-بىرىدىن جىددىي ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۆزلىرىنى شىركەت باشلىقىنىڭ چاقىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ قىزمۇ جەدۋەلنى توشقۇزۇپ بولۇپ، باشقا قىزلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە قىزلار كېلىپ جەدۋەل تولدۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى.

ئالاھازەل بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ھەممىسى جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولۇشتى. بۇنى كۆرگەن شىركەت باشلىقى قىزلارنى بىردىن-بىردىن ئالدىغا چاقىرىپ، مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىشكە باشلىدى. قارىغاندا، ئۇ شىركەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدى نۆۋەت ئۇ قىزغا كەلدى. ئۇ ئىسمى چاقىرىلغاندىن كېيىن شىركەت باشلىقىنىڭ ئۈستەلىگە بېرىپ جەدۋەلنى تاپشۇردى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئانچە رازى بولمىغان شىركەت باشلىقى جەدۋەلگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قايتا ئۇنىڭغا سۇنۇپ ئىمزا قويدۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئىمزا قويۇپ، بىر يىللىق خىزمەت توختامى تۈزۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئاندىن يەنە بىر مۇنچە كوتۇلدىدى. ئۇ قىز شىركەت باشلىقىنىڭ دېگەنلىرىدىن شۇنى چۈشەندىكى، ئۇ ئەتىلا ئىش باشلىشى، قائىدە-تۈزۈمگە رىئايە قىلىشى، مۇشۇ يەردە يېتىپ-قوپۇشى، شىركەت نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىشى، خېرىدارلارنى ياخشى كۈتۈشى، ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويماسلىقى كېرەك ئىكەن.

ئۇ خىزمەت توختامىنى ئېلىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ بىر غەلىتىلىكنى سېزىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا: « شىركەتتە يېتىپ قوپۇپ ئىشلەيسەن! »دېگىنى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئويلىنىپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويدى: «كېچىسى شىركەتتە يېتىپ قوپىسەن دېگىنى نېمىسى؟ بىزنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىمىز بارغۇ؟ ئاتا-ئانامغا بۇنى قانداق چۈشەندۈرەلەيمەن؟ ئەگەر ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلىسا قەتئىي قوشۇلماسلىقى مۇمكىن؟ قانداق قىلىشىم كېرەك؟ »ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا ھازىرچە جاۋاب تاپالمىدى.

ئۇ قىز ئاخىرى چىقماس خىياللار ئىچىدە بىردەمدىلا ئۆيىگە كېلىپ قالغانىدى. ئانىسى ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان بولۇپ، قىزىنىڭ ئۈمىدسىز چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

– قىزىم، نېمە ئىش بولدى؟ ئىشقا ئېلىندىڭىزمۇ ياكى ئېلىنماي قالدىڭىزمۇ ياكى سىزگە ئۇ خىزمەت يارىمىدىمۇ؟ – دەپ سورىدى. ئۇ ئانىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

– ئانا، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، ئاندىن سۆزلىشەيلى.– دەپ ياتاق ئۆيىگە كىردى-دە، باشقا ئېلانلارغىمۇ قاراپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇچۇرلارغا قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئۇچۇرغا قاراۋېتىپ دوستىدىن مۇنداق بىر ئۇچۇرنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا دىققىتى قوزغالدى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى: بۇ سىنلىق ئېلاننىڭ تېمىسى: «شىنجاڭلىق گۈزەل سىڭىلچاق» بولۇپ، ئېلاندا بىر خىتاي ئەر-ياش ھەم گۈزەل بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار! شىنجاڭلىق بۇ ئۇيغۇر سىڭىلچاققا، ئۇ گۈزەلمىكەن؟ گۈزەللەر ماكانى شىنجاڭ سىزنى قارشى ئالىدۇ. بۈگۈن كېچە سىزگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمىز» دەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ بۇ سىننى كۆرۈپ قاتتىق سەسكىنىپ

كەتتى ۋە «ئۆزۈمنىڭ بېشىغىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىش كېلىپ قالارمۇ؟ » دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئانىسىغا چوقۇم دېيىش قارارىغا كەلدى-دە، چوڭ ئۆيگە چىقتى.

-كېلىڭ قىزىم! -دېدى ئانىسى ئۇنىڭ چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ،-نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ بېشىڭىزغا بىرەر قىيىن ئىش كېلىۋاتامدۇ؟

- ھە، ئانا! بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدىم. تۈنۈگۈن مەن ئىشقا قوبۇل قىلىنغان شىركىتىمدە بىر غەلىتە ئەھۋال بايقىلىۋاتىدۇ.

- قانداق غەلىتە ئەھۋال قىزىم؟

- شۇ دېسەم ئانا، شىركەت ماڭا: « كېچىسىمۇ مۇشۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەيسىلەر» دەۋاتىدۇ.

- ياق، بولمايدۇ قىزىم! بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزگە توغرا كەلمەيدۇ. سىز تېخى توي قىلمىدىڭىز، ئۇ يەردە كېچىسى ئىشلىشىڭىزگە قەتئىي بولمايدۇ.

- ماقۇل ئانا، مەن ئەتە بېرىپ توختامنى قايتۇرۇۋېتىپ، باشقا يەردىن ئىش ئىزدەي ئەمسە؟

- بولىدۇ قىزىم! ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق، ياخشىراق بىر يەردىن ئىش چىقىپ قالار، يەنە بىر مەزگىل ئىزدەپ بېقىڭ!

-ماقۇل ئانا، بولىدۇ. شۇنداق قىلاي!

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيدە ناشتىلىقنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، يېڭى خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان شىركەتكە بېرىپ، شىركەت باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا توختامنى بىكار قىلدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، باشلىق چېچىلغان ھالدا ۋارقىراپ: بولمايدۇ! بولمايدۇ! -بۇ دېگەن بىر يىللىق توختام. سەن قول قويۇپ بولغان. ئەمدى بۇنىڭدىن چىقىپ كېتىمەن دېسەڭ، بىزگە شىركەتنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىككى مىڭ سوم

جەرىمانە تۆلىشىڭ كېرەك!

— جەرىمانە تۆلەش توختامدا يوق ئىدىغۇ؟ —دېدى ئۇ جاۋاب قايتۇرۇپ،

— ئۇ توختامدا بولمىغان بىلەن، بىزنىڭ شىركەت قائىدە—تۈزۈمىمىزدە يېزىلغان ۋە ئالدىقاچان پىلانغا كىرگۈزۈلگەن. ئەگەر سەن ئىشنىڭ بىرىنچى كۈنىلا چىقىپ كەتسەڭ، ساڭا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنمامدۇ؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ شىركىتىمىز توختاپ قېلىپ، زىيانغا ئۇچرىمامدۇق؟

— ياق، مېنىڭ ئاتا—ئانام قوشۇلمايدۇ. مەن بۇ يەردە ھەم كۈندۈزى، ھەم كېچىسى 24 سائەت ئىشلىيەلمەيمەن. توختامنى بىكار قىلىمەن.

— ئىشلەيسەن!

— ئىشلىمەيمەن!

—توختام بويىچە مەجبۇري ئىشلىشىڭ كېرەك!

— ياق، ئىشلىمەيمەن! سېنىڭ قايسى قانۇنىڭدا بىر ئادەم يىگىرمە تۆت سائەت ئىشلەيدۇ دېيىلگەن؟

— نېمە ئۇ قانۇن دېگەن؟ بىز سېنىڭ خوجايىنلىرىڭ بولغاندىن كېيىن، بىز قانۇننى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز.

— ياق! ئۇنداق ئەمەس! مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن!

— نەگە بېرىپ ئەرز قىلساڭ قىل! مەن سېنىڭ ئەرزىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. سېنىڭ ئەرزىڭنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. بۇ يەردە پەقەت بىزدەك خوجايىن مىللەتنىڭلا گېپى ئاقىدۇ.

— مەيلى ئاقسۇن ئاقمىسۇن مەن ئەرز قىلىمەن! ئىشلىمەيمەن دېدىم ئىشلىمەيمەن! —دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ئۇمۇ بوش كەلمەي، جېدەل چوڭىيىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

باشقا يېڭى كەلگەن قىزلارمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر-بىرسىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشماقتا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا شىركەت باشلىقىنىڭ ئايالى بولسا كېرەك! ئوتتۇرا بوي، پۇزۇر ياسىنىۋالغان بىر ئايال كېلىپ، شىركەت باشلىقىنىڭ قولىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىشىدى، شىركەت باشلىقى بىر ئەقىل تاپقاندەك قىلىپ، ھەييارلارچە ھىجىيىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– ئۇنداق بولسا كۆندۈزى ئىشلە! بىز مۇلازىمەتچىلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلمەكچى: بىر گۇرۇپپا كېچىسى ئىشلەيدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپا كۆندۈزى ئىشلەيدۇ. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

– بولىدۇ، ئۇنداق بولسا، مەن پەقەت كۆندۈزىلا ئىشلەيمەن ۋە توختام بويىچە بىر يىللا ئىشلەيمەن.-دەپ ئۇنىڭغا ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.



ئۇ بۇ مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتىنى ئىنتايىن چارىسىزلىك ئىچىدە باشلاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك نە مېھمانخانىغا ئوخشايتتى. نە رېستورانغا؟ بىنادىكى نۇرغۇن كىچىك-كىچىك ئۆيلەرگە ئالاھىدە قىزىل خەتلەر يېزىلغان ۋە پانۇسلار ئېسىلغان بولۇپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە يەنە چوڭ خەتلىك ئۆي نومۇرى چاپلانغان ئىدى. بۇلار ئادەتتىكى مېھمانخانا ياتاقلىرىدا بولمايدىغان غەيرىي بىر ئەھۋال ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ يەنە ئويلىنىپ قالدى: بۇ يەردە زادى قانداق مۇلازىمەت قىلىدىغاندىمىز؟ بەدەن ئۇۋۇلاش ئىشىمدۇ ياكى باشقا بىر ئىشمىدۇ؟ ئەمما ئۇلار نېمىشقا بىزنىڭ زادى قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىمىزدىن ئالدىنئالا دېمەيدۇ ياكى مەشغۇلات قائىدىسى يوق؟ -دەپ ئويلىنىپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا تېخىچە بىر تېپىشماق ئىدى. ئۇ بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى

تېپىپ بولالماي ئاخىرى باشقا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدى-دە، مۇلازىمەت بۇيرۇقىنى ساقلاپ تۇردى.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ۋاقىت ئىدى. قىزلار نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى. توساتتىن باش مۇلازىمەتچى ئايال: سىنىڭ مېھمىنىڭ كەلدى!-دەپ بىر نەچچە قىزنى چاقىرىپ، كىچىك ئۆيلەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. چۆشكىچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر مۇلازىمەت ۋەزىپىسى بېرىلمىدى. ئۇ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئەمدى نىمە ئىش بولار؟ -دەپ قاراپ تۇراتتى. توساتتىن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ چاقىرىلدى. باش مۇلازىمەتچى ئايال ئۇنىڭغا: -يىگىرمىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە كىرگىن! مېھمىنىڭ سىنى ساقلاۋاتىدۇ.-دېدى. ئۇ يىگىرمىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىردى. كۆزىگە ئاجايىپ غەلىتە بىر مەخلۇق كۆرۈنىۋاتاتتى. ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز، پاكىنەك كەلگەن بىرسى خۇددى ئۆلتەپ قويغان كاللىدەك ھىڭگايىپ چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ باشقا بىر خىتاي ئۆلكىسىنىڭ شىۋىسىدە گەپ قىلىۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇ بۇ يەرلىك خىتايلاردىن ئەمەس ئىدى. يىگى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ كەلگۈندىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ يەنە بىر نىمە دەپ كولدۇرلاپ كارىۋاتنى شەرەت قىلىپ، كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. قىز شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدى-دە، ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاچتى، ئۇ ھاياسىز ئارقىدىن قوغلاپ چىقتى. ئۇ ھىڭگايىپ چىش ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە: ئەيىا! ئەيىا! گۈزەل قىز، مەن سىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن سىنى بىر كۆنلۈك سېتىۋالغان! -دەپ توۋلاۋاتاتتى. ئۇ قىز زۇۋان سۈرمەستىن ئالدىغا قاراپ قېچىۋاتاتتى، توساتتىن باش مۇلازىمەتچى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇتۇۋالدى. باش مۇلازىمەتچى ئۇ قىزغا: ھەي!

نېمە قىلىۋاتىسەن؟ مېھمانغا نېمشقا ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ نېمشقا ئۇنى ياخشى كۈتمەيسەن؟ سەن خىزمەت قائىدىسىگە رىئايە قىلمىدىڭ؟ بىزنىڭ ئىشىمىزنى بۇزدۇڭ؟ ئەمدى سەن جازالىنىسەن.–دەپ، ئۇنى تارتىشتۇرۇپ ئىتتەرگىنىچە شىركەت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. شىركەت باشلىقى ئەھۋالنى بىلىپ، چىرايىنى ئالۋاستىنىڭ چىرايىدەك قىلىپ ۋارقىرىدى:

– ھۇ يۈزى قېلىن! سەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى بۇزدۇڭ، ئۆز خىزمىتىڭنى ئادا قىلمىدىڭ، سەن ئىشتىن قوغلاندىڭ، جەرىمانە تۆلەيسەن! جازالىنىسەن! –دەپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ھايت–ھۇيت دېگۈچە بىر ماشىنىدا بەش–ئالتە ساقچى يېتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ، ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ماشىنا قانچىلىك ۋاقىت ماڭدىكىن ئۇ قىز بىلەلمىدى. بىر چاغدا يوغان دەرۋازىلىق، ئېگىز تاملىق، ئەتراپى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر يەرگە كېلىپ، ماشىنىدىن توختىتىشتى–دە، كۆزەتكۈچىلەرگە دوكلات قىلىپ، دەرۋازىنى ئاچقۇزغاندىن كېيىن، قىزنى تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۇ يەردىكى گۇندىپايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتى.

گۇندىپايلار بۇ يېڭى ئۇلجىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋېتىپ، ئىتتىرگەنچە بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى. خېلى چوڭ بولغان بۇ ئىشخانىغا ئىككى تال ئۈستەل–ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى تېمىغا يۆلەپ ئارخىپ ئىشكاپلىرىمۇ قويۇلغان، يەنە بىر تام تەرەپكە بولسا ھەر خىل رېزىنكە ۋە توك كالتىكى قاتارلىق قىيناش ئەسۋابلىرى تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ سوراق قىلىنغانلىقى مانا مەن

دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇستەلنىڭ بىرىدە، ئوتتۇرا بويى، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن، كۆزئەينەكلىك بىرسى ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. يەنە بىر ئۇستەلدە بولسا كاتىپ بولسا كېرەك؟ ئورۇق، ئېگىزرەك بىرسى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ھە نېمە يازىمەن؟ دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرسى ئايال، بىرسى ئەر ئاق خالاتلىق دوختۇرغا ئوخشايدىغان ئىككى ساقچىمۇ تۇراتتى. كۆز ئەينەكلىكنىڭ: باشلاڭلار! دېگەن ئاۋازى بىلەن ھېلىقى ئىككى ئاق خالاتلىق دوختۇر ساقچى قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى مەجبۇرىي ئاچتۇرۇپ، ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى بىلىكىگە ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇرۇپ، كۆز مۆڭگۈز پەردىسىنى رەسىمگە تارتتى. يەنە بىر ئۇستەلدىكى كاتىپ ساقچى قىزنىڭ ئالدىنىلا تارتىۋېلىنغان كىملىكىگە قاراپ ۋە ئاق خالاتلىق ساقچىلارنىڭ دەپ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ياش قۇرامى، قان بېسىمى، قان تىپى، كۆز ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. بۇ بولسا قىزنىڭ DNA سىنىنىڭ تۇرغۇزۇپ ئېلىنغانلىقى ئىدى.

ئىشخانىدىكى ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، دوختۇر ساقچى قىزنى ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ، بىنانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان بىر ئەينەك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. قىز: « بۇ نېمىدۇ؟ » دەپ ھەيران قېلىپ ئويلىنىپ بولغۇچە، دوختۇر ساقچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ۋارقىرىغانچە بۇيرۇق قىلىپ: كىيىمىڭنى سال! ئۇستى–ئاستىڭدىكى ھەممە كىيىمىڭنى چىقار! بۇنىڭ ئىچىگە كىر! – دەپ، ئەينەك ئىشكاپنى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. دوختۇر ساقچىنىڭ بۇيرۇقى قىزنىڭ قۇلىقىغا خۇددى بىر ياۋايى مەخلۇقنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى. قىز بۇ بۇيرۇقنى كەسكىنلىك

بىلەن رەت قىلدى:

– ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. كىيىمىنى سالالمايمەن! بۇ نېمە؟ نېمىشقا مېنى ئۇ يەرگە سولايسىلەر؟

– كىر دېدىم كىر! بۇ تەكشۈرۈش ئەسۋابى، سېنىڭ بەدىنىڭ تەكشۈرۈلىدۇ.

– نېمىشقا مېنىڭ بەدىنىمنى تەكشۈرىسىلەر؟ مېنىڭ بەدىنىمدە ھېچقانداق كېسەل يوق!

– كىر دېدىم كىر! بولمىسا بىز سېنى مەجبۇرىي كىرگۈزەلەيمىز. –دەپ يەنە ۋارقىرىدى. ئۇ قىز ئەينەكلىك ئىشكاپتىن ئىچىگە كىرىشنى يەنە رەت قىلىۋىدى. دوختۇر ساقچىنىڭ بىر كۇنۇپكىنى بېسىشى بىلەن باشقا ئىككى گۇندىپاي يېتىپ كېلىپ، ئۇ قىزنىڭ قولىنى ئارقىغا قايرىپ يەرگە بېسىپ تۇرۇپ، كىيىملىرىنى تارتىشتۇرۇپ سالدۇرۇشقا باشلىدى. قىز كىيىمىنى سېلىشقا قارشىلىق قىلىپ قاتتىق تېپىچەكلەيتتى. گۇندىپايلار بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ، بىردىن–بىردىن سالدۇرماقتا ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ بەدىنىنى مۇداپىئە قىلىشقا كۈچى يەتمىدى. ئۇ قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇلغان ئىدى. قىز بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭ بەدىنى تۇنجى قېتىم ياتلار ئالدىدا ئېچىپەتسىز قېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىدى–دە، غەزەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى:

– ئېپلاسلا! ھوي ھايۋانلار! نېمىشقا مېنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇشىسەن؟

– ۋارقىرىما! –دېگەنچە ئىككى ساقچى كېلىپ، قىزنى دۆشكەلەپ، يېنىدىن بىر لاتا چىقىرىپ ئاغزىغا تىقىپ قويدى. ئاندىن مەجبۇرىي ئىتتىرىپ، ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى.

ئۇ قىز ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدە غەلىتە بىر خىل ئاۋازنى تۇيغاندەك قىلدى. بەدىنى خۇددى بىر نىمىدىن زەرەتلەنگەندەك تىترەۋاتماقتا ئىدى. بىر مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەينەك ئىشكاپتىن چىقىرىلدى. بۇ ۋاقىتتا قىزنىڭ بېشى قېيىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتاتتى. ئەتراپ ئۇنىڭغا قاراڭغۇلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كىيىمىنى ئەمەس، بەلكى كۆل رەڭلىك، ئۇستىگە نومۇر بېسىلغان بىر خىل مەھبۇس كىيىمى تاشلاپ بېرىشتى ۋە بۇ كىيىملەرنى كىيگىن! بىز بىلەن ماڭ! ـ دەپ ۋارقىرىدى. قىز ئالدىغا تاشلاپ بېرىلگەن كۆل رەڭلىك كىيىمنى كۆرۈپ، ئۇنى كىيىشنى رەت قىلدى ۋە: مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كىيىمىم قېنى؟ ئۆزۈمنىڭ كىيىمىمنى بېرىڭلار! بۇنى كىيمەيمەن. ـ دەپ تۇۋلىدى.



ـ بولمايدۇ. سەن مۇشۇ كىيىمنى كىيىشىڭ كېرەك! سەن بىر مەھبۇس! جىنايەتچى!

ـ ياق، مەن جىنايەتچى ئەمەس. مەن بۇ كىيىمنى كىيمەيمەن! ـ دەپ خېلى ئۇزاققىچە مەھبۇس كىيىمى كىيىشنى رەت قىلدى. ئۇ قىز كېيىن ئۇ گۇندىپايلارنىڭ ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ھاياسىزلارچە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەمدى ئۇ كىيىملەرنى كىيمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، ئاندىن مەھبۇس كىيىمىنى كىيدى.

ـ ماڭ! ـ دېگەنچە ئىككى گۇندىپاي كالتەكلىرىنى دىۋەيلەپ تۇرۇپ قىزغا يەنە بۇيرۇق قىلدى. قىز قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي يەنە جىم قاراپ تۇرغان ئىدى.

ـ بىز سېنى ماڭ! دەۋاتىمىز. ـ دەپ، ئۇنى ئىتتىرگەنچە ئېلىپ مېڭىشتى.

گۈندىپايىلار ئۇنى بىرىنچى قەۋەتتىكى كارىدوردىن ئازراق ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، 201. نومۇر يېزىلغان بىر كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنى ئىتتىرگەنچە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كېتىشتى. كىچىككىنە بىر كامېرغا يىگىرمە نەچچە نەپەر ئايال قامالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چاچلىرى ئوخشاش تەكشىلىكتە قىرقىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاپئاق يۈزى، قاڭشارلىق بۇرۇنى ۋە بولاقتەك يوغان كۆزلىرىنى كۆرمەستىن، ئارقا تەرەپتىن كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنى بولار خىتاي تەتەيلىرى ئوخشايدۇ؟ –دەپ قالاتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىدا بىر تالدىن سولياۋ قاچىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ھەممىسىلا ئىشىك تەرىپىگە قاراپ، ئاغزىنى تامشىتىپ، بىرنېمىنى كۈتۈشكەندەك قىلىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ قورساقلىرى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەن بولۇپ، كەچلىك تاماق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىتنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. دېگەندەك جاراڭ–جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازدىن كېيىن، ئىشىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئويۇپ قويۇلغان كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىلىپ: تېز بولۇڭلار! تاماقلارنى ئېلىۋېلىڭلار! –دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايال تۇتقۇنلار بىر چۆمۈچتىن ئۇسۇپ بېرىلگەن كۆكتات شورپىسى بىلەن بىر تالدىن ھورناننى ئېلىپلا جايلىرىغا قايتىپ، شالاپشىتىپ ئىچىپ، بىردەمدىلا قاچىلىرىنى بىكار قىلىپ قويۇشتى.

ئۇ قىز تېخى تاماق بېرىلىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەچكە ئۇنىڭغا تاماق بېرىلمىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا:

– بىر نەرسە يەمسىز؟ قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ – دېمىدى. بۇ يەردە تۇتقۇنلارنىڭ بىر–بىرىگە گەپ قىلىشى چەكلەنگەن

بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۈنچىقمىدى: سەن كىم؟ نېمىشقا بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ نېمە ئىش قىلغان؟ -دەپ سوراپمۇ قويۇشمىدى.

تۇتقۇنلار ناھايىتى تېزلىكتە تاماقلىرىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، ھەممىسى قاچىلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپ، قولىغا بىر تالدىن دەپتەر ۋە قەلەم ئېلىپ، يانمۇ-يان باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇ قىز ئەمدى نېمە ئىش بولار؟ -دەپ، ئويلاپ بولغۇچە، ئىشىكنىڭ كىچىك تۆشۈكى ئېچىلىپ، بىر گۈندىپاينىڭ: ئۆگىنىشنى باشلاڭلار! -دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۈنلۈك ئاۋازدا كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان شوئارلارنى ۋە ئۈزۈندىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى: ياشىسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە! بىز ئۇنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيىمىز! جۇڭگو ھەممىدىن ئۇلۇغ قۇدرەتلىك دۆلەت، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. شى جىنپىڭ بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىيمىز، ئۇ بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ!...

تۇتقۇنلار ئىككى سائەتتەك مەجبۇرىي ئۆگىنىش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇخلاش سىگنالى چېلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇنلار ناھايىتى تېزلىكتە ئورۇنلىرىدىن سېلىپ قىستىلىپ دېگۈدەك يېتىشقا باشلىدى. ئۇ قىزغىمۇ ئوتتۇرىدا بىر يەردىن ئۇ ئارانلا سىققۇدەك بىر كىشىلىك ئورۇن بوشىتىپ بېرىلدى.

كامېردا چىراغ ئۆچۈرۈلمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىنمۇ ياكى چىراغ ئۆچۈرۈلمىگەنلىكتىنمۇ كۆزىگە قەتئىي ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر تۇتقۇن بۇنى سېزىپ، ئاستا ئۇنىڭغا پىچىرلاپ تۇرۇپ: سىڭلىم سىزگە تاماقمۇ بېرىلمىدى. قورسىقىڭىز ئاچ ھەرقاچان؟ شۇنىڭغا ئۇيقۇڭىز كەلمەيۋاتىدۇ. بۈگۈن بىر كۈن چىداڭ! ئەتىدىن باشلاپ سىزگىمۇ تاماق بېرىلىشى مۇمكىن! ئەمما سىڭلىم، مەن سىزدىن بەكلا ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. سىز

بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، بۇ مەلئۇنلار چىرايلىق قىزلارنى ھەر دائىم ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئاياغ-ئاستى قىلىشىدۇ. ئۆزىڭىزگە بەكلا دىققەت قىلىڭ! مەن سىزدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. -دېدى ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ، قىزمۇ ئاستا پىچىرلاپ: ئاچا، بۇ ئېيتقانلىرىڭىزغا رەھمەت، مەن ئۇلارغا ھەرگىزمۇ بويى ئەگمەيمەن! بەدىنىمنى، جېنىمنى تىكىپ قوغدايمەن! ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئىپپەت-نومۇسىمنى نابۇت قىلماقچى بولىدىغان بولسا، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن! -دېدى قورقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

- سىڭلىم بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا! ئەمما، بۇ ھايۋانلار بەكمۇ ۋەھشىي، سىز ئاجىز، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسىز! ئۇلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ھېچنېمىگە توغرا كەلمەيدۇ. -دېدى يەنە قىزغا نەسىھەت قىلىپ،



- رەھمەت ئاچا، ئەگەر ئىنساندا مۇستەھكەم ئىرادە بولسىلا ھەرقانداق زالىملارمۇ مەزلۇملارنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللا ئاجىزلارنى ئۆزى ساقلايدۇ! -دېدى ئىشەنچ بىلەن.

- سىڭلىم! -دېدى ئۇ ئايال يەنە بوش ئاۋازدا پىچىرلاپ،-ئۇ دېگەنلىرىڭىزمۇ توغرا! ھەممىمىز ئاللاغا ئىشىنىمىز. ئاللا ئاجىزلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ. مەنمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ئەمما، بۇ زالىملار ئاللادىن قورقمايدۇ! ئاللانى تونۇمايدۇ. شۇڭا، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ھەر قانداق يامانلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش لازىم، ئۆزىڭىزگە بەكمۇ دىققەت قىلىڭ قىزىم!

شۇ ئەسنادا كامېرادىن: ھەي! ئوتتۇرىدا ياتقان ئىككىڭ نېمە كۇسۇرلىشىسەن؟ دەرھال ئۇخلىشىڭ كېرەك، بولمىسا جازالىنىسەن! دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار

پارىڭنىــى توختىتىشــقا مەجبــۇر بولــدى. قىــز ئۇيــان ئۆرۈلــۈپ، بۇيــان ئۆرۈلــۈپ ئاخىــرى ئۇخــلاپ قالــدى.

ئــۇ قىــز قانچىلىــك ئۇخلىغانلىقىنــى بىلمەيتتــى. بىــر چاغــدا يېنىدىكــى ئايــال ئۇنــى تۈرتــۈپ ئويغىتىــپ: ئورنىڭىزدىــن تــۇرۇڭ سىــڭلىم، بىــز دەرھــال يوتقــان كۆرپىمىزنــى يىغىــپ، يــۈز-كۆزىمىزنــى يۇيــۇپ، تەييــار بولۇشــىمىز كېــرەك. كىــم ۋاقتىــدا تەييارلىــق قىلىــپ بولالمــاي، كېچىكىــپ قالسا جازاغا تارتىلىشىدۇ، -دېــدى. بۇنىــڭ بىلــەن قىــز دەرھــال ئورنىدىــن تــۇرۇپ، باشــقا ئايالــلار نېمــە قىلســا شــۇنى قىلــدى. ھەش-پــەش دېگۈچــە ئايالــلار ئىشــلىرىنى تۈگىتىــپ ئۆچرەتكــە تىزىلــدى. قىزمــۇ چاققانلىــق بىلــەن ئىشــلىرىنى تۈگىتىــپ، ئايالالرنىــڭ قاتارىدىــن ئــورۇن ئالــدى.

ئايــال تۇتقانــلار مەيدانغــا ئېلىــپ چىقىلىــپ بىــر ســائەتتەك قىزىــل ناخشــا تووۋلاتقۇزۇلغاندىــن كېيىــن، ئۇلارنــى يەنــە قايتۇرۇپ كېلىشــتى. تۇتقۇنلارغــا تامــاق ۋاقتــى بولغۇچــە يەنــە بــەش مىنــۇت ئىختىيــارى ۋاقىــت بېرىشــتى. بــۇ ۋاقىتتىــن پايدىلىنىــپ ئــۇلار يەنــە ھاجەتخانىغــا نــۆۋەت بىلــەن بېرىــپ، ئىشــنى تۈگىتىشــى كېــرەك ئىــدى. بــۇ قىسقا ۋاقىــت ئىچىدىمــۇ ئايالــلار ناھايىتــى چاققانلىــق بىلــەن ھەرىكــەت قىلاتتــى. بۇنچــە قىســقا ۋاقىــت بېرىلگــەن بولســىمۇ يەنــىلا ئىشــىنى بەلگىلەنگــەن ۋاقىتتىچــە تۈگىتىشــكە مەجبــۇر ئىــدى. بــۇ يــەردە تۇتقۇنلارغــا خالىغانچــە ھاجەتكــە بېرىشــقا رۇخســەت قىلىنمىغاچقــا، بــۇ قىسقا ۋاقىتمــۇ ئــۇلار ئۈچۈن ئىنتايىــن قىممەتلىــك ئىــدى.

تاماققا سىــگنال چېلىنغاندىــن كېيىــن ئايالــلار يەنــە ســولياۋ قاچىلىرىنــى كۆتۈرۈشــۈپ قاتــار بولــۇپ تىزىلىشــىپ تۇرۇشــتى. جاراڭ-جــۇرۇڭ قىلغــان ئــاۋاز بىلــەن كامىر ئىشــىكىنىڭ تۆشــۈكى ئېچىلىــپ، ئاشــپەز گۇندىپايــلار قــازان بىلــەن چۆمۈچنــى تاراقلىتىــپ، تۇتقۇنلارنىڭ ناشــتىلىق تامىقنى بېرىشكە باشــلىدى.

ناشتىلىق ئۈچۈن قورۇق شوۋىگۈرۈچ بىلەن بىر تالدىن ھورنان بېرىلگەن ئىدى. قىزغىمۇ سولياۋ قاچىغا ئوتتۇرا قىلىپ، بىر قاچا گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىلدى. گۈرۈچ شورپىسى بەكمۇ سۇيۇق ۋە تۇزسىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇتقۇنلار ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى. قىزمۇ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى تاماق بېرىلمەي قورسىقى ھەددىدىن زىيادە ئېچىپ كەتكەنلىكتىن ناشتىلىقنى بىر قوشۇقتىن، بىر قوشۇقتىن ئىچىپ، ئاخىرى تۈگەتتى.

تاماقتىن كېيىن قىزلار يەنە دەرھاللا قاچىلىرىنى بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇپ، قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەيلا ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ئاياللارنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا بىر تالدىن دەپتەر ۋە قەلەم تۇراتتى. قارىغاندا ئۇلار يەنە مەجبۇرىي دەرس ئوقۇيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ قىزغا تېخى دەپتەر-قەلەم بېرىلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغىنى ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. تۇتقۇنلار قارشى تەرەپتىكى يەنە بىر بىناغا ئېلىپ چىقىلىشى كېرەك بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ مەيداندىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر گۇندىپاي كېلىپ ئۇ قىزغا: سەن مەن بىلەن كەل! سوراق قىلىنىسەن! -دەپ، ئۇنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.



ئۇ قىز سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە سوراقخانىدىكى مەنزىرە كۆرۈنۈشى بىلەن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. سوراقخانىنىڭ بىر تەرەپتىكى تېمىغا ھەر خىل رېزىنكە ۋە توك كالتەكلىرى، زەنجىر-تانا قاتارلىقلار ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇق قويۇپ قويۇلغان ئىدى. سوراقچىلار قىزنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت-قولىنى ئورۇندۇقنىڭ يان تەرەپ ۋە پۇتىغا تانا بىلەن مىدىر-سىدىر قىلالماس قىلىپ باغلىغاندىن كېيىن، سوراقنى

باشــلىدى:

– قېنى، ئېيته! جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل!

–نېمىنــى ئىقــرار قىلىمــەن؟ مەنــدە ھېچقانــداق جىنايــەت يــوق!

– تېخــى ســەن مــەن مەنــدە جىنايــەت يــوق دەمســەن! بىلىــپ قــوي! ســېنىڭ جىنايىتىــڭ ئىنتايــىن ئېغىــر! ســېنىڭ ئىدىيەڭــدە ئېغىــر مەســىلە بــار!

– يــاق، مەنــدە ھېچقانــداق ئىدىيــەۋى مەســىلە يــوق! مــەن ھېچقاچــان پارتىيە–ھۆكۈمەتكــە قارشــى گەپ–ســۆز قىلمىدىــم! قانداقســىغا مېنىــڭ ئىدىيەمــدە مەســىلە بولســۇن؟

– ســەن جۇڭخــۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدىــڭ، خوجايىنلىرىڭغــا بويىســۇنمىدىڭ، مېھماننــى ياخشــى كۈتمــەي، شــىركەتكە ئېغىــر ئىقتىســادىي زىيــان ســالدىڭ، ســېنىڭ خوجايىنىــڭ ســەندىن تۆلــەم تەلــەپ قىلىۋاتىــدۇ، ئۇنــى دەرھــال تۆلىشــىڭ كېــرەك!

–يــاق، مــەن ئۇلارغــا ھېچقانــداق زىيــان ســالمىدىم. مــەن تېخــى ئــۇ يــەردە بىــر كۈنمــۇ ئىشــلىمىگەن تۇرســام، قانداقســىغا ئۇلارغــا زىيــان ســالغان بولىمــەن؟ بــۇ بىــر تۆھمــەت!

– ھــەي، ســەن تېخــى بۇنى تۆھمــەت دەمســەن؟ جىنايىتىڭنى ئېتىــراپ قىلمامســەن؟ بىزنىــڭ ســېنىڭ جىنايىتىڭنــى ئىقــرار قىلدۇرىدىغانغــا چارىمىــز بــار! –دېــدى ســوراقچى ئەســەبىيلەرچە ۋارقىــراپ: قېنــى كېلىڭلار! بۇنىڭغــا بىزنىــڭ جــازا قورالىرىمىزنىڭ تەمىنــى تېتىتىــپ قويــۇڭلار!

ســوراقچى باشــلىقنىڭ بۇيرۇقىدىــن كېيىــن، ئىككــى گۇندىپــاي ئېتىلىــپ كېلىــپ، قىزنىــڭ باش–كۆزىگــە رېزىنكــە كالتــەك بىلــەن بەش–ئالتىنــى ئۇرۇۋەتتــى. ئارقىدىــن مەيــدە ۋە بىقىنلىرىغــا تــوك كالتىكــى يېقىشــتى. قىزنىــڭ بېشــىدىن قىپقىزىــل

قان ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىماقتا ئىدى. كۆزى قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىردەم تىترىگەندىن كېيىن ھوشىدىن كەتتى.

سوراقچىلار ئۇنى نەچچە ئون قېتىم قىيناپ ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇ يەردىن باشقا بىر يەرگە يۆتكەپ كەتتى. قىز يۆتكەلگەن جاي ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدىغان چوڭ تۈرمە بولۇپ، ئۇ سولانغان كامېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ پۇت-قولى زەنجىر-كىشەن بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭمۇ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ قويۇلدى. تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش قىزلار بولۇپ، زىلۋا بويلۇق، قاش-كۆزى جايىدا، تېرىلىرى سۈتتەك ئاپئاق ئىدى. ئەمما، نېمىشقىكىن چىرايلىرى سولغۇن بولۇپ، خۇددى بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك ئۈركۈشۈپ تۇراتتى. قىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. سوراشىمۇ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردىمۇ تۇتقۇنلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن گەپلىشىشىگە رۇخسەت يوق ئىدى. كونا تۇتقۇنلار قىزغا قاراپ، قانداقتۇر بىر ئىشارەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلدى. قىز بۇنى تويۇپ، بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ بېشىغا بەك ئېغىر زۇلۇملار سېلىنىۋاتامدۇ نېمە؟ -دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇ قىزلارغا كەلگەن زۇلۇملارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ بىر تەقدىرداشلاردىن ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

ئۇ بۇ تۈرمىگە يۆتكەلگەن بىرىنچى كۈن ئاخشىمىنى ئۇيقۇسىز دېگۈدەك ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرغۇزۇلۇپ ناشتىلىق تاماق ئۈچۈن تىزىلىۋاتقاندا، تونۇگۈنكى قىزلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيران بولدى ۋە ئويلاپ قالدى: «بۇ قىزلارنى نەگە ئېلىپ كېتىشكەندۇ؟ باشقا يەرگە

يۆتكىۋېتىشكە نىمدۇ ياكى قويۇپ بېرىلگەنمىدۇ؟ سوراقتا قىين-قىستاققا ئېلىنغان بولسا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ-يا؟ «ئۇ بۇ سوئالنى ھېچكىمدىن سورىيالمايتتى ۋە ھېچكىممۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

بۇ كۈندۈزنى ئۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئىنتايىن تەشۋىش ۋە ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ دوختۇر گۇندىپايلار كىرىپ، قىزلاردىن قان ئالاتتى ۋە ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ قىزدىنمۇ ئىككى قېتىم قان ئالدى ۋە يۈرەك سوقۇشى، قان بېسىمى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى يامانلىقنىڭمۇ؟ ئۇ تېخى بىلمەيتتى.

كەچمۇ كىرىپ قالغان ئىدى. قىزلار كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، يەنە مەجبۇرىي ئۆگىنىش قىلدۇرۇلدى. مەجبۇرىي ئۆگىنىش ئىككى سائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇخلاش ئۈچۈن سىگنال چېلىنغان ئىدى. قىزلار ئاستا-ئاستا ئورۇنلىرىغا بېرىشىپ، ئەدىياللىرىنى يېيىشىپ، داق يەردىلا ئۇخلاشقا باش قويدى. ئۇ قىزمۇ باشقا قىزلار قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، داق يەرگىلا بېشىنى قويۇپ يېتىپ، دەرھاللا ئۇيقۇسى كەلمەي، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىشقا باشلىغان ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئىشىك جاراڭلىتىپ ئېچىلىپ، ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ئۇ قىزنى: -ھەي 102. نومۇرلۇق، بۇ يەرگە چىق! ئىشىك بار! -دەپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ قىز كامېردىن ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، ئاغزىغا بىر تال لاتا تىقىپ قويۇلدى. ئاندىن بەش - ئون مىنۇتتەك ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن، نامەلۇم بىر جايغا ئېلىپ كېلىنىپ، بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا خالتا ئېچىۋېتىلدى. بۇ يەردە ئۇ قىزنىڭ كۆزىگە باشقىچە بىر مەنزىرە كۆرۈندى.

بۇ ئادەتتىكى كامېرلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، خېلى يامان ئەمەس ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرەپتە ئىككى دانە ياتىدىغان كارىۋاتمۇ بار ئىدى. ئەمما ھەيران قالىدىغان يېرى كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە يۇمىلاق چەمبەرگە چېتىپ قويۇلغان زەنجىر تانا تۇراتتى. قىز بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ــ دەپ، خىيال قىلىپ بولغۇچە ئىككى ئايال گۈندىپاي كىرىپ: سەن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر! ــ دەپلا قىزنى ئىككى تەرەپتىن سۆرەشتۈرۈپ كارىۋاتقا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئىككى قولىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ كارىۋاتقا چېتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈچ نەپەر ماسكىلىق ئادەم كىرىپ، خىتايچە بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاشقانچە قىزنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. بىرسى قىزنىڭ ئۈستىدىكى مايكىسىنى سالدۇرۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىرسى ئىشتىنىنى تۆۋەنگە تارتاتتى. قىز بۇلارغا جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق قىلدى. ئوڭ تەرەپتىن بېسىۋالسا دۈم بولۇۋالدى. دۈمبىسىدىن بېسىۋالسا، دەرھال ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈۋالدى. ماسكىلىق ھايۋانلار ھەر قانچە جىدەللىشىپمۇ قىزنى زادىلا ئاستىغا باسالمىدى. نەدىن كەلدىكىن؟ قىز خۇددى بىر كۈچتۈڭگۈر يولۋاستەك كۈچلىنىپ كېتىپ باراتتى. ئاستىغا بېسىپمۇ قىزنىڭ بەدىنىنى بويسۇندۇرالمىغان ھايۋانلار خۇددى غالجىر ئىتتەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىنى تاتلاپ، مۇجۇپ ۋە چىشلەپ، قىپقىزىل قانغا بويىۋېتىشتى.

قىز داۋاملىق قارشىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۈچىنچى ماسكىلىق ھايۋان قوشۇلۇپمۇ قىزنى ھېچنېمە قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۈچى ھېچ ئاجىزلىشىپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئۈچ ھايۋان قىزنىڭ بەدىنىنى بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەشكەنچە بۇ ئۆيدىن قىچىپ كېتىشتى.

بۇ ناتىۋان قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق

كۆرسىتۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋالنى بىلگەن گۇندىپايلار قولىغا رېزىنكە ۋە توك كالتەكلىرىنى ئېلىپ باستۇرۇپ كىرىپ، قىزنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىگە ئارقا-ئارقىدىن توك كالتىكى يېقىشتى. ھەتتا بۇ ۋەھشىي ھايۋانلار قىزنىڭ بەدىنىنىڭ ئەڭ نازۇك يېرىگە توك كالتىكى يېقىۋېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز ھوشىدىن كەتتى.

قىز كامېرغا ئېلىپ چىقىلىپ تاشلىۋېتىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن كامېردىكى باشقا قىزلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاغزىنى ئەكېلىپ، تىنىقىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سىناپ بېقىشتى. قىزنىڭ تىنىقى توختاپ قالغان ئىدى. قىزلار كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆستىگە بىر تال ئاق ئەديالنى ئەكېلىپ يېپىپ قويۇشتى.

ئۇ قىزنىڭ بەدىنى بويسۇنماس بەدەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ روھى رەببىگە بويسۇنۇپ، جىسمىنى بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالدى. شۇ تاپتا پەرىشتىلەر ئۇنىڭ روھىنى ئەرشى-ئەلادا قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، جەننەت باغچىلىرىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاماشا قىلدۇرۇۋاتاتتى.

# قوشماق تۇغقىنىنى تونۇمىغان قىزنىڭ قىسمىتى

ئانار ناھايىتى چىرايلىق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ يېيىشىدۇ ۋە ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ دەپ، ئاغرىقلارغا ئۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئىچكۈزىدۇ. چېچەكلىنى قاينىتىپ دورا تەييارلاپ، ھەر خىل كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئېسىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئانارنى ياراتقان رەببى ئۇچۇن رەھمەت، ھەمدۇ-سانالار ئېيتىشىدۇ.

نۆۋەتتە سۈيىقەستچىلەر ۋە ساختىپەزلەر ئانار گۈلىدەك ئېسىل نېمەتلەرنىڭ نامىنى سۈيى ئىستېمال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتكە يېتىش ۋە خۇنۇك ئەپتى-بەشىرىسى يېپىش ئۈچۈن ئۇنى تەشۋىقاتلىرىدا قوللىنىپ كەلمەكتە. ئاتالمىش «تەڭرىتاغ تورى» نىڭ خەۋىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋىلايىتىدە 2021-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى «ئانار گۈلى پىلانى» دەپ ئاتالغان قوشماق تۇغقانلىشىش ئوبيېكتى تېپىش يازما ھۆججىتى چىقىرىپ، ئۇندىدار ۋە تورلاردا كەڭ تارقىتىپ، خەلقنى بۇ ھەرىكەتكە قاتنىششقا مەجبۇرىي سەپەرۋەرلىك قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياندۇرما يېزىسى ئاياق چېكەتۇغ كەنتىدىكى يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى پۈتۈن

خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆزلىرىگە قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش ئوبيېكتىنى تېپىشقا ئاۋاز قوشقان ھەمدە ئەمدىلا يېشىغا تولغان باللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان سەبىي باللار خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆلكە ۋە شەھەرلىرىدىن ئۆزىگە قوشماق تۇغقان تېپىپ، ئۆزئارا تۇغقان بولۇشقان ئىكەن. بۇ بىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇستەملىكىلەرچە ھەرىكىتى بولۇپ، تۆۋەندە ئاپتور كومېدىيەلىك ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولغان بۇ رەزىل ھەرىكەتتىن ئىبرەتلىك بىر ھېكايىنى قەلەمگە ئالدۇق.

ماھىرە تېخى ئەمدىلا بىر ياشقا تولغان ئوماق قىز بولۇپ، ئايىغى چىقار چىقمايلا «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېيىلگەن خىتايچە يەسلىگە يىغىۋېلىنغان ئىدى. ئۇ تېخىچە ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بوۋاق بولۇپ، ئانا سۈتىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى مارىيەم قىزى ماھىرەگە ئانچە-مۇنچە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بېرىپ ئۆگەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئانا سۈتىدىن چىقارمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئانا سۈتىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ ئېمىشىدىن، يەنە بىرەر يىلغىچە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مىڭ ئەپسۇس! ئۇنىڭ مەجبۇرىي ئەمچەكتىن ئايرىلىشى ئۇنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت بولدى. خالاس!

ماھىرەنىڭ يېشىغا توشۇپ، يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن بىر سەھەر كۈنى ئىدى. مارىيەم ئورنىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن تۇرۇپ، قىزىنىڭ مەڭزىگە بىر نەچچىنى ئۇزاقراق سۆيۈۋالدى-دە، ئاندىن چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، قۇچىقىغا ئالدى. ماھىرەمۇ ئانا سۈتىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ئانىسىغا مەھكەم چاپلاشتى. ئانىسى ئۇنى ئۇزاق-ئۇزاق ئېمىتتى. ماھىرەنىڭمۇ ئانىسىنى شۇنداق ئۇزاق ئەمگۈسى باردەك قىلاتتى. يەنە بىردەم

ئېمىتسە ماھىرەنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئانىسى قىزىنى ئېمىتىشتىن توختىتىپ، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئىزدەشتۇرۇپ يىغىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئانىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ، قىزىنىڭ مەڭزىنى ھۆل قىلىۋەتتى. سەبىي قىز يۈزىگە چۈشكەن بۇ بىر تامچە ياشتىن ئەندىكىپ كەتكەنىدەك بىر سىلكىنىپ قويۇپ، ئاندىن ئانىسىغا مېھرى بىلەن قارىدى. ئەمما ئۇ يۈزىگە چۈشكەن بۇ بىر تامچە ياشنىڭ بىر خۇشاللىقنىڭ ياكى قايغۇنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

مارىيەم قىزى ماھىرەنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى بىر ياغلىققا بوغچا قىلىپ چىگىپ تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ كىچىك بىر چامادانغا رەتلىك قاتلاپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ نېمىگىدۇر بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. پات-پات سائەتكە قاراپ قوياتتى. مۇشۇ كەمدە ئۇنىڭغا سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ چىك، چىك، چىك، قىلىپ ئالدىغا سلجىشى گويا بېشىغا بىر توقماق ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ، ئۇچ كۈن بۇرۇن «ئاھالىلەر كومىتېتى» تەرىپىدىن ئېچكىرىدىكى مەلۇم بىر شەھەرگە ئىشچىلىققا بارىدىغانلىقىنى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغاندىن ئىدى. ئۇنىڭ پەقەت چارەك سائەتلا ۋاقتى قالغان ئىدى.

ئىشىكنىڭ قاتتىق بېسىلغان زىل ئاۋازىدىن ئۇ چۆچۈگەندەك بولۇپ، سائەتكە قارىغانىدى. سائەت ئاللىقاچان سەككىزگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىكەن. ئۇ قىزىنى يەنە قولىغا ئېلىپ، چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، خۇددى ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتتا يېنىشلاپ يېنىشلاپ سۆيۈۋالدى.

-بولدى قىل! ماڭىدىغان ۋاقتىڭ توشۇپ قالدى.-دېدى

ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ،-ماشىنا ئىشىك ئالدىدا ساقلاۋاتىدۇ. ھازىرلا يولغا چىقىسىلەر!

-نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ بارىدىغان يەرنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالسام بولامدۇ؟

- بولمايدۇ! مېڭىشتىن بۇرۇن ھەممىڭگە بىر تۇتاش ئۇقتۇرۇلىدۇ.

- قىزىمنىچۇ؟ نەگە ئورۇنلاشتۇردۇڭلار؟

- قىزىڭدىن ئەندىشە قىلما! ئۇ يۇقىرىنىڭ بىرتۇتاش پىلانى بويىچە، ھۆكۈمەت يېڭىدىن قۇرۇپ چىققان «پەرىشتىلەر باغچىسى» غا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

مارىيەمنىڭ كۆزى يەنە ياشقا تولدى. ماھىرە قاتتىق چىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى سەبىينىڭ يۈرىكى تۇيغان بولسا كېرەك! ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈشكە ئۇنىماي، مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، يىغلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بىر ئايال خادىمى ماھىرەنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن تارتىپ يەرگە چۈشۈرۈپ، بىر قولىدىن تۇتۇپ سۆرەشتۈرگەنچە ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ماھىرە ئارقىسىغا داجىپ، يىغلىغانچە ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى. ماھىرەنى ئېلىپ مېڭىشقا قىينالغان خادىم، ئۇنىڭ ئانىسىغا: ياردەم قىلمامسەن؟ دېگەندەك قىلىپ قارىۋىدى، ئانا دەرھال كېلىپ، قىزىنىڭ يەنە بىر قولىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا بىللە ئېلىپ چىقتى، ئۇلارنى تاشقىرىدا ئىككى ساقچى ماشىنىسى ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئانا بىر ماشىنىغا چىقىشقا بۇيرۇلدى. ئەمما ماھىرە ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىماي، ئۇنىڭغا تارتىشىپ تۇرۇۋالغان ئىدى. يەنە بىر ماشىنىدىن چۈشكەن ئىككى ساقچى ماھىرەنى ئانىسىنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ يىغلىغىنىغىمۇ قارىماستىن

ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئانا-بالا ئىككىسىلا ئۆزلىرىنىڭ نەگە ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئاچچىق يىغا-زار ئىچىدە بىر-بىرىدىن ئايرىلىشتى.

ماھىرەنىڭ پەرىشتىلەر باغچىسى دەپ ئاتالغان بۇ يەرگە كەلگىنىگە، مانا ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر نەچچە ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا تېخى ئەمدىلا تىل چىققان بولۇپ، ئۇ ئانا دېيىشتىن باشقا گەپنى بىلمەيتتى. دادىسىنىمۇ «دادا» دەپ چاقىرىپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە: « ئانا، ئانا! » دەپ يىغلايتتى. بۇ يەردىكى باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى ياش جەھەتتىن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان «ئانا» دېگەن سۆزدىن بىر چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭمۇ مېھرىبان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ ئۇخلىغانلىقىنى ئەسلىرىگە ئېلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلاشتى. يەنە بىر قىسىم بالىلار بولسا، « ئانا» دېگەن بۇ ئۇلۇغ كەلىمىنى ئۇنتۇپ كېتىشتىمۇ ياكى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىدىمۇ؟ ئۇنىڭغا ھومايغاندەك بىر خىل ھېسسىياتسىز ھالەتتە قاراپ قويۇشتى.

(2)

ماھىرەنىڭ «پەرىشتىلەر باغچىسى» دەپ ئاتالغان يەسلىگە ئېلىپ كېلىنگىنىگە، ھەش-پەش دېگۈچە بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تىلى يات بىر تىلدا چىقىشقا باشلىدى. ئەمما، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مېڭىسىدە رېپىلىكسىلەنگەن «ئانا» دېگەن بىر سۆز دائىم جاراڭلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئېيتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەربىيەچىلەر تەرىپىدىن دەشنەم يېگەن ۋە خارلانغان ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن

«ئانا» دېگەن بۇ سۆزنى ئېغىزىغا ئېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

بىر كۈنى پەرىشتىلەر باغچىسىدىكى تەربىيەچىلەر بالىلارنىڭ ھەممىسىنى قاتار بىر قۇرغا تىزىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشۈنۈپ ياكى چۈشەنمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماستىن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى: بىزنىڭ پارتىيەمىز بارلىق مىللەتلەرنىڭ قان بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ خەنزۇلاردىن تۇغقىنىڭلار بولۇشى كېرەك! بىز سىلەر ئۈچۈن تۇغقان بولىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ قويدۇق، ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۇلارنىڭ جەدۋىلىنى تارقىتىپ بېرىمىز، سىلەر ھەر بىرىڭلار بىردىن ئىسىم كاتەكچىسىگە بەلگە قويۇشۇڭلار كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىز سىلەرنى تېلېفوندا كۆرۈشتۈرىمىز، سىلەر ئۇلارغا تۇغقان بولغانلىقىڭلارنى دۆلەت تىلىدا دەيسىلەر، ئاندىن ئۇلارنى تاغا، ھاما دەپ چاقىرىسىلەر! – دېيىشتى بۇيرۇق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا قاپاقلىرىنى تۈرۈشۈپ، بۇنى ئاڭلىغان بالىلارنىڭ بەزىلىرى كېيى، كېيى (بولىدۇ) دېيىشىپ ئۇلارغا جاۋاب بەرگەندەك بىر خىل پوزىتسىيەدە بولۇشتى، يەنە بەزىلىرى بولسا يەرگە قاراپ، خۇددى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان تەربىيەچىلەر يېشى كىچىك بالىلارنى بىردىن، بىردىن قولىدىن تۇتۇپ شىرەنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئالدىنالا تەييارلاپ قويغان قەلەمنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، جەدۋەلگە بەلگە قويدۇرۇشتى. تېخى قەلەم تۇتۇشنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم بالىلارنىڭ قولىغا مەجبۇرى قەلەم تۇتقۇزۇلۇپ، تەربىيەچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەلگە قويدۇرۇلدى. شۇ قاتاردا بىر تەربىيەچى ماھىرەنىڭمۇ قەلەم تۇتقان قولىنى سوزۇپ ئەكېلىپ، «ۋاڭ» دەيدىغان بىرسىنىڭ

ئىسمى بار يەرگە بەلگە قويدۇردى.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ماھىرەنىڭ ختاي ئۆلكىسىدىكى نامەلۇم بىر شەھەردە قوشماق تۇغقىنى بار بولدى.

باللار ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆچرەتتە تۇرغۇزۇلۇپ، نامەلۇم بىر يەرگە تېلېفون قىلدۇرۇلاتتى. بۇگۈن باللار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە قوشماق تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمدى نۆۋەت ماھىرەگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قولىغا تېلېفون تۇرۇپكىسى تۇتقۇزۇلۇپ، نامەلۇم بىر نومۇر بېسىلغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئاۋازى كەلدى: ۋەي، ۋەي! ياخشىمۇ؟ مايىلاما؟

-ھە، مەن مايىلا، ۋاڭ شۇشۇ (تاغا)-دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇ تەربىيەچىلەرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، ئەمما ئۇ قارشى تەرەپنىڭ باشقا گەپلىرىنى قەتئىيلا چۈشىنەلمەي، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىۋىدى، تەربىيەچى ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ ئۆگىتىشكە باشلىدى: « ياخشىمۇسىز؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگىن! » ماھىرە تەربىيەچىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. ئەمما ئۇ قارشى تەرەپتىن گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ باشقا بىر ختاي شېۋىسىدە قىلغان گېپىنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، چىۋىن گىژىلدىغاندەك ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ئەمما ئۇ يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى-دە، پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. شۇ ئەسنادا تەربىيەچى ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تارتىۋېلىپ، قارشى تەرەپ بىلەن بىر ئاز كوتۇلداشقاندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇپ قويدى-دە، ئۇنىڭغا كايىپ: نېمىشقا يىغلايسەن؟ تۇغقانلىرىڭ نېمە دەپ قالىدۇ؟ ئەمدى ئۇنداق قىلساڭ، ساڭا تاماق بەرمەيمىز، قورسىقىڭ ئاچ قېلىپ ئۆلىسەن! -دەپ، ئۇنى سىلكىشلىگەنچە قولىدىن يېتىلەپ، بىر بۇلۇڭغا ئەكېلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، باشقا

باللارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىشمىدى. بۇ ئۇنىڭغا بىرلىگەن ئەڭ دەسلەپتىكى جازالارنىڭ بىرى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن باللار تەربىيەچىلەر تەرىپىدىن قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە دېيىشىدىغان گەپلىرى ھەققىدە ئالاھىدە تەربىيەلىنىشكە باشلىدى. تەربىيەچىلەر باللارنىڭ قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپلىرىنى مەخسۇس كومپيۇتېردا يېزىپ ۋە بېسىپ چىقىرىپ، باللارنىڭ قولىغا تارقاتتى ۋە ھەر كۈنى بىر-ئىككى سائەت ئۇنى يادا ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ماھىرەدەك تېخى خەت ئوقۇشنى بىلمەيدىغان باللارغا ئۆزلىرى ئوقۇپ بېرىپ، قايتا-قايتا تەكرار قىلغۇزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن باللار يەنە بىر قانچە قېتىم قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى. ماھىرەنىڭ خىتاي تىلى خېلى ئوبدانلا چىقىپ قالغان بولۇپ، ئۇ تەدرىجىي ھالدا قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن يەنە باللارنىڭ قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلىدىغان كۈنى ئىدى. باللار قاتار تىزىلدۇرۇلۇپ، بىردىن-بىردىن رەت بويىچە قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ گەپلەشتى. نۆۋەت يەنە ماھىرەگە كەلگەن ئىدى. تەربىيەچى نامەلۇم بىر نومۇرنى بېسىپ، تۇرۇپكىنى ماھىرەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

-ۋەي، ۋەي! مايىلا ياخشىمۇسەن؟

- ھە-ئە مەن ياخشى، سىزمۇ ياخشىمۇ تاغا؟

- ھامماممۇ ياخشىمۇ؟

-ياخشى، ياخشى، ئۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

- مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن تاغا!

–سېنىڭ بىر موماڭ بار، ئۇنىمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟

– ھە، ھەممىڭلارنىڭ ياخشى كۆرىمەن.

– توغرا، توغرا! تۇغقانلار چوقۇم بىر–بىرسىنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك!

– ھە–ئە تاغا، سىلەرنى مۇئەللىم: «بەك ياخشى كىشىلەر دەيدۇ». مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم.

–توغرا بىز ياخشى كىشىلەر، شۇڭا سېنىڭ بىلەن تۇغقان بولدۇق، بىز تېخى سېنى كۆرگىلى بارماقچى بولۇۋاتىمىز!

– شۇنداقمۇ؟ قاچانلىققا كېلىسىز تاغا؟

– يازلىق تەتىل بولغاندا بارىمىز، ئۇ چاغدا قەشقەردە مېۋىلەر بەك ياخشى پىشارمىش، مېنىڭ قەشقەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئۆز



ئاغزىم بىلەن تېتىپ باققۇم بار، سەنمۇ بىز بىلەن بىرگە مېۋە يېگىلى بارامسەن؟

ھە، مۇئەللىم رۇخسەت بەرسە، بارىمەن تاغا،

–سېنىڭ ئاتا–ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەك بولامدۇ؟

–بار، بار، ئەمما، ئەمما...دەپ، ماھىرە گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي دۇدۇقلاپ قېلىۋىدى، بۇنى كۆرگەن تەربىيەچى كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى تارتىۋېلىپ، قارشى تەرەپ بىلەن بىر ئاز بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى–دە، ئاندىن ماھىرەنىڭ قولىدىن تارتىپ سىلكىشلىگەنچە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

تەربىيەچى ئۇنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ تەنبىھ بېرىشكە باشلىدى:

– مايىلا سەن خاتا گەپ قىلدىڭ، ئاتا–ئانام بار دېسەڭ

بولمايدۇ! چۈنكى، ئۇلار بۇ يەردە ئەمەس، بىزمۇ ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمىز. سېنى ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ بېقىۋاتىدۇ، شۇڭا سەن پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئاتا-ئانام دېيىشىڭ كېرەك! ئەگەر يەنە ئاتا-ئانام بار دېسەڭ، بىز سېنى بۇ يەردىن كوچىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىمىز، قورسىقىڭ ئاچ قېلىپ ئۆلىسەن! ئاڭلىدىڭمۇ؟

- ھە، مۇئەللىم، ئاڭلىدىم. مەن ئەمدى ئۇلارغا: «ئاتا-ئانام بار» دېمەيمەن دەپ، ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ماھىرە بۇنى قورقۇنچ ئىچىدە دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بولسا، قاچانلاردۇر بىر ۋاقىتتا كاللىسىدا رېفلېكس بولۇپ قالغان، «ئانا» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسىم غايىبتىن بىر يەردىن كېلىپ، ئەكس سادا قايتۇرۇپ جاراڭلىماقتا ئىدى

(3)

بۇگۈن «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېيىلگەن بۇ بالىلار لاگېرىنىڭ ئىچى ۋە تېشى باشقىچە بېزەپ قويۇلغان ئىدى. بىر قانچە بالىغا يېڭى ئۈستى-باش كىيدۈرۈلۈپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار بىر زالغا قويۇلغان شىرە ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، تەربىيەچىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر كىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق بىلدۈرۈۋاتقاندەك ھالەتتە تۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز داقا-دۇمباق ۋە سۇناي مۇزىكىلىرى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، بىر نەچچە تەربىيەچى: كەلدى، قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز! دېيىشىپ، بىر ياشانغان ۋە بىر ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككى ئەر-ئايال كىشىنى زالغا باشلاپ كىرىشتى. شىرەدىكى بىر تەربىيەچى ماھىرەگە: قارا مايىلا، سېنىڭ تۇغقىنىڭ كەلدى. ئالدىغا بارغىن! قارشى ئالىمىز دېگىن! -دەپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى. ماھىرە ئورنىدىن تۇردى-يۇ، ئەمما كىمنىڭ ئالدىغا بېرىشىنى، كىمگە قاراپ: كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن

تاغا، ھاما، دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تېلېفوندا كۆرىشىۋاتقان يىراقتىكى قوشماق تۇغقىنىنى تونۇيالمىغان ئىدى. قارشى تەرەپتىكى ئىككى ئەر-ئايال كىشىلەرمۇ ھودۇقۇش ئىچىدە تۇرغان باللاردىن قايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قوشماق تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي: ئەيىيا، ئەيىيا! قايسى مايىلا؟ دەپ، ھىجايغانچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە ئۇلاردىن ئوتتۇرا ياشتىكى غورا قاپاق، قىسىق كۆز بىرسى سوئىئىي ھىجىيىپ: مەن ۋاڭ بولىمەن، خېنەندىن كەلدىم.-دەپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن، مايىلا قايسى قىز بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى تەرىبىيەچىدىن. شۇندىلا ماھىرە بۇ گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشماق تۇغقىنى ۋاڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ياخشىمۇسىز؟ ۋاڭ تاغا، سىزنى قارشى ئالىمەن.-دېدى. ۋاڭمۇ ئۇنىڭغا: ياخشىمۇسەن مايىلا؟ سەن چىرايلىق قىز ئىكەنسەن. بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز.-دېدى. ئاندىن يېنىدا تۇلكىدەك ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ئايالنى كۆرسىتىپ: - بۇ سېنىڭ ھاماڭ يەن بولىدۇ!- دەپ تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

كەلگۈندى مېھمانلار شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تەربىيەچىلەر قويۇپ بەرگەن چاي، مېۋە سۇلىرىدىن ئىچىشتى ۋە تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدا ۋاڭ پات-پات ماھىرەگە قاراپ قوياتتى ۋە بەزى گەپلەرنى سوراپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا ماھىرەنىڭ خىتاي تىلى ئاللىقاچان چىقىپ بولغان بولۇپ، ناھايىتى راۋان خىتاي تىلىدا ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بەردى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىچىدە: « بۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر بالىسىدىمۇ ياكى بىز خىتايلاردىن بولغان بالىمىدۇ؟ - دەپ ئويلىنىپ قالدى-يۇ، ئەمما بۇ گەپنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي:

مايىلا بەك ياخشى خىتايچە سۆزلەيدىكەن، بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى.-دەپ، تىلىنىڭ ئۇچىدا ماھىرەنى ماختاپ قويدى. ئەمەلىيەتتە كاللىسىدا نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇنى تېخى بىلگىلى بولمايتتى.

كەلگۈندى مېھمانلار بۇ كۈندىكى تونۇشۇپ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشتىن كېيىن، ئۆزلىرىچە بۇ ئىشتىن ئالاھىدە مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن تەربىيەچىلەرگە ۋە باللارغا ئەكەلگەن بىرەر تالدىن سوۋغاتلىرىنى بېرىشىپ: « بىز ناھىيە بازىنى ئايلىنىپ كېلەيلى، ئەتە يەنە كېلىمىز! » دەپ چىقىپ كېتىشكەن ئىدى. دېگەندەك ئۇلار ئەتىسى يەنە كەلدى. تەربىيەچىلەر ماھىرەنى چاقىرىپ بەرگەندىن كېيىن، قوشماق تۇغقانلار ئولتۇرۇپ، يەنە تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتى. ۋاڭ توختىماي ماھىرەگە قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا كۆڭلىدە مەلۇم بىر غەرەزنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى. ماھىرەنى سىناپ باقماقچى بولۇپ سۆزىنى باشلىدى:

-مايىلا بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز، مېنىڭ بالام يوق، سەن بىزگە بالا بولساڭ بولامدۇ؟

-مەن بىلمەيمەن، مېنىڭ ئانامدىن سورىسىڭىز بولامدۇ تاغا؟

- شۇنداقمۇ؟ سېنىڭ ئاناڭ بارمىدى؟ داداڭچۇ؟ ئۇلار نەدە؟

- مەن بىلمەيمەن،

- كىم بىلىدۇ؟

- بىلمەيمەن.

- ئۇنداقتا بىرەر تۇغقىنىڭ بارمۇ؟

- بىلمەيمەن.

ماھىرەنىڭ بۇ جاۋابىدىن ۋاڭ تېخىمۇ تۇرۇپ قېلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ يەردە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغان تېررورچىلار كۆپ بولغان ئىكەن. ھازىر ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپتىمىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ بالىلىرى يىغنىۋېلىنىپ، مۇشۇنداق يەرلەردە تەربىيەلەپ، بىزدەك جۇڭخۇا مىللىتىدىن بولۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئوقۇتۇلۇۋاتقان ئىكەن. شۇڭا ھۆكۈمەت مەخسۇس سىياسەت چىقىرىپ، بىزگە ئۇنى ئۆزلىرى تۇغقان قىلىڭلار! دەپ تەكلىپ بېرىشكەن ئىش بۇ، ئەگەر ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان بولسا، ئۇلاردەك تېررورچى بولۇپ چوڭ بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپقۇ؟ بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان بولغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بىزدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بولۇشى مۇمكىن! بولغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە چاتىقىمىز، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوقتۇر، چۈنكى بىز مايىلانى بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلىپ كېتىمىز، نۇرغۇن خەنزۇلار شۇنداق قىلىپتىمىش، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى!

ئۇزۇن قۇلاق ئايالىنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالغان ۋاڭ خۇددى يېڭىدىن بىر ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، ئايالىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ماھىرەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ روھى ھالىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەمدىلا 4 ياشقا كىرگەن سەبىي قىز ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى ئويلاشنى بىلمىسە كېرەك! بىر خىل غەمسىز ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاڭنىڭ ماھىرەنىڭ گۈزەل

چېھرىگە قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىپ كەتتى-دە، ماھىرە ھەققىدە شەيتان ئاربلاش خىياللارنى قىلىشقان باشلىدى: «ناۋادا مەن ئۇنى بېقىۋېلىشقا كۆندۈرۈپ ئېلىپ كەتسەم قالتىس ئىش بولغان بولاتتى. مەن ئۇنى ئۇ يەردە بېقىپ چوڭ قىلىپ، مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئۆزىمىزدەك ئەجدىھا نەسلىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىمەن، ۋاقتى كەلسە ئۇنى چوڭ ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىپ، ئۇلاردىن نەپ ئېلىپ چوڭ بايلاردىن بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن، ۋاقتى كېلىپ، ئەگەر ئايالىم قېرىپ كەتسە، مەن ئۇنى خالىغانچە ئۆزۈم ئۈچۈن پايدىلانسامۇ بولىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا قارشى چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ ناۋادا ئۇ قارشى چىقىپ قالىدىغان بولسا، ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، تۈرمىگە سولىتىۋەتسەممۇ بولىدىغۇ، ياكى بولمىسا يەر ئاستى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئىت-كۈچۈكنىڭ ئورنىدا خارلاپ، باققان ھەققىمنى چىقىرىۋالامدىم؟ ئۇنى كىممۇ ئىزدەپ، سۈرۈشتە قىلىپ كېلەتتى؟

ئۇ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئۆزىچە غەلىتە ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى بەكمۇ غەلىتە بولۇپ، قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ، خۇددى ئاپتاپتا قالغان كەسلەنچۈكنىڭ كۆزىدەك يۇمۇلۇپ قالغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا سەپ سالغان كىشى ئۇنى، بۇ بىر ئادەممىدۇ ياكى ئادەم سىياقىدىكى ئالۋاستىمىدۇ؟ — دەپ قالاتتى.

ئۇ ئايالىنىڭ: ھەي لاۋ ۋاڭ! دەپ ۋارقىرىشى بىلەن خىيالنى يىغىپ، ئۇنىڭغا ئەمدى قانداق قىلىمىز دېگەندەك قىلىپ قارىۋىدى، ئايالىمۇ ئۇنىڭغا: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ باشلىقى ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن سۆزلىشىپ باقمىزمۇ؟ — دېدى مەسلىھەت قىلغاندەك تەلەپپۇزدا،

– ھە–ئە شۇنداق قىلايلى! – دېدى ۋاڭ ھەمدە ماھىرەنىمۇ بىللە ئېلىپ، باللار لاگېرى ئىشخانىسىغا كىرىشتى. ئىشخانىدا ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىر كۆزئەينەكلىك ئايال بىر نەچچە ياشراق تەربىيەچىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ۋاڭ ئۇلارغا خوشامەتلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇپ سۆزنى باشلىدى: بىز مايىلانى بالا قىلىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز، ئۆزىدىن سورىساق، «ئانام» دېگەندىن باشقا گەپنى دېيەلمىدى. ئۇنىڭ ئانىسىدىن سورىشىمىز كېرەكمۇ ياكى سىلەر ئۇنى بىزگە بېرەلەمسىلەر؟

– شۇنداقمۇ؟ دېدى كۆزئەينەكلىك ئايال ئۆزىنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئالدى بىلەن سۆز ئېچىپ، – بۇ نىيىتىڭلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاتا–ئانىسى بۇ يەردە ئەمەس، ئۇلار دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققان جىنايەتچىلەردۇر، دادىسى تۈرمىدە، ئانىسى سىلەرنىڭ ئۆلكىلەردىكى بىر شەھەرگە ئىشچىلىققا ئېلىپ كېتىلگەن. شۇڭىدىن كېيىن مايىلا دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان، ئۇنىڭ ئانىسىدىن سوراشىڭىز ھاجىتى يوق، سىلەر پەقەت بىر پارچە ئىلتىماس يازساڭلارلا بولىدۇ، بىز ئۇنى يۇقىرىغا يوللايمىز، تەستىق كەلگۈچە بىر نەچچە كۈن ساقلىساڭلارلا بولىدۇ، بەلكى ئەتىلا تەستىقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، ئەتە كېلىڭلار! – دېدى كۆزئەينەكلىك بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغاندەك قىزغىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۇ كەلگۈندىلەرنى تالاغىچە بىللە چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى.

شۇ كۈنى ماھىرە قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ چۈشىدە، باشقا بىر يەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئېلىپ كېلىنگەن يەر ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەجدىھا ۋە يىلان–چايانلار ياشايدىغان قورقۇنچلۇق

بىر ماكان ئىدى. ئەجدىھا دېگەن بىر سوْمۇرگۈچى مەخلۇق بولۇپ، ئۇ توختىماي ئىنسانلارنى ئىچىگە دەم تارتىپ سوْمۇرمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ماھىرەمۇ ئۇنىڭ دەم تارتىشى بىلەن ۋارقىرىغانچە ئەجدىھانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى- دە، قورقۇنچتىن تەرلەپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ قويىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى يىغلاپ يېتىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يەنە ئۇخلاپ قالدى.

ماھىرە بۈگۈن بەكمۇ ئۇزاق ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. باشقا باللارنىڭ ھەممىسى كىيىملىرىدىن كىيىشىپ، تاماقلىرىنى يېيىشىپ، دەرسكە چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئويغانمىدى. ماھىرەنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشكەن تەربىيەچىلەر نېمە ئىش بولغاندۇ؟ - دەپ ئەنسىرىشىپ، ئۇنىڭ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار ماھىرەنىڭ تېخىچە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئەييا، ئەييا، ماھىرە ئورنۇڭدىن تۇرمامسەن؟ كەچ بولۇپ كەتتى، سەپەرگە تەييارلىق قىلمساڭ بولمايدۇ-دەپ ئۇنى ئويغىتىپ، بىللە ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىشتى.

نېمىشقىكىن؟ ئۇلار بۈگۈن ماھىرەگە سىلىق سىپايە مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ماھىرەنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن كۆزئەينەكلىك مۇدىر قولىدىكى ئوقۇۋاتقان قەغىزىنى توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ھېجىيىپ قاراپ مۇنداق دېدى:

- ھە! مايىلا سېنى تەبرىكلەيمەن، سېنىڭ ئەمدى ئاتا- ئاناڭ بولىدىغان بولدى، سېنى ۋاڭ ئەپەندىنىڭ بېقىۋېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. سەن ئەمدى ھەشەمەتلىك چوڭ شەھەرگە بېرىپ ياشايدىغان بولدۇڭ، بۇنىڭدىن خوش بولمامسەن؟ - دەپ، ئۇنىڭغا سىڭا كۆزىدە قاراپ قويدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماھىرە ئۆزىنىڭ

باشقىلارغا بالىلىقنى بېرىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەندى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭغا دەرھال نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىر خىل كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، بۇ ئىشقا رازىلىق بىلدۈرمەيۋاتقاندەك ئىپادە چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغاندەك ئىدى.

– ھە، گەپ قىلمامسەن؟ بۇنىڭدىن خوش بولمىدىڭمۇ؟

– دەپ، ئۇنى گەپ قىلىشقا قىستىدى كۆزئەينەكلىك مۇدىر، ماھىرە يەنىلا بىر نەرسە دېيەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئاندا ئۇنىڭ كاللىسىدا رېفلېكسلىنىپ قالغان «ئانا» دېگەن بىر سادا يادىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم «ئانا» دېگەن بۇ گەپنى ناھايىتى تەسلىكتە ختاي تىلىدا دېدى:

– مېنىڭ ئانام ؟

– ئانام دەمسەن؟ ئاناڭ نەدە، بىلەمسەن؟

– ياق، بىلمەيمەن

– سېنىڭ ئاناڭ يوق، ئۇ سېنى تاشلىۋېتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ سېنى ئەمدى بالام دېيىشكە ھەققى يوق. ئۇ بىر جىنايەتچى، ئۇنىڭ تېخى جىنايىتى تۈگىمىدى. سەن ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ كېرەك! سەن دۆلەت تەرىپىدىن ۋاڭ ئەپەندىگە بالىلىققا بېرىۋېتىلدىڭ، ئەمدى شۇلار سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ بولىدۇ. بىلدىڭمۇ؟

– بىلدىم.-دېدى ماھىرە ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىشىدى، كۆزئەينەكلىك چىقىپ كېتىپ، ۋاڭ دېگەن كەلگۈندىنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ئىشخانىدا تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان ماھىرەنى كۆرۈپ، يەنە چىرايىغا ھەييارلارچە كۈلكە يۈگۈرتۈپ: مايىلا، مايىلا! سەن ياخشىمۇ؟ بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز. ئەمدى سەن بىزنىڭ بالىمىز

بولىدۇڭ، ئەتە خېنەنگە يولغا چىقىمىز، ئۇ يەر بەك چىرايلىق، ساڭا بىز جىق ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىمىز، بولامدۇ؟ – دېدى. ئۇ خىيالىدا ماھىرە دەرھال ماقۇل دەيدۇ! –دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ماھىرە ئۇنىڭغا دەماللىققا: « ھە، ماقۇل ياكى ياق! » دەپ جاۋاب بەرمەستىن يەنىلا تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋەردى. بۇنى كۆرگەن كۆزئەينەكلىك خۇددى بىر نېمىدىن خاپا بولغاندەك ۋاڭغا قاراپ كوتۇلداشقا باشلىدى:

– ۋاڭ ئەپەندى، ئەنسىرىمەڭ! بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ دېگەن دۆلەتكە تەۋە بالا، مانا سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىز تەستىقلىنىپ كەلدى.–دېدى ئۇنىڭغا بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسىتىپ، – بۇنىڭغا ئىمزا قويسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

– بولىدۇ، بولىدۇ مۇدىر، مەن ھازىرلا ئىمزا قوياي دەپ، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ قەغەزگە ئىمزا قويدى ۋاڭ.

شۇ ئارىدا ماھىرەگە مەسئۇل بولغان تەربىيەچى كىرىپ، بىر كىچىك چامادا نىنى ماھىرەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، خۇددى مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدىن غالىب كەلگەندەك قىياپەتتە:

– مايىلا خوش ئەمىسە، بۇ ئاتا–ئانىڭ بىلەن يولغا چىق! ئۇلار ياخشى كىشىلەر، ئەندىشە قىلما! ئۇلار سېنى ياخشى باقىدۇ.–دەپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ كۆزئەينەكلىك مۇدىر بىلەن خوشلىشىپ، ماھىرەنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئاتالمىش پەرىشتىلەر باشچىسى (بالىلار لاگېرى) دىن ئايرىلىپ، يۈرتى خېنەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

(4)

مارىيەم ئىچكىرىدىكى بۇ زاۋۇتقا ئىككى يىللىق مەجبۇرىي ئىشلەمچىلىككە ئېلىپ كېلىنىپ ۋاقتىنى تۆگەتكەن بولسىمۇ،

ئەمما، ئۇنىڭ ئىشلەش مۇددىتى يەنە ئىككى يىللىق ئۇزارتىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىككى يىللىق ئىشلەش مۇددىتى ناھايىتى ئېغىر دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ ئۆزىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن قىزىنى خىيال قىلىپ، ئىش ۋاقتىدا نۇرغۇن قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزدى. نۇرغۇن قېتىم ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا چىقالمىدى. ئۇنىڭ نېرۋىسى قاتتىق چارچاپ كەتكەن، بەدىنى بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شىركەتتىكى ئىش ئورنىدا نەچچە ئون قېتىم جازالاندى، خارلاندى، داۋالىتىلماي كېسەل ھالدا تاشلاپ قويۇلدى. ئىنتايىن تۆۋەن ئۆلچەمدىكى ئىش ھەققىمۇ بېرىلمىدى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ بىر كۈن ئاغرىپ، بىر كۈن ئىشلەپ، بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ قېلىپ يۈرۈپ ئاخىرقى ئىككى يىللىق ئىشلەش مۇددىتىنىمۇ تولۇگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مەجبۇرىي ئىشلەش مۇددىتى قايتا ئۇزارتىلمىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە ئاياللار بىلەن بىللە يۇرتىغا كېتىش رۇخسىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ئىدى. « ئاغرىپ قېلىپ ئىشنى ئاقساتتى» دېگەن باھانە بىلەن نەچچە ئايلىق مائاشى تۇتۇپ قېلىنغان ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ: « زاۋۇت خوجايىنلىرىغا يالۋۇرۇپ، قەرز ئالسام قانداق بولار؟ »– دەپ ئويلىدى– يۇ، دەرھال بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. ئۇ بۇ ئىنسابسىز مەخلۇقلارغا يېلىنىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆز قېرىنداشلىرى ئەسقاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر ئىشچىلار بىر–بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، ئاز–ئازدىن پۇل چىقىرىشىپ، قەشقەرگىچە بارىدىغان پويىز بېلىتىنى ئېلىپ بېرىشتى. قولىغا يەنە ئازراق پۇلمۇ تۇتقۇزۇپ، ئاتايىن پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان تاكسىنىمۇ كىرالاپ، يولغا سېلىپ قويۇشتى.

مارىيەم پويىز بىلەن ئىككى كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلدى-دە، يېنىدىكى ئاشقان پۇلىغا: « قىزىمغا» دەپ بىر تال قونچاق سېتىۋېلىپ، يېڭىشەھەرگە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۆيىگىمۇ بارماستىن ئۇدۇل ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، قىزىنى سۈرۈشتۈردى. ئاھالىلەر كومىتېتىكى خادىملار ئۇنىڭ دەپ بەرگەن ماھىرە ئىسىملىك قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى كومپيۇتېردىن تاپالمىدى. چۈنكى، ئاتالمىش: «پەرىشتىلەر باغچىسى» دىكى بالىلارنىڭ ئىسمى خىتايچە ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولۇپ، بالىلار لاگېرىدىكى كومپيۇتېردا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنىڭ «ماھىرە» دېگەن ئېسىمگە ئاغزى كەلمەيتتى. شۇڭا ماھىرەنىڭ ئىسمى «مايىلا» دېيىلمىسە، ئۇنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مارىيەم نەچچە ئون قېتىم كېلىپمۇ، يىغلاپ-يېلىنىپمۇ، ئۇلارغا ماھىرە دېگەن ئىسىملىك قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپقۇزالمىدى.



مارىيەم قىزىنى ئىزدەش نىيىتىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىدى، ئۇ ئەمدى ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ قىزىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ قىزىنى ساقچىلارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، ساقچى تارماقلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، يىغلاپ-يالۋۇرۇپ قىزىنى سۈرۈشتۈردى. ساقچى ئىدارىلىرىدە ئاندا-ساندا ئۇيغۇر خادىملىرىمۇ ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇ بىر ئۇيغۇر ساقچىغا يىغلاپ دېگۈدەك يالۋۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئۇ ساقچى ماھىرەنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇغۇلغان دوختۇرخانىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ قىزىنىڭ ناھىيەلىك «بىرىنچى پەرىشتىلەر باغچىسى» دىكى «مايىلا» ئىسىملىك قىزنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مارىيەم ساقچىدىن بۇ ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ناھىيەلىك

«بىرىنچى پەرىشتىلەر باغچىسى» غا بېرىپ، قىزىنىڭ ئىسمىنىڭ مايىلا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىش ھەمدە مەكتەپ يېشىغا توشقاندا قايتۇرۇپ ئېلىپكېتىش ئارزۇسى بارلىقى ئېيتىپ، قەتئىي چەك تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇلار ئاخىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. «پەرىشتىلەر باغچىسى» نىڭ كۆزئەينەكلىك مۇدىرى مارىيەمگە ئالىيىپ تۇرۇپ قاراپ مۇنداق دېدى: سېنىڭ قىزىڭ مايىلا ئۆزىنىڭ قوشۇلۇشى، دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خېنەن ئۆلكىسىدىن كەلگەن قوشماق تۇغقىنى ۋاڭ ئائىلىسىگە باللىققا بېرىۋېتىلدى. بۇ ئىشنى بىز دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى «مىللەتلەر بىر–بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى قۇرۇپ چىقىش» سىياسىتىگە ئاساسەن ئېلىپ باردۇق. سەن ئەمدى قىزىڭنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكىن، ئۇنى ئىزدەپ يۈرمىگىن! ئەگەر سەن قىزىمنى «ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دەيدىكەنسەن، دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققان بولىسەن. ئۇ چاغدا سەن يەنە جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالىسەن. سېنىڭ تەلپىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ.



مارىيەم «پەرىشتىلەر باغچىسى» مۇدىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق غەزەپ ۋە نەپرەتكە تولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ھەسرەت ئىچىدە داغلانغان باغرىنى يېرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى، نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئۇ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاران تەستە: ئۇ مېنىڭ قىزىم، مەن ئۇنى تۇغقان ئانىسى، مەن ئۇنى... دېيەلىدى. بەلكى ئۇ: «مەن قىزىمنى باشقىلارغا باللىققا بەرمەيمەن، ئۇنى ئۆزۈم باقىمەن» دېيىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغىدى، ئەمما ئۇ دۆلەت، سىياسەت دېگەن گەپلەردىن بىر

ئـاز قورقىدىغـان بولـۇپ قالغانـدەك قىلاتتـى. ئـۇ ئـاران تەسـتە كـۆز يېشـىنى توختىتىـپ، دۆلەتنىـڭ ۋەھشـىي سىياسـەتلىرىنى ئىجرا قىلىدىغـان بىـر ئـورگان بولغـان ئـۇ ئاتالمىش «پەرىشـتىلەر باغچىسـى» دىـن ئۈمىدسـىز ھالـدا يېنىـپ چىقتـى.

مارىيـەم قەتئىـي ھالـدا قىزىنـى ئىـزدەپ تېپىـش قارارىغـا كەلگـەن ئىـدى. ئـۇ ئۆزىنىـڭ تونۇش ــ بىلىـش ۋە تۇغقانلىرىغـا دەردى ئەھۋالىـنى ئېيتىۋىـدى، ئۇلارنىـڭ بەزىلـىرى ئۇنىڭغـا نەسـىھەت قىلىـپ، بـۇ ئىشـنى بولـدى قىلىشـنى، مىلياردلىغـان ئـادەم ياشـايدىغان ئـۇ خىتـاي ئۆلكىلىرىدىـن ئـادەم ئىزدەشـنىڭ خـۇددى دېڭىزدىـن يىڭنـە ئىزدىگەنـدەك بىـر ئىـش بولىدىغانلىقىنـى، ھازىرچـە سـەۋر قىلىـپ تۇرۇشـى كېرەكلىكىنـى ئېيتىـپ، كەلگۈسـىدە قىزىنىـڭ بەلكـى ئۇنـى ئىـزدەپ كېلىـپ قېلىشـى مۇمكىنلىكىنـى ئېيتىشـتى. بەزىلـىرى بولسـا ئۇنـى قوللاپ ــ قۇۋۋەتلـەپ ئۇنىـڭ بـۇ ئىرادىسـىگە مەدھىيەلـەر ئوقـۇپ، ئۇنىڭغـا بىرئازدىـن پـۇل قـەرز بېرىـپ تـۇردى. مارىيـەم يىغىلغـان پۇللارغـا بىلـەت ئېلىۋىـدى، ئۇنىـڭ قولىغـا يەنـە بىـر ئـاز يولـدا خىراجـەت قىلىدىغـان پۇلمـۇ ئاشـتى. ئـۇ شـۇنىڭ بىلـەن قىزىنـى ئىـزدەش سـەپىرى ئۈچـۈن يولغـا چىقتـى.



مارىيـەم ئىككـى كېچە ــ كۈنـدۈز يـول يـۈرۈپ، ئـۇ ئـۆزى ئىلگـىرى تۇرغـان شـەھەرگە يېتىـپ كەلـدى. ئـۇ ئىلگـىرى مەجبۇرىـي ئىشـلەمچىلىككە كەلگـەن بـۇ شـەھەرنى ئانچـە ــ مۇنچـە ئايلىنىـپ باققـان ئىـدى. ئـۇ مۇشـۇ شـەھەردە ئاشـخانا ئاچقـان بىرنەچچـە ئۇيغۇرنىـڭ بارلىقىنـى ئاڭلىغـان ئىـدى. ئـۇ خىتـاي تىلىنىمـۇ خېلـى ئوبـدان ئۆگىنىـپ قالغـان بولغاچقـا بىـر نەچچـە كـۈن سۈرۈشـتۈرۈپلا بىر ئۇيغـۇر ئاشخانىسـىنى تېپىۋالدى. ئۇنىـڭ تەلىيىگـە خوجايىـن يىگىتمـۇ قەشـقەردىن بولـۇپ، ئۇنىـڭ ئەھۋالىنـى ئاڭلىغاندىـن كېيىـن، ئۇنـى ئاشخانىسـىغا ۋاقىتلىـق ئىشـچىلىققا قوبـۇل قىلىشـنى خالايدىغانلىقىنـى بىلـدۈرۈپ، ئۇنـى

بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەن ئىدى. خوجايىن يىگىت يەنە مارىيەمگە تۇرىدىغان ئۆيمۇ كىرالاپ بەردى.

«ئۆزى چاققان ھەممىگە ياققان» دېگەندەك مارىيەمنىڭ ئىشچانلىقى، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغانلىقى خوجايىنغا بەكمۇ يېقىپ قالغانىدى. ئۇ ئاشخانىدا قاچا-قۇچا يۇيۇشتىن تارتىپ، سەي-كۆكتات توغراش، ھەتتا لەڭمەننىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇپ تەييارلاشقىچە بولغان ھەممە ئىشنى قىلىپ، خوجايىن بالىنى بەكمۇ رازى قىلىۋەتتى. ئۇزاق قالماي مارىيەم قىزنى ئىزدەشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدى. ئۇ خوجايىن بىلەن سۆزلىشىپ ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىشقا كېلىشىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇ دۈشەنبە كۈنى تاللىغان ئىدى. ئۇ ھەر دۈشەنبە كۈنى پۈتۈن رايونلارغا بېرىپ مەكتەپ مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا كۆزىتىش ئېلىپ باراتتى. بالىلار دەرستىن چىققان، مەكتەپتىن ئائىلىسىگە قايتىدىغان ۋاقىتتا توغرىلاپ، نۇرغۇن بالىلارنى كۆزىتىپ چىقتى. ئەمما، قىزى ماھىرەنى زادىلا ئۇچرىتالمىدى.

ئۇ بىر نەچچە يىلنى مۇشۇ شەھەردە قىزنى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ شەھەردىكى مەلۇم بىر مەكتەپتىن قايتىۋاتقان بالىلار ئىچىدىن ئۇيغۇرغىلا ئوخشايدىغان بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى، ئۇ قىز قەتئىي چۈشەنمىدى، ئەمما ئۇ قىز مارىيەمگە خىتايچە جاۋاب بېرىپ: مېنىڭ ئىسمىم: «خا نى پا»- دېدى. دېمەك، بۇ ھەنپە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مارىيەم ئۇنىڭدىن: ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكى، ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، قەيەردە ئوقۇيدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار سوئاللارنى سورىۋىدى، ئۇ قىز: جاڭ فامىلىلىك بىرسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ، دەسلەپتە ئۇنى تاغام، ئارقىدىن دادام

دەپ جاۋاب بەردى. ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە بولسا: مەن بۇنى بىلمەيمەن.-دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن يىقىن ئەتراپتىكى بىر بىنانى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ شۇ يەردە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى-دە، يىقىنلا يەردىكى بىكەتكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈرگەنچە كېتىپ قالدى.

مارىيەم قىزى ماھىرەنى ئىزدەش نىيىتىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىدى. ئۇ بۇ شەھەردە قىزىنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئىشلەۋاتقان ئاشخانىدىكى خوجايىن بىلەن كېلىشىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بۇ ئۆلكىدىكى يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەلدى. مارىيەم ئۇ شەھەرگە كېلىپلا خوجايىن بىلەن تونۇشتۇرۇپ بەرگەن ئادرېسقا بېرىپ، بىر ئاشخانىنى تاپتى-دە، ئۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بىلەن كېلىشىپ، بۇ يەردە ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ خوجايىن ياشمۇ ئەسلى يۇرتى قەشقەردىن بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى خوجايىنىدەك ھېسداشلىق قىلىپ، تۇرىدىغان يېرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مارىيەم ئاشخانىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن يەنە بۇ خوجايىن بىلەنمۇ كېلىشىپ، ھەر دۈشەنبە كۈنىنى دەم ئېلىش ئۈچۈن تاللىۋالدى.

بىر دۈشەنبە كۈنى ئىدى. مارىيەم مەكتەپلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەرستىن چىقىپ، ئائىلىسىگە قايتىۋاتقان باللارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ قېتىممۇ يەنە مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ ئالدىدا تەخمىنەن 14-13 ياشلاردىكى، ئۇيغۇر چىراي بىر قىزنى ئۇچۇرتۇپ قالدى-دە، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ قىزى ماھىرە بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇ ئۈمىدتە قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ياخشىمۇسىز؟ دەپ گەپ قىلىۋىدى، قىز بىر ئاز تۇرۇپ كېتىپ، ئۇيغۇرچە: — يا كې شي يەنى ياخشى.-دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىن مارىيەم ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى، ئۇ قىز: سابىلا

دەپ جاۋاب بەردى. مارىيەم يەنە: سىز نەدىن كەلگەن؟ ئاتا ــ ئانىڭىز كىم؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ كېيىنكى ئۇيغۇرچە سوئاللارنى ئاڭقىرالماي قالدى، مارىيەم دەرھال خىتايچە سورىۋىدى، ئۇ قىز: «كوئېرلا» دەپ جاۋاب بەردى. ئاتا ــ ئانىڭىز نەدە دەپ سورىۋىدى، ئۇ قىز: يوق، بىلمەيمەن! دەپ، خىتايچە جاۋاب بەردى. بۇ يەردە نەدە تۇرىسىز؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ قىز: ياتاق تاغامنىڭ ئۆيىدە. ــ دەپ جاۋاب بەردى. دېمەك، بەلكى بۇ قىز بىر ئاز چوڭ ياشلاردا قوشماق تۇغقىنىغا بېرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىنى تېخى تولۇق ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مارىيەمگە تېخىمۇ زور ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۆز قىزىنى ھامان بىر كۈنى تاپالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئارتقان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىلى تەخمىنەن ئون يىلغا يېقىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇنداق ئويلايتتى: «قىزىم بۇ يىل ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئەقلىنى تېپىپ، ئۆز ئەجدادى ۋە نەسلىنى تونۇيدىغان چاغلارغا كېلىپ قالدى. ناۋادا مەن ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام، مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىمەن، بەلكىم ئۇ، ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن! ئەمما مەن ئۇنىڭغا خىتاي تىلىدا سۆزلەپ چۈشەندۈرىمەن. ئەگەر ئۇنىڭغا خىتاي تىلىدىمۇ چۈشەندۈرەلمىسەم، يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىمەن! تومۇرۇمنى تېشىپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن قېنىمنى سىلىشتۇرىمەن، دەريا كەبى كۆز يېشىمنى تۆكۈپ، يۈز ــ كۆزىگە سۈركەپ، ئۇنىڭ ئەسلى سېزىمىنى ئويغىتىمەن، ئۇ شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ماڭا قۇچاق ئېچىشى مۇمكىن! مەن ئۇنى قۇچاقلاپ قانغۇچە سۆيۈۋالىمەن، ئۇنى يۇرتىمىزغا ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئۆي ــ ئوچاقلىق قىلىمەن، مېنىڭ نەۋرە ــ چەۋرىلىرىم بولىدۇ!

مېنىڭ نەسلىم قۇرۇپ كەتمەيدۇ، ناۋادا قولغا ئېلىنىپ كەتكەن ئاتىسى ھايات بولسا، ئۇمۇ بىر كۈنى تۈرمىدىن چىقىدۇ. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىمىز! »

ئۇ ئەمدى بۇ شەھەردىن باشقا بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ، قىزىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ ئەجداتلىرىمىزغا ئۇدۇم بولۇپ قالغان، ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاز 3 قېتىم قىلىپ باقىدىغان: «مەرتەم مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن تەمسىلگە ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوجايىن بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئۆلكىدىكى يەنە بىر چوڭ شەھەرگە يۆتكەلدى.

مارىيەم ئىلگىرىكى خوجايىنىنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن، مۇشۇ يەردىمۇ يەنە بىر ئۇيغۇر خوجايىننى تېپىپ، بىر ئاشخانىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلىشىۋالدى، خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا ئۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل ياخشى ئىشلەپ، مۇقىم ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، خوجايىن بىلەن كېلىشىپ يەنە ھەر دۈشەنبە كۈنىنى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ تاللىۋالدى. ئۇ يەنە ھەر دۈشەنبە كۈنى كېلىپ يول-يوللارغا، مەكتەپ-مەكتەپلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىغا توغرىلاپ قىزىنى ئىزدەشنى باشلىدى. بۇ ئىزدەشنى ئۇدا بىرقانچە ئاي داۋاملاشتۇرغان بىر كۈنى بىر مەكتەپنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى. توساتتىن بىرسى ئاۋۇ تەرەپكە قارا دېگەندەك قىلىپ قالدى. ئۇ دەرھال يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قارىۋىدى، يولدا كېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر چىراي قىز كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ قىز مارىيەمگە خۇددى ئۆز قىزى ماھىرەدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجاندا: «ماھىرە، سىز مېنىڭ قىزىم ماھىرە شۇمۇ؟ »-دەپ توۋلاپ كەتتى. ئەمما ئۇ قىز ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. مارىيەم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە توۋلاپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، كېيىنكى قېتىم خىتايچە: «

مايىلا» دەپ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم تووۋلىۋىدى، ئۇ قىز شاپپىدە بۇرۇلۇپ بىر قانچە قېتىم ئارقىسىغا قارىدى، مارىيەم ئۇ قىزنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيۇۋاتاتتى، ئۇ قىز ئۇنىڭ قىزى ماھىرە ئىدى. مارىيەم دەرھاللا يولنى توغرا كېسىپ ئۆتەلمەي قالدى. كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. ئۇ تەخمىنەن 200 مېتىر نېرىدىكى پىيادىلەر ئۆتۈشمىسىگە بېرىپ بولغۇچە ئۇ قىز بېكەتتە توختىغان بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېتىپ قالدى. مارىيەم يولدىن ئۆتۈپ بولغۇچە ئاپتوبۇس خېلى ئۇزاق يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ ئاپتوبۇسقا يېتىشمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما ئۇ ئاپتوبۇس بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

مارىيەم چەكسىز ھاياجانغا تولغان ئىدى. ئۇنىڭچە، ئۇ قىز چوقۇم ئۇنىڭ يوقتىپ قويغان قىزى ماھىرە ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى، ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىپ، يۇرتىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى.

ئۇنىڭ يەنە ئاشخانىدا ئىشلەشكە مەيلى قالمىغانىدى. ئۇ ئاشخانا خوجايىنى بىلەن گەپلىشىپ، ئىشتىن ئايرىلىپ چىقتى-دە، ھەر كۈنى ئۇ مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىزى ماھىرەنى ئىزدىدى. بۈگۈن ئۇ يەنە ھېلىقى كۈنى ماھىرەنى ئۇچراتقان مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ: «ماھىرەنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ؟ » دەپ ئويلاپ، تۈنۈگۈنكى تەرەپتە ئەمەس، ئەكسىنچە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ ساقلاپ تۇرۇۋىدى، دېگەندەك ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشكەن ۋاقتتا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن ئۇ قىزمۇ كۆرۈندى. ئۇ يات مىللەت قىزلىرىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ كەلگەن بوتا كۆزى، قاڭشارلىق بۇرۇنى، ئۇزۇنچاق ھەم سۈپسۈزۈك

چىرايىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

مارىيەمنىڭ ھاياجاندىن يۈرەكلىرى سوقۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قىزىغا قارىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ئۇ دەرھال شۇنداق قارارنى كەسكىنلىك بىلەن چىقاردى. ئۇ قىز ئۇنىڭ يوقۇتۇپ قويغان قىزى ماھىرە ئىدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ يەنە قىزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى بىلەن: «ماھىرە» دەپ تووۋلىۋىدى، ئۇ ئانىسى تەرەپكە قەتئىي قاراپمۇ قويمىدى. ئەكسىنچە بۆگۈن ئۇ يولنىڭ مارىيەم تۇرۇۋاتقان قارشىسىغا ئۆتمەستىن، مەكتەپتىن چىققان تەرەپ بىلەنلا ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۆگۈن باشقا تەرەپ بىلەن ماڭماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مارىيەم ئەمدى ئۇنىڭ خىتايچە ئىسمى بىلەن: «مايلا» دەپ توۋلاپ بېقىۋىدى، ئۇنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئۇ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن بولۇپ، بېكەتكە يېقىنلا يەردىكى يەنە بىر ئۆتۈشمىگە كېلىپ بولغان ئىدى. ئالدىدىكى ئۆتۈشمىگە كىرىپ بولغان مارىيەم ئارقىغا قاراپ ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ، يان يولغا يېنىپ چىقىپ ئالدىغا قارىۋىدى، قىز ئالدى تەرەپتىن ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتاتتى. مارىيەم شۇ قەدەر ئىتتىك يۈگۈردىكى يولدىكى بىرنەچچە كىشىنى ئۈرۈۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئاران تەستە ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى لىقمۇلىق ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ قىز چىققان ئالدى ئىشىك تەرەپكە ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ شۇنداقتىمۇ قىستىلىپ يۈرۈپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر كېلىۋالدى. بۇ جەرياندا نەچچە كىشى ئۇنى تىللاپمۇ كېتىشتى. ئەمما ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ يەنە ئالدىغا بىر ئاز قىستىلىپ مېڭىۋىدى،

ئاپتوبۇسنىڭ چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقان ماھىرەنىڭ باش قىسمىنى ئېنىقلا كۆردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز قىزى ماھىرە ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى قىزنى چاقىرىپ دەپ تۇرۇشىغا ئاپتوبۇس توختاپ، ئۇ قىزنىڭ چۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىغا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇۋلاشتىن توختاپ، ئۇ بار كۈچى بىلەن ئالدىغا سىلجىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئادەم بولۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋالدى. ئەمما قىز بىردەمدىلا غايىب بولغان ئىدى.

مارىيەم دەسلەپ قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تەمتىرەپ، تۇرۇپ قالدى-يۇ، ئاندىن يا تەۋەككۇل دەپ، يولنىڭ ئۆزى قارىغان ئالدى ئوڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تەخمىنەن بىر چاقىرىمدەك يۈگۈرگەندىن كېيىن يېقىنلا يەردىن يەنە ماھىرەنى كۆردى. قىز يان تەرەپتىكى بىر بىنانىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى قىزنى تۇۋلاپ چاقىراي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ قىز بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مارىيەم بولسا ئۇنىڭ خىتايچە ئىسمى بىلەن: « مايىلا، مايىلا» دەپ بىر نەچچە قېتىم تۇۋلاپ باقتى. ئەمما ماھىرەنىڭ ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. يول ياقىسىدا تۇرۇپ: ماھىرە قايسى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندۇ؟ – دەپ، چىراغ يېقىقلىق دېرىزىلەرگە قاراپ خېلى ئۇزاققىچە تۇردى. بىر ۋاقىتتا ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ياش بىر قىزنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈندى. ئۇ قىز دېرىزىدىن چىقىپ سىرتقا قارارمۇ؟ – دەپ بىردەم قاراپ تۇرۇۋىدى، ئەمما قىز دېرىزىسىنى ئاچمىدى. ئەمما دېرىزىدىن گۈلگە سۇ قۇيغاندەك بىر خىل كۆرۈنۈش پەيدا بولۇپ، كېيىن قىز يەنە غايىب بولدى. ئېنىقكى، بۇ كۆلەڭگە ئۇنىڭ قىزى ماھىرەنىڭ كۆلەڭگىسى ئىدى.

مارىيەم قىزى ماھىرەنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى بىلىۋالغاندىن

كېيىــن خــۇددى گۆھــەر تېپىۋالغانــدەك بەكمــۇ خۇشــال بولــۇپ كەتكــەن ئىــدى. ئــۇ خىيالــدا ئۆزىگــە شــۇنداق ســوئاللارنى قويــۇپ، يەنــە ئــۆزى جــاۋاب بېرەتتــى: «بــۇ مايــلا كىمــۇ؟ – ئــۇ چوقــۇم مېنىــڭ قىزىــم ماھىــرە. ئــۇ ئۆزىنىــڭ بىــر ئۇيغــۇر قىــزى ئىكەنلىكىنــى ئۇنتــۇپ كەتكــەن بولۇشــى مۇمكىنمــىدۇ؟ – يــاق مۇمكىــن ئەمــەس، چۈنكــى ئۇنىــڭ تومۇرىــدا ئېقىۋاتقــان مېنىــڭ قېنىــم – ئۇيغۇرنىــڭ قېنــى. ئــۇ ئــۆز ئانىســىنى تونۇيالامــدۇ؟ باغرىغــا باســارمۇ؟ چوقــۇم تونۇيــدۇ ۋە باغرىغــا باســىدۇ. چۈنكــى، ئۇنىڭــدا ئــۆز ئانىســىنىڭ مەڭگــۈ يوقالمايدىغــان ھىــدى بــار! ئــۇ ئــۆز يۇرتىمىزغــا مــەن بىلــەن بىللــە كېتىشكە ئۇنارمــۇ؟ – چوقــۇم ئۇنايــدۇ، چۈنكــى، ئۇنىــڭ كىندىــك قېنــى ئاشــۇ ئانــا تۇپراققــا تۆكۈلگــەن. ئاشــۇ ئەزىــز تۇپراقنىــڭ تۇز–تەمىنــى تېتىغــان. ئــۇ ئــۆز ئانىســىنى كەچۈرەرمــۇ؟ –چوقــۇم كەچۈرىــدۇ. چۈنكــى، مــەن ئۇنــى باشــقىلارغا خــالاپ بېرىۋەتمىدىــم. ئــۇلار مەجبۇرىــي ئېلىــپ كېتىشــكەن».

مارىيــەم ئــۇ يــەردە بىرنەچچــە ســائەت تۇرغاندىــن كېيىــن ئۆيىگــە قايتىــپ كەلگــەن ئىــدى. ئــۇ باياتىــن بېــرى قىلغــان خىيالىدىكــى ســوئاللارغا بەرگــەن جاۋابلىرىدىــن ئۆزىچــە مەمنــۇن بولــدى–دە، ئەمــدى ئۇنــى مەكتەپكــە بېرىــپ ئىزدەيمــۇ ياكــى ئۆيىنىــڭ ئالدىغــا بېرىــپ ئىزدەيمــۇ؟ دەپ ئويــلاپ، ئاخىرىــدا ئۇنــى ئۆيىنىــڭ ئالدىغــا بېرىــپ ئىزدەشــنى قــارار قىلــدى. ئــۇ ئارقــا– ئارقىدىــن بىــر نەچچــە كــۈن ماھىــرە تۇرىدىغــان بىنانىــڭ ئالدىغا كەلــدى. قانچــە ســائەتلەپ ســاقلاپ تــۇردى، ئەممــا ماھىرەنــى ئۇچرىتالمايۋاتاتتــى. ئــۇ مەكتەپتىــن چۈشــۈش ۋاقتىنــى توغــرا مۆلچەرلىيەلمىدىمــۇ قانــداق؟ – دەپ ئويــلاپ، مەكتەپكىمــۇ بېرىــپ باقتــى. ئــۇ ۋاقتىنــى توغــرا مۆلچەرلىگــەن ئىــدى. ئــۇ ئۆزىگــە ئىشــىنىپ، ھــەر كۈنــى ئوخشــاش ۋاقىتتــا كېلىــۋەردى. توســاتتىن ئــۇ كۆڭلىــدە: ماھىــرە ئاغرىــپ قالغانمــىدۇ؟ ياكــى

بىرەر پېشكەللىككە يولۇققانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپمۇ كەتكەن ئىدى. ئۇ ماھىرەنى ئىزدەپ كەلگەن تۆتىنچى كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ قىز بىر قېرى خىتاي بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسىلا قولىغا قارا لاتا باغلىۋالغان بولۇپ، ماتەم تۇتۇۋاتقان ھازىدارلاردەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. مارىيەم ئۇنىڭ ئىسمىنى يەنە چاقىرىپ توۋلاشنى ئويلىدى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىكى قېرى خىتاينىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دالدىغا ئېلىپ، ئۇلارنى كۆزەتتى. مارىيەم ئۇلارنىڭ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىلىشقان: «بابا» دېگەن گەپلىرىدىن ئاڭلاپ بىلدىكى، ئۇ قېرى خىتاي قىزنىڭ بېقىۋالغان دادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ئۆلگەن ئىدى.

بۇ ئەھۋالدىن مارىيەمنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمدى بۇ ئۆيدە ئايال كىشى يوق بولۇپ، بويىغا يېتىپ قالاي دېگەن قىزى ماھىرە يات بىر ئەر كىشى بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى قەتئىي كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭچە، ئەمدى بۇ ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. ئۇ ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن بىر چارە قىلىپ، قىزى بىلەن تونۇشۇشى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولماقتا ئىدى. ئۇ يەنە بىرنەچچە كۈن ئارقا-ئارقىدىن كەچ بولۇشىنى ساقلىماستىن، بالدۇرلا قىزى ماھىرە تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمما مەكتەپكە كېلىپ كېتىۋاتقان باللارمۇ، ماھىرەمۇ يوللاردا كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا، سەككىزىنچى ئاي كىرگەنلىكتىن ئوقۇغۇچىلار تەتىلگە قويۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ-بۇ يولدىن قەتئىي چېكىنمەيدىغانلىقىنى ئۆزىگە ئۆزى قەسەم قىلغاندەك ئىرادىگە كەلگەن ئىدى. ھەر كۈنى

ماھىرە تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىنا ئىشىكىگە قاراپ تۇردى. بىر كۈنى ئۇ ماھىرە خىتايچە: «بابا» دېگەن قېرى چىقىپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن نۇرغۇن سودا سېتىقلىرىنى قىلىپ، يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ قېرى خىتاي سەي-كۆكتاتلار بىلەن بىللە ھاراق-تاماكا دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مارىيەم بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. ناۋادا ئۇ قېرى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندا، قىزىمغا ناشايان چاقچاق قىلىپ قالارمۇ؟ نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا پوخۇرلۇق قىلىپ سالارمۇ؟ ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىشنى ياخشى تەرەپكە ئويلاش ئادىتى بويىچە ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس! دەپ ئويلىدى-دە، ئۇ يەرگە كېلىپ ماراپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. بىر كۈنى ماھىرە ئۆزى يالغۇز بىنادىن چىقتى. ئۇ خۇددى بىر نەرسىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، ئىتتىك، ئىتتىك مېڭىپ كېتىپ باراتتى. مارىيەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، قىزىم نەگە باراركىن؟ -دەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. قىز يېقىن ئەتراپتىكى بىر دۇكانغا كىرىپ كېتىپ، سەي-كۆكتات، چوڭلار ئىستېمال قىلىدىغان ھاراق-تاماكا دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ ماڭدى. مارىيەم يەنە ئارىلىق قالدۇرغان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئىشىك ئالدىغىچە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. قىز ئىشىكنى ئېچىپ، ئەمدى كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ: مايىلا-دەپ چاقىردى. قىز شۇ ھامان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئانىسى مارىيەمگە قاراپ خىتاي تىلىدا: سىز كىم بولىسىز؟ -دەپ سورىدى. مارىيەم ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىپ: گېپىنى تاپالمىغاندەك كېكەچلەپ كېتىپ: ئاۋۋال ئۇيغۇرچە: مەن، مەن مارىيەم، دەپ توختاپ قالدى-دە، ئارقىدىن خىتايچە: مەن ئۇيغۇر

مىللىتىدىن، مەن سىزنىڭ ئانىڭىز بولىمەن.-دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ماھىرە بىردەم تۇرۇپ كېتىپ: مېنىڭ ئانام يوق، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن دېدى-دە، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. مارىيەم بولسا ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: مايىلا، مايىلا سىز مېنىڭ قىزىم.-دەپ، ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچىنى توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ئىشىك بىنالاردىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، مۇڭلۇق بىر مۇزىكىدەك ئەتراپقا تارقىماقتا ئىدى.

مارىيەم ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن گەپلىشىۋالغان ئىدى. بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد شامىنى يالجىتماقتا ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇ مۇنداق ئويلاردا بولماقتا ئىدى: « مەن ئەمدى قىزىمنى تاپتىم. ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇمۇ مېنى كۆردى. گەرچە ئۇ ئۆز ئانىسىنى تېخى تونۇمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تومۇرىدا مېنىڭ قېنىم ئاقماقتا، مەن بەرگەن سۈت تەمى تېخى يوقاپ كەتكىنى يوق. ئۇنىڭ بەدىنىگە سىڭىپ كەتكەن ئانا ھىدى تېخى پۈرىقىنى يوقاتقىنى يوق، شۇڭا ئۇ مېنى چوقۇم تونۇيالايدۇ. مەن ئۇنىڭ مېنى تونۇپ: ئانا دەپ چاقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. »

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۈمىدى نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ بۈگۈن بالدۇرلا ئۆيىدىن چىقىپ، ماھىرە ئولتۇرغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىنى يىراقتىن تۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ نەچچە سائەت كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما ماھىرە سىرتقا چىقمىدى. ئۇ: «بۈگۈن قىزىمنى كۆرەلمىگۈدەكمەن» دەپ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قايتىپ كېتەي دەپ تۇرۇۋىدى، توساتتىن بىنانىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ھېلىقى كۈنى ماھىرە بىلەن بىللە بۇ بىناغا كىرىپ كەتكەن قېرى كىشى چىقىپ، يەنە

ھېلىقى كۈنى بارغان ماگىزىن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مارىيەم: ئۇنىڭ زادى نەگە بېرىپ؟ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ قېرى كىشى يەنە ئالدىنقى كۈنى سودىلىق قىلغان ماگىزىنغا بېرىپ، سەي-كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن باشقا، خېلى جىقلا شىشىلىك ھاراقلارنىمۇ سېتىۋالدى. مارىيەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئۆيىگە كىرىپ كەتكۈچە ئەگىشىپ كەلدى. مارىيەم: قايتىپ كېتەي دەپ ئويلىدى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ نېمىشقىكىن بۇگۈن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىڭ كۆڭلى تارتمايۋاتاتتى. ئۇ: «بۇ قېرى كىشى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا، بەلكى قىزىمغا يامانلىق قىلىپ قالارمۇ؟ » دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىپ بولسىمۇ، قىزنى قوغداش ئۈچۈن تەييار ئىدى. ئۇ شۇ خىيال ۋە ئەندىشە ئىچىدە يەنە بىر قانچە سائەت بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يولنىڭ ياقىسىدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاراپ تۇردى. نېمىشقىكىن، بۇگۈن بۇ ئۆينىڭ چىرىغى خېلى ئۇزاققىچە ئۆچمەيۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۆيدىن قىزنىڭ چىرقىرىغانىدەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مارىيەم بىردىنلا جىددىيلىشىپ يەنە بىر ئاز ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىدى، تۇساتتىن بىنانىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قىز ناھايىتىمۇ تېزلىكتە قېچىپ چىقىۋاتتى. ئارقىدىن ھېلىقى قېرى كىشى ئۇنى قوغلاپ: مايىلا، مايىلا، تىڭ جى لا ۋو ئەي نى (ماھىرە توختا، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن) دەۋاتاتتى. ماھىر بولسا: جې شى بۇ كې نېڭ، شۇ شۇ، بۇ كې نىڭ (بۇ مۇمكىن ئەمەس، تاغا، مۇمكىن ئەمەس! ) دەپ ئالدىغا قاراپ قېچىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، يولدا بۇ قېرى ئىشەكنىڭ ئالدىنى توسىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايۋاتاتتى. ئۇلار قوغلىشىپ

ئۈزاققا كېتىۋاتاتتى. مارىيەم بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈردى. ئۇزاق قالماي ئۇ قېرى ئېشەك ماھىرەگە يېتىشىۋالدى-دە، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئالدىغا تارتىپ قۇچاقلىماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا مارىيەممۇ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى-دە، جېنىنىڭ بارىچە: تارت قولۇڭنى ئەبلەخ، بۇ مېنىڭ قىزىم، ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن! - دەپ ختايچىلا ۋارقىرىۋەتتى. مارىيەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قېرى كىشى ماھىرەنى قويۇپ قويۇپ، ئەمدى مارىيەمگە يېپىشىۋالدى ۋە:
مېنىڭ قىزىم دەيسەنغۇ؟ بۇ سېنىڭ قانداق قىزىڭ بولسۇن؟ ئۇ مېنىڭ قىزىم، مەن ئۇنى تۆت يېشىدا شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىپ، بېقىۋالغان ئىدىم. ماڭا ئۇنى دۆلەت بەرگەن. مېنىڭ ھەممە ئىسپاتلىرىم بار. مارىيەممۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ بىلەن زاكونلىششقا باشلىدى:

-ئۇ دۆلەت بەرگەنگىلا سېنىڭ قىزىڭ بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنى مەن تۇغقان، ئۇنىڭ تومۇرىدا مېنىڭ قېنىم ئېقىۋاتىدۇ. دۆلەت ماڭا ئۆز ۋاقتىدا قىزىڭنى باشقىلارغا بېقىۋېلىشقا بېرەمسەن بەرمەمسەن؟ -دەپ سورىمىغان، ئەگەر شۇنداق سورىغان بولسا، مەن قوشۇلمىغان بولاتتىم. شۇڭا بۇ بىر توغرا بولمىغان ئىشتۇر. قانۇنسىزلىقتۇر. قىزىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر؟

- ياق، بەرمەيمەن! يوقال بۇ يەردىن.

- سەن يوقال، مېنىڭ قىزىمدا سېنىڭ ھەققىڭ يوق، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر؟

- بەرمەيمەن دېدىم، بەرمەيمەن! بۇ مېنىڭ قانۇنلۇق بېقىۋالغان قىزىم.

- قايتۇرۇپ بېرىسەن! بۇ ئىش قانۇنلۇق بولمىغان، مېنىڭ رازىلىقىم ئېلىنمىغان، ئۇستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن.

— مارىيەمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان قېرى ئەبلەخ بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن، يەنە شۇنداق سورىدى:

—سەن نەدىن كەلدىڭ؟ سەن شىنجاڭلىقمۇ؟

— ھە، مەن شىنجاڭلىق، قەشقەردىن.

ماھىرەنى سەن تۇغقانمۇ؟ قېنى ئىسپاتىڭ بولسا كۆرسەت! بولمىسا، سېنى ھازىر ساقچى چاقىرتىپ، تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن.

— قېنى چاقىر، مەن قورقۇپ قالمايمەن، مېنىڭ ئىسپاتىم بار، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى مېنىڭ قېنىمدۇر. ئۇنىڭ قېنى مېنىڭ ئىسپاتىم بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇ قېرى ئېشەك مارىيەمگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈزىنى تاتىلاپ، مۇجۇشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ماھىرە ئاللىقاچان ئۇز ئانىسى مارىيەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ باياتىن بېرى دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا ئېغىز ئېچىپ: مەن زادى كىمنىڭ قىزى؟ مەن زادى كىمنىڭ قىزى؟ سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئاناممۇ؟ ئۇنداق بولسا مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ، مېنى بۇ قېرى ھاراقكەشنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويماڭ! مەن ھەقىقىي ئانامنىڭ يېنىدا ياشاشنى خالايمەن! —دەپ توۋلاشقا باشلىغانىدى.

ئانا—بالا ئىككىسىنىڭ بىر بولۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن ۋاڭ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن: مايلا، سەن مېنىڭ قىزىم، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن بۇ يەردىن كەتمە! — دەپ ۋارقىرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مارىيەمگە قاراپ: يوقال بۇ يەردىن، يوقال! پاسكىنا شىنجاڭلىق، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن، ھازىرلا ساقچى چاقىرىمەن! —دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى. بۇ

ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ساقچىغا مەلۇم قىلدى بولغاي، ھايال ئۆتمەي سىگنالنى ھۇقۇيتۇپ، بىر نەچچە ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى-دە، ئۇلارنى ماشىنىلىرىغا بېسىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ساقچىلار ئۇلارنى سوراق قىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىچىدە، بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. ۋاڭ بولسا: مەن ئۇنى دۆلەتنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىپ بېقىۋالغان، ئۇ مېنىڭ قىزىم.- دەيتتى. مارىيەم بولسا: مەن بۇ قىزىمنى شىنجاڭنىڭ قەشقەر دېگەن يېرىدە، مانچىنچى يىلى، مانچىنچى ئاينىڭ، مانچىنچى كۈنى تۇغقان، كېيىن مەن ئىشلەش ئۈچۈن سىلەرنىڭ بۇ ئۆلكىگە ئەۋەتىلدىم. بۇ قىزىم بولسا، قەشقەردىكى بىر «پەرىشتىلەر باغچىسى»دا قېلىپ قالغانىدى. مەن 4 يىلدىن كېيىن ئىشلەش مۇددىتىمنى تولۇقلاپ قايتىپ كەلسەم، قىزىمنى باشقىلارغا بېرىۋېتىپتۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلار مەندىن سورىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولاتتىم، ئەمدى قىزىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار؟ - دەپ، ساقچىلارغا يېلىنىپ يىغلىدى.

قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ساقچىلارنىڭ بۇ ئەھۋالدىن بېشى قېتىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار: مارىيەمگە مەھكەم چاپلىشىۋالغان ماھىرەگە قاراپ ھەيران بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى بۇ تەۋەلىك ماجىراسىنى ئايرىيالمىغان ساقچىلار ماھىرەنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن: بۇلاردىن قايسى سېنىڭ ئاناڭ؟ قايسى داداڭ؟ سەن زادى كىمنىڭ قىزى؟ - دەپ سورىدى. ماھىرە بولسا قىلچە ئىككىلەنمەستىن،-بۇ مېنىڭ ئانام بولىدۇ.-دېدى مارىيەمگە

تېخىمۇ بەك چاپلىشىپ، ئاندىن جىرتاق كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ۋاڭ غا قاراپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ: بۇ مېنىڭ تاغام بولىدۇ. ھاممام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار مېنى كىچىك ۋاقتىمدا بالا قىلىۋالغان ئىكەن. ئەمدى ئۆز ئانام كېلىپتۇ، مېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار!-دېدى.

ماھىرەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان مارىيەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تېز-تېز سوقۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىدى. ئەمما ۋاڭ بولسا ۋارقىراپ-جارقىراپ، ساقچىخانىنى بېشىغا كىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

- ئۇ مېنىڭ قىزىم! ئۇ مېنىڭ قىزىم!. مەن ئۇنى دۆلەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن بېقىۋالغان. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق ئىدى. بۇ ئايال يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن. ئۇنى سولىتىۋېتىمەن. ئۇ بىر دۆلەتكە قارشى جىنايەتچى، ئۇنىڭ بالا بېقىش ھەققى يوق! - دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. 274

ساقچىلارنىڭ نورمال سوراق ۋە گەپ سۆزلەر بىلەن ھېچكىمنى قايىل قىلالمايدىغانلىقى ۋە بۇ مەسىلىنى ئايرىمايدىغانلىقى كۆزى يېتىشتىمۇ قانداق؟ ۋاڭ نى ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە، ئەرز-شىكايىتى بولسا، سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇشقا مىڭ تەستە قايىل قىلىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مارىيەم بىلەن ماھىرەگە قاراپ، سىلەر ھازىرچە تۇتۇپ تۇرىسىلەر! ئەتە-ئۆگۈنگىچە ئېچىلىدىغان سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق سىلەرنىڭ مەسىلەڭلار بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغىچە سىلەر ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرىسىلەر.-دەپ، ئانا-بالا ئىككىسىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە ئېلىپ بېرىپ، سولاپ قويۇشتى.

مارىيەم تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە سولاپ قويۇلغان بولسىمۇ، قىزى ماھىرە يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى

ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى، ئۇ توختىماي قىزىغا قارايتتى. ئۇنى يېنىشلاپ يېنىشلاپ سۆيگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى توختىماي سىلايتتى، ماھىرەمۇ ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايدىغان بولغانىدى. ئەمما ئۇ ئۇيغۇرچىنى تولۇق ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ بولۇپ، مارىيەمنىڭ تولۇق بولمىسىمۇ، خېلى راۋان بولغان خىتايچىسى بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىشىپ، خېلى، خېلى گەپلەرنى قىلىشىۋالدى. مارىيەم ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدىكى بولغان ئىشلارنى، يۇرتى قەشقەرنىڭ نەقەدەر بىر گۈزەل جاي ئىكەنلىكى، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ ئاقكۆڭۈل، ياۋاش، ساددا كىشىلەر ئىكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ھەر كۈنلۈك تاماق ۋاقتىدا قىزىغا تېخىمۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، بېرىلگەن تاماقنىڭ كۆپ قىسمىنى قىزىغا يېگۈزدى. ماھىرە ئەمدى بولسىمۇ ئانىلىق مېھرىنى تېتىماقتا ئىدى.

شۇ ئارىدا بىر كۈنى تۇيۇقسىز ماھىرە ئانىسىدىن ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپ قالدى. مارىيەم قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: قېنى ئولتۇرۇڭ قىزىم، مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە دەپ بېرەي دەپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا گۇناھسىز تۇتۇلغان يولدىشى توغرىسىدا قىزىغا سۆزلەپ بەردى: دادىڭىز بەكمۇ ياخشى ئىنسان ئىدى. مېنى ۋە سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. سىز تۇغۇلغاندا ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئاتايىن سىزنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىڭىز ئۈچۈن قوي سويۇپ ئەكېلىپ، كۈندە شورپا سېلىپ بېرىپ، بىزنى ناھايىتى ياخشى باققان ئىدى. سىزنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ئۇخلىتاتتى. سىزنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم سۆيۈپ قويياتتى. قىزىم چوڭ بولسا ياخشى تەربىيەلەپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەيتتى. ئەمما كېيىن ئۇلار ئۇنى... دەپ، سۆزىنىڭ داۋامىنى دېيەلمەي

توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغۇسى يوق ئىدى. قىزى يەنە مارىيەمدىن: ئانا سىز مېنى ئېلىپ كەتسىڭىز، دادام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مارىيەم بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ، ـ كېلىدۇ قىزىم! ھامان بىر كۈنى كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. بىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن جەم بولۇپ، خۇشال-خۇرام ياشايمىز.- دېدى.

مانا! ھايت-ھۇيت دېگۈچە، ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە قامالغىلى بىر ئايدىن ئېشىپ قالغانىدى. مارىيەم بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساقچىلار ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ: مانا سىلەر توغرۇلۇق بۇ ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئالدىمىزدىكى ھەپتە سىلەرنىڭ «ھەق تەلەپ داۋا» مەسىلەڭلىدىن ئوچۇق سوت بولىدۇ. سىزنىڭ ئادۋوكاتىڭ بارمۇ؟ -دەپ سورىدى. مارىيەم بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ئاندىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك دەرھاللا،- مېنىڭ ئادۋوكاتىم يوق، مەن ئۆزۈمگە ئادۋوكات تۇتۇشنى خالىمايمەن. مەن جىنايەتچى ئەمەس.- دەپ جاۋاب بەردى ۋە ساقچى ئېلىپ كىرگەن قەغەزگە ئىمزا قويۇپ بەردى.

سوت بولىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چارشەنبە كۈنى بولۇپ، مارىيەم قىزى بىلەن بىللە ناشتا قىلىپ بولۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، تەييار بولۇپ تۇرۇشقان ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ساقچى كىرىپ، ئۇلارنى بىر ماشىنىغا ئېلىپ چىقىپ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئۇلارنى چوڭ بىر زالغا ئېلىپ كىردى. زالدا ۋاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادۋوكاتى بولسا كېرەك! يەنە بىر ياش كىشى ئولتۇراتتى. مارىيەم ئانا-بالا ئىككىسى

ساقچىلار كۆرسەتكەن يەردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي سىگنال چېلىنىپ، سوتنىڭ باشلانغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

سوتچىلار بىر ئايال، بىر ئەر كىشى بولۇپ، ئۇلار دىن بىرسى ئاۋۋال ۋاڭغا قاراپ: ئادۋوكاتىڭ كىم؟ – دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ياش كىشىنى كۆرسىتىپ: بۇ مېنىڭ ئادۋوكاتىم بولىدۇ دېدى. ئاندىن يەنە بىر سوتچى مارىيەمگە قاراپ: سېنىڭ ئادۋوكاتىڭ بارمۇ؟ – دەپ سورىغان ئىدى. مارىيەم: ياق، مېنىڭ ئادۋوكاتىم يوق، مەن ئادۋوكات تۇتۇشنى خالىمىدىم.–دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن سوت رەسمىي باشلىنىپ، ئاۋۋال ۋاڭ نىڭ دەۋاگەر سۈپىتىدىكى ئەرزىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ئاندىن مارىيەمنىڭ، ۋاڭنىڭ ئەرز– شىكايىتىگە قارىتا بەرگەن رەددىيە جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ئەمدى سوتچىلار بۇ دېلوغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار ھۆكۈم چىقىرىشقا تايىنىدىغان بىرەر قانۇنى ئاساس تاپالمىغانىدى. چۈنكى، ۋاڭنىڭ قولىدىكى ئىسپاتتا: «مايىلا قوشماق تۇغقىنى ۋاڭ غا بېقىۋېلىشقا بېرىلدى» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى دېيىلمىگەن ئىدى. مارىيەمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسى بولسا: «بۇ قىز مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى مېنىڭ قېنىم، ئۇنى مەن تۇغقان» دېگەنلەر بولۇپ، ئەمما بالىنىڭ تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى قولىدا يوق ئىدى. سوتچىلار ئالدىغا ئۇچرىغان بۇ غەلىتە دېلوغا قارىتا ئۆز ئىچىدە خېلى ئۇزاق مۇزاكىرىلىشىپمۇ، ئۇنىڭغا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرالمىدى. سوتچىلار ئۆز قانۇنىغا تايىنىپ بۇ دېلوغا ھۆكۈم چىقىرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ نارەسىدە قىزنىڭ قارارى بىلەن بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاشتى–دە، ماھىرەدىن: سەن كىمنىڭ بالىسى؟ ساڭا كىمنىڭ ئانا ياكى دادا بولۇشنى خالايسەن؟ كىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى تاللايسەن؟ قېنى بۇنىڭغا جاۋاب بەر؟

– دەپ سورىغان ئىدى. ماھىرە قەتئىيلىك بىلەن: مەن مېنى تۇغقان ئانام بولغان بۇ ئايالنى ئانا دەيمەن، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالايمەن!–دېدى. ئەمما ۋاڭنىڭ ئادۋوكات بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «مايىلا نىڭ ئاتا–ئانىسى يوق ئىدى. بۇ ئايال يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قېنى بىلەن مايىلا نىڭ قېنى قانۇن دوختۇرى تەرىپىدىن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قىزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسۇن، بولمىسا مايىلا يەنىلا ۋاڭ ئەپەندىگە تەۋە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ، مايىلانى دۆلەتنىڭ تەستىقى بويىچە بېقىۋالغان. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاتا–ئانىسى بولسا دۆلەت سىياسىتىگە قارشى چىقىپ، قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەر بولۇپ، شۇڭا دۆلەت مايىلا نى ئۆتكۈزۈۋالغان. بۇ ئايالنىڭ ئۇنى بالام دېيىشكە ھەققى يوق! » دەپ، سوتچىلارغا بۇ دېلونىڭ سىياسىيغا چېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدى. بۇ دېلونىڭ سىياسىيغا چېتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن سوتچىلار تىللىرىنى چاينىشىپ، بىرنېمە دېيەلمەي توختاپ قالدى–دە، بۇ سوتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، دېلونىڭ «ئۆلكىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتى» غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، زالدىن چىقىپ كېتىشتى.

ساقچىلار مارىيەم بىلەن قىزىنى يەنە يالاپ ئېلىپ مېڭىپ، ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە ئېلىپ بېرىپ، سولاپ قويۇشتى.

مارىيەم يەنە تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە قاماپ قويۇلغان بولسىمۇ، قىزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ قىزى ئۈچۈن پۈتۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇ ۋاڭ نىڭ ئادۋوكاتىنىڭ: «ئۇلار جىنايەتچى» دېگىنىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇ: « قىزىم ماھىرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ

قالغانـدۇ؟ » ــ دەپ، ئۇنىڭغـا سـىنچىلاپ قارىـۋىـدى، ئۇنىڭـدا ھېچقانـداق بىـر ياتسـىراش، نەپرەتلىنىـش ئالامىتىنـى كۆرمـىدى. ئـۇ بۇنىڭدىـن تېخىمـۇ بـەك خۇشـاللىقتا چۆمـمەكتە ئـىدى. ئۇ يەنە ئويغا كەتتى: « ئۇنىـڭ ئويىچـە، ماھىـرە ئـۆز ئانىسـىنىڭ ھىدىنـى پۇرىغـان، ئانـا سـۈتىنىڭ ئۇنىـڭ بـوۋاق ۋاقتىدىكـى جىسـمىدا قالغـان قۇۋۋىتـى ئۇنىـڭ ھېس-تۇيغۇسـىنى ئويغاتقـان، ئۇنىـڭ تومۇرىـدا تېپچەكلـەپ ئېقىۋاتقـان قـان ئەسلى كېلىـش مەنبەسـى بىلـەن جىپسىلىشـىپ، ئانـا بىلـەن بالىنىـڭ يۈرىكـى بىر-بىـرى بىلـەن پۈتۈنلەشـكەن بولۇشـى مۇمكىـن ئـىدى. ئۇنداقكـەن، ئـۇ قانداقمـۇ ئۆزىنىـڭ ئانىسـىنى جىنايەتچـى دەپ قارىسـۇن؟ ئۇنىڭدىـن ياتسىرىسـۇن؟ ئانـا مېھرى بـالا ئۈچـۈن مەڭگۈلـۈك ۋە مۇقـەددەس تـەۋەررۈك ئەمەسـمۇ؟ بـۇ ئاللانىـڭ پەرزەنـت قەلبىگە سـالغان ئەبـەدى ۋە يوقالمـاس سـۆيگۈ رىشتىسـى ئىدىغۇ؟»ئـۇ ئۆزىنىـڭ بـۇ تۇيغۇسـىدىن باشـقىچە مەمنـۇن بولماقتـا ئـىدى. ئـۇ قىزىـم قانـداق ئويلاۋاتقانـدۇ؟ ــ دەپ ئۇنىڭغـا قارىۋىـدى، قىـزى ئۇنىڭغـا شـۇ قـەدەر خاتىرجـەم، شـۇ قـەدەر خۇشـال كۆرۈنـدى. ئۇنىـڭ چىرايـى ئىلگىرىكىگـە قارىغانـدا، تېخىمـۇ ئاقىرىـپ، تېخىمـۇ چىرايلىـق بولـۇپ كېتىـپ باراتتـى.

ئـۇلار گەرچـە ۋاقىتلىـق تۇتـۇپ تـۇرۇش مەركىزىـدە تۇتـۇپ تۇرۇلـۇۋاتقـان بولسـىمۇ، شـۇنداق خۇشـال-خۇرام ئۆتمەكتـە ئـىدى. مارىيـەم قىزىغـا ئۆزىنىـڭ نۇرغـۇن خىياللىرىنـى سـۆزلەپ بـەردى. ماھىرەگـە ئانىسـىنىڭ ئېسـىل تاماقلارنـى ئېتەلەيدىغانلىقـى، دوپپا-كەشـتە تىكەلەيدىغانلىقـى قاتارلىـق نۇرغـۇن ئارتۇقچىلىقلىـرى بەكمـۇ ياققـان ئـىدى. ئـۇ ئىلگـىرى ۋاق نىـڭ ئايالـى ھايـات ۋاقتىـدا ئـۇلار بىلـەن ئۇيغـۇر ئاشخانىسـىغا بارغـان بولـۇپ، ئۇنىڭغـا ئۇيغۇرچـە تاماقـلار بەكمـۇ تېتىـپ كەتكـەن ئـىدى. ئـۇ ئانىسـىغا: ئۆزىنىـڭ ئۇيغۇرچـە تاماقلاردىـن لەڭمـەن دېگـەن تاماقنـى بەكمـۇ ياخشـى كۆرىمـەن. يەنـە تېخـى چۆچـۈرە

دېگـەن تاماقمۇ بـەكلا مەززىلـىك ئىكـەن.ــ دەپ ئانىسـىنى بـەكلا خۇشـال قىلىۋەتتـى. قىزىنىـڭ بـۇ گېپىنـى ئاڭلىغـان مارىيـەم يەنـە قىزىغـا مېھرىبانلارچـە قـاراپ: قىزىـم! بىزنىـڭ يەنـە نۇرغـۇن تاماقلىرىمىـز بـار. پولـۇ، كاۋاپ، قـورداق، مانتـا، سامسـا، گـۆش نانـلار تېخىمـۇ مەززىلىـك، مـەن سـىزگە بۇلارنىـڭ ھەممىسـىنى ئېتىشـنى ئۆگىتىـپ قويىمـەن. سـىزگە ھـەر كۈنـى ئـۇ تاماقلاردىـن ئېتىـپ بېرىمـەن!ــ دەپ قىزىنـى بەكمـۇ خۇشـال قىلىۋەتتـى. ئانا ــ بـالا ھـەر ئىككىسـىنىڭ تۇيغۇسـىدا: ئەمـدى ئۇلارنـى ھېچكىممـۇ ئايرىيالمايتتـى.

مانـا ئۇلارنىـڭ تۇتـۇپ تـۇرۇش مەركىزىـدە سىياسـىي قانـۇن كومىتېتىنىـڭ قارارىنـى سـاقلاۋاتقىلى ئىككـى ھەپتىگـە بولـۇپ قالغـان ئىـدى. ئىككـى ھەپتـە توشـقان ئاخىرقـى كۈنـى ساقچىلار بىـر ھۆججەتنـى كۆتـۈرۈپ كىرىـپ، ئانا ــ بـالا ئىككىسـىنى تىـك تۇرغـۇزۇپ قويـۇپ، ھۆججەتنـى ئوقـۇپ بـەردى. ئاندىـن ئۇلارنىـڭ ئالدىغـا قويـۇپ، مەجبۇرىـي ھالـدا ئىمـزا قويـدۇردى. ھۆججەتتـە دېيىلىشـىچە، ئـۇلار: « پارتىيەنىـڭ سىياسـىتىگە قارشـى چىقىـپ، جەمئىيـەت ئامانلىقىغـا تەسـىر يەتكۈزگـەن جىنايەتچـى» دەپ قارىلانغـان بولـۇپ، ئـۇلار يۇرتـى شـىنجاڭدىكى سىياسـىي ــ قانۇن تارمىقىغـا ئۆتكـۈزۈپ بېرىلگـەن ئىـدى. شـۇنداقلا ئۇلارنىـڭ بىـر نەچچـە كۈنىنىـڭ ئىچىـدە يۇرتـى قەشـقەرگە قايتۇرۇلۇشـى قـارار قىلىنغـان ئىـدى.

مارىيـەم سىياسـىي قانـۇن كومىتېتىنىـڭ بـۇ ھۆججىتىنـى ئاڭلىغاندىـن كېيىـن، قىلچىمـۇ مەيۈسـلىنىپ كەتمىـدى. ئەكسـىنچە ئـۇ بەكمـۇ ھاياجانلانماقتـا ئىـدى. ئۇنىڭچـە، ئۆزىنىـڭ يۇرتىغـا قايتۇرۇلۇشـى، بەخت ــ سـائادەتنىڭ يېقىنـلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىـڭ ئالامىتـى ئىـدى. مەيلـى ئـۇ ئـاق بولسـۇن؟ ياكـى قـارا بولسـۇن! ئۇنىـڭ ئۈچـۈن بەرىبىـر ئىـدى. چۈنكـى، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئـۆز يۇرتىغـا قايتىـش ئـۇزۇن يىللىـق ئارزۇسـىنىڭ

رېئاللىقتا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يۇرتى قەشقەرنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: مەن ئەمدى يۇرتۇمغا قايتىپ بارسام، ئىككىنچى باشقىلارنىڭ يۇرتىغا دەسسىمەيمەن، ئۆلسەممۇ، تىرىلسەممۇ ئۆز يۇرتۇمدىن باشقا يەرگە كەتمەيمەن. كىمدە - كىم مېنى يۇرتۇمدىن قوغلايدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن. ئاھ گۈزەل يۇرتۇم - قەشقەر! سەن مېنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدى ماكانىمسەن!-دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

# مەندە مەسىلە يوق



ئۇ بىر تۇتقۇن ئىدى. نېمە سەۋەبتىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تۇتۇلۇپ سولانغاندىن كېيىن سوراقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا قويغان بىرىنچى سوئالى: سەندە مەسىلە بار! مەسىلەڭنى تاپشۇر! ــ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇ بۇنىڭغا قارىتا مېنىڭ مەسىلەم نەدە؟ ــ دەپ قايتۇرۇپ سوئال سورىغان ئىدى. سوراقچىلار ئۇنىڭغا: سېنىڭ مەسىلەڭ بولسا كاللاڭدا!ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ كاللىسى تۇتقۇن قىلىنغاندىن بۇيان بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپمىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم سوراققا ئېلىپ چىقىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ يەنە سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. سوراقچىلار ئۇنى بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت-قولىنى ئورۇندۇقنىڭ يان ۋە ئاستى تەرىپىگە مەھكەم چېتىپ، مىدىر-سىدىر قىلالماس قىلىپ قويغاندىن كېيىن سوراقنى باشلىدى:

ــ مەسىلەڭنى تاپشۇر! ــقايسى مەسىلىنى تاپشۇرىمەن؟ ــدېدى ئۇ سوئالنى سوراقچىلارنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ،

ــ كاللاڭدىكى مەسىلىنى تاپشۇر !

ــ مېنىڭ كاللامدا مەسىلە يوق! دېدى ئۇ مەغرۇر ھالدا،ــ

مەن ھېچقانداق مەسىلە سادىر قىلمىدىم.

– سەن تېخى كاللامدا مەسىلە يوق دەمسەن؟

– ھە، مېنىڭ كاللامدا مەسىلە يوق! –دەپ، قايتا تەكرارلىدى ئۇ. سوراقچىلار ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى:

– ياۋاشلىقچە مەسىلەڭنى تاپشۇر! بولمىسا، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنىڭ مەسىلەڭنى بىردەمدىلا ئېنىقلاپ چىقالايدۇ.

ئۇ بۇ تەھدىتتىن بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى ۋە سوئالنى ئەمدى ئۆزىگە قويدى: راست! ئۇلار: «سەندە مەسىلە بار» دەپ چىڭ تۇرغىنىغا قارىغاندا، مەندە بىرەر مەسىلە بارمۇ قانداق؟ يا ئۆزۈم بىلمەي قالدىممۇ نېمە؟ سەزگۈر سوراقچىلار ئەمدى ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپ: «ھە! ئەمدى ئۇ كاللىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، ئىككى سوراقچى ئىككى تەرەپتىن ئۇنى قاتتىق رېزىنكە كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

– ۋايجان! ۋاييەي، مېنى ئۇرماڭلار! مەن كاللامدىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قوياي! –دەپ تۇۋلاپ كەتتى ئۇ تاياققا چىدىماي.

– ھە، قېنى؟ ئۇنداقتا كاللاڭدىكى مەسىلىنى دېگىن! بىز سېنىڭدە مەسىلە بارلىقىنى بىلىمىز.

– ھە، شۇ كاللامدىكى مەسىلىگە كەلسەك مەن ئۆتكەندە پېنسىيەگە چىققاندا ناماز ئوقاي دەپ ئويلىغان ئىدىم.

– ھە–ئە! مانا ئەمەسمۇ؟ سەن ھامان بىر كۈنى ناماز ئوقۇيمەن! –دەپ ئويلاپتىكەنسەن. بۇنىڭ ئۆزى مەسىلە بولماي نېمە؟

– مەن تېخى قىلمىغان ئىشنى مەسىلە بولىدۇ.–دەپ ئويلىمىغان ئىدىم.

– بولىدۇ، ئەلۋەتتە! مەسىلەن دەيلى: مەن كېيىنچە ياكى ئۇن–يىگىرمە يىلدىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۈرمەن ياكى ئۇلارغا ئەگەشمەيمەن دەپ ئويلىغان بولساڭ بۇ مەسىلە بولامدۇ بولمامدۇ؟ – ئەلۋەتتە بولىدۇ–دە، سەن ئۇنى ئويلىغاندىن كېيىن، چوقۇم ئەمەلىيەتتىمۇ قىلىشىڭ مۇمكىن!

– ياق، ياق! مەن ئۇنداق قىلمايتتىم.

– قىلاتتىڭ!

– قىلمايتتىم!

– قىلاتتىڭ!

– قىلمايتتىم!

شۇ تەرىقىدە ئۇ سوراقچىلار بىلەن خېلى ئۇزاق تالاش–تارتىش قىلىشتى. سوراقچىلار ئۇنىڭغا: « مەندە مەسىلە بار» دېگەننى ئېتىراپ قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى توك كالتىكى بىلەن تازا ھارغۇچە ئۇرۇپ، ئۇ ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن كامېرغا ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇشتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. سوراقچىلار يەنە ئۇنىڭغا: «سەندە مەسىلە بار، مەسىلەڭنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك! »–دېدى. ئۇ:

– مەندە مەسىلە بولمىسا، قايسى مەسىلىنى تاپشۇرۇشۇم كېرەك ئىدى؟ – دەپ سوراقچىلارغا يەنە سوئال قايتۇردى.

سوراقچىلار: سەن ئىلگىرى ھاراق ئىچىپتىكەنسەن، كېيىن ھاراق ئىچىشنى تاشلاپسەن، بۇ سېنىڭ مەسىلەڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇ سوراقچىلارغا:

– ھاراق تاشلىغاننى نېمىشقا مەسىلە دەيسىلەر؟ بۇ مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قىلغان ئىش ئەمەس، دوختۇرلار ماڭا

هاراق تاشلاشنى تەۋسىيە قىلغان دېۋىدى. سوراقچىلار يەنە:

— دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بارمۇ؟ بولسا قېنى؟ —ئۇنى بىزگە كۆرسەت! سەن قۇرۇق باھانە تېپىۋاتىسەن!—دەپ، ئۇنىڭغا يەنە تەھدىت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سوراقچىلارغا:

— دوختۇر ماڭا ئىسپات قىلىپ بەرمىگەن، بەرگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەن بولاتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ كۆنلەردە كېرەك بولۇپ قېلىشىنى مەن بىلەتتىممۇ؟ —دەپ ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىشكە، كاللىسىدا مەسىلە يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. ئەمما سوراقچىلار ئۇنىڭغا يەنە قايىل بولمىدى. ئۇنى خېلى ئۇزاق قىستاپ مەسىلە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، يەنە توك كالتىكى بىلەن بويىنى—باشلىرىغا راسا ئۇرۇپ، ئۇ ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، كامېرغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىشتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ يەنە سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. سوراقچىلار بۇ قېتىم ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن يا ئۆزۈڭدە مەسىلە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىسەن ياكى بولمىسا باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىسەن!—دېدى ۋارقىراپ، ئۇ كىمنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىمەن؟ —دەپ سوئال قايتۇرۇپ سورىۋىدى، سوراقچىلار ئۇنىڭغا:

— كىم بولسا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتا—ئاناڭ، ئايالىڭ، بالاڭ، قوشناڭ، تۇغقىنىڭ، دوستۇڭ، شۇنداقلا سەن تونۇيدىغانلاردىن ھەممىسىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلساڭ بولىدۇ.

— قانداق مەسىلىنى پاش قىلسام بولىدۇ؟ —دېدى ئۇ گاڭگىراپ.

— سەن پاش قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولسا: — ئۇلارنىڭ پارتىيە—ھۆكۈمەتكە، ھازىرقى جەمئىيەتكە بولغان

كـۆز قارىشـى، دىـن ۋە سىياسـەت ھەققـىدە نېمـە دەيدىغانلىقـى يەنـى پارتىيە-ھۆكـۈمـەت ئۈسـتىدىن قانـداق گەپ-سـۆزلەرنى قىلـدى ۋە قىلـدۇ؟ ھازىرقـى جەمئىيەتكـە نارازىلىقـى بارمـۇ-يـوق؟ دىنـى ئېتىقـادى قانـداق؟ كىملـەر بىلـەن باردى-كەلدىسـى بـار؟ دېگەنلەردىـن ئىبـارەت.

بـۇ گەپنـى ئـاڭلاپ ئۈنـىڭ بېشـى قېيىـپ كەتتـى. ئـۇ ھېچكىمنىـڭ پارتىيە-ھۆكـۈمـەت ئۈسـتىدىن بىـر قانـداق غەيرىـي گەپ-سـۆزلەر قىلغانلىقنـى ئاڭلىمىغـان ئىـدى. كىشـىلەرنىڭ جەمئىيـەت ھەققىدىكـى كـۆز قارىشـىنى بىلىشـمۇ ئانچـە ئاسـان ئەمـەس ئىـدى. سىياسـەتنىمۇ ئانچـە بـەك چۈشـىنىپ كەتمەيتتـى. قـۇلاق موللىسـى بولغاچقـا دىـن ھەققـىدە خېلـى ئاڭلىغانلىـرى بـار ئىـدى. ئـۇ سـوراقچىلار دەپ بەرگـەن تەرتىـپ بويىچـە، ئالـدى بىلـەن ئاتا-ئانـام بـۇ جەھەتتـە بىـرەر خاتـا گەپ-سـۆز قىلغـان بولغىيمـىدى؟ -دەپ ئويلىـدى. ئەممـا، ئۈنـىڭ ئېسـىگە ھېچنېمـە كەلمىـدى. ئۈنـىڭ ئاتىسـى كوممۇنىسـتىك پارتىيـە ئەزاسـى بولـۇپ، ھېـچ بىـر زامـان پارتىيە-ھۆكـۈمـەت ئۈسـتىدىن نارازىلىق گـەپ سـۆزلەرنى قىلمايتتـى. ئەكسـىچە، ئـۇ كوممۇنىسـتىك پارتىيەنـى ماختـاپ: «كوممۇنىسـتىك پارتىيـە بـەك ياخشـى، ئـۇلار يومىشـچىك، بـاي دېھقانلارنـىڭ يەرلىرىنـى تارتىۋېلىـپ، بىـز كەمبەغـەل دېھقانلارغـا بۆلـۈپ بەرگـەن. بولمىسـا بىـز يومىشـچىك ۋە بايلارنـىڭ چاكارلىقىدىـن قۇتۇلالمايتتـۇق»- دېگـەن ئىـدى. ئـۇ ئويـلاپ قالـدى: بۇنـى دېسـەم بولارمـۇ؟ -يـاق! بولمىغۇدەك! چۈنكـى، ئاتـام كوممۇنىسـتىك پارتىيەسـى ئۈسـتىدىن ياخشـى گـەپ قىلىپتـۇ. ئـۇ ياخشـى گەپنـى دېسـەم بولمايـدۇ ھـەر قاچـان؟ بـۇ يامـان گـەپ ئەمەسـقۇ؟ ئـۇ ھەرقانچـە ئويلىنىپمـۇ ئاتىسـىنىڭ پارتىيە-ھۆكـۈمـەت ئۈسـتىدىن قىلغـان يامـان گەپلىرىنـى تاپالمـىدى. جەمئىيـەت ھەققىدىمـۇ ئائىلىسـىدە قەتئىـي پـاراڭ بولمايتتـى. دىـن جەھەتتـىن ئېيتقاندىمـۇ؟ - ئۈنـىڭ ئاتىسـى

كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى نامـاز ئوقۇمايتتى ياكى جۈمەگە بارمايتتى.

— نېمىنى دېسەم بولار؟ ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىپ، ئاندىن يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى: بىر قېتىم ئاتىسى ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا يېزىغا ئېلىپ ماڭغاندا، بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن ئىدى. قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈۋېتىپ ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ: بالام ئاۋۇ يەردىكىسى بوۋاڭنىڭ قەبرىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويايلى.—دەپ قولىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ئەمما ئاتىسى ئىچىدە دۇئا قىلغان بولغاچقا قانداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئۇ ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆز قارارىغا كېلىپ: ئەمدى بۇنى دەي، ئۆلۈكلەرگە دۇئا قىلىش يامان ئىش ئەمەسقۇ؟ —دەپ ئويلاپ، سوراقچىلارغا بۇنى مەلۇم قىلىۋىدى، سوراقچىلار ئۇنى خاتىرىلىۋېلىشتى.

ئۇ ئەمدى خىيالىنى ئانىسىغا يۆتكىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق خىيال قىلىپمۇ ئانىسىنىڭ پارتىيە—ھۆكۈمەت ئۈستىدىن بىرەر شىكايەت سۆزى قىلغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئۆيدە بالا بېقىش ۋە تاماق ئېتىشتىن باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ئانىسىنىڭ دېگەن بىر سۆزى يادىغا كەلدى. بىر چاغدا ئانىسى ئاتىسىغا: پارتىيە، پارتىيەلا دەيسىز، پارتىيە ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەك يەنە؟ كېچىسىمۇ ئۆيگە كەلمەي ئىشلەش، تاماقنى ۋاقتىدا يېمەسلىك ياخشى ئىش ئەمەسقۇ؟ سالامەتلىكىڭىزگە زىيانلىق.—دەپ ۋايسىغان ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ گېپى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى: بۇنى دېسەم قانداق بولار؟ «پارتىيە ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەك يەنە» دېگەن ياخشى گەپمىدۇ؟ يامان گەپمىدۇ؟ ئۇ خېلى ئۇزاق خىيال قىلىپمۇ بۇنىڭ قانداق گەپلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىدى—دە، بۇ

گەپنى دېيىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ: ناۋادا بۇ گەپ يامان گەپ بولۇپ قالسا، ئانام جازالىنىپ كېتەرمۇ؟ –دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدى. دېمىسىمۇ، ناۋادا ئۇنىڭ ياشانغان ئانىسى جازالىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ قالسا، قىيىن–قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گەپنى دېيىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ يەنە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ: بالام مەكتەپتىن قېچىپسەن، خۇڭ شىئاۋ بىڭ (كىچىك قىزىل قوغدىغۇچى) لار ئۇنداق قىلسا ياخشى بولمايدۇ. –دېگەن گېپى ئېسىگە كەلدى. ئۇ بۇ گەپ ئۈستىدە يەنە ئويلىنىپ قالدى: ئانام كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلارنى ياخشى دېگەنمىدۇ ياكى يامان دېگەنمىدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغىمۇ ھۆكۈم قىلالمىدى–دە، ئۇنىمۇ دېيىشتىن ۋاز كەچتى.

نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ يەنە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ يەنە بىر ئىشى ئېسىگە كەلدى: ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتى ئىدى. بىر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنىڭغا: بالام تاماق يېيىشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھى راھمانىر رەھىم» دېگىن! بولمىسا قورسىقىڭ تويمايدۇ. –دېگەن ئىدى. بۇ گەپ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بىر قارارغا كېلىپ، ئۇنى سوراقچىلارغا مەلۇم قىلىۋىدى، سوراقچىلار بۇنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشتى.

ئۇ ئاتا–ئانىسى ئۈستىدىن مەسىلە پاش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سوراقچىلارغا: «ئەمدى بولدىمۇ؟ »دېگەندەك قىلىپ قارىۋىدى، سوراقچىلار ئۇنىڭغا:

– داۋام قىل! –دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

– ئەمدى قايسىنى دەيمەن؟ –دەپ بىلمىگەن كىشىدەك بولىۋېلىپ سورىغان ئىدى.

– ئائىلەڭدىكىلەر نېمە تۈگىمىدىغۇ؟ – دەپ جاۋاب

قايتۇرۇشتى سوراقچىلار.

- ھە، شۇنداق! شۇنداق. ئەمدى نۆۋەت ئايالىمغا كېلىپتۇ.-دەپ، ئايالى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: ئۇ ئەمدى نېمە دەردمەن؟ ئايالىم بىر ئائىلە ئايالى تۇرسا، خەت ساۋاتىمۇ بولمىسا؟ ئۇنىڭمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ئاشۇنداق ئويلاپ، ئايالى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەسلىك قارارىغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوراقچىلارغا: مېنىڭ ئايالىم ساۋاتسىز، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ جاۋاب بەردى. سوراقچىلار جاڭگىدە ئۇستەلگە بىرنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىغانچە ۋارقىرىدى:

- ھەي، سەن تېخى ساۋاتسىزلارنى گەپ قىلالمايدۇ؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قارامسەن؟ بىز ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغان نى-نى ساۋاتسىزلارنى ئۇچراتقان. ھەتتا گاس-گاچا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە شەيئىلەر ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىسى بولىدۇ. تونۇشىدىغان، ئارىلىشىدىغان ئادىمى بولىدۇ. ئايالىڭ شۇلار ھەققىدە نېمە بىلىدۇ؟ -شۇنىمۇ بولسا دېيىشىڭ كېرەك!

- ماقۇل، مەن دەي! - دېدى ئۇ زادى بىر نېمە دېمەستىن سوراقچىلاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: ئايالىمنىڭ قوشنا مەھەللىدە بىر تونۇشى بولىدىغان. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئۇ: ئەگەر پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بولمىغان بولسا، مەن يەنە ئىككىنى تۇغۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم! -دەپتۇ.

- ئايالىڭچۇ؟ ئۇنىڭغا قارىتا نېمە دەپتۇ؟

- ئايالىم ئۇنىڭغا: سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن، بىز ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقالمايمىز.-دەپتۇ. سوراقچىلار بۇنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشتى.

نۆۋەت ئەمدى ئۇنىڭ بالىلىرىغا كەلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ قېتىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بالىلىرى تېخى كىچىك بولۇپ، ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئۇ نېمىنى دېسەم بولار؟ –دەپ ئويلاندى: بۇ بالىلار تېخى كىچىك تۇرسا، ئۇلارنىڭ پارتىيە–ھۆكۈمەت ئۈستىدىن گەپ–سۆز قىلىشى، جەمئىيەتكە نارازىلىق پىكىردە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ بىر يىل بۇرۇن ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈلۈش توختىتىلىپ، خىتايچە دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلغاندا قاقشاپ: بۇ ئىش توغرا بولمىدى. بىز تېخى خىتايچىنى ياخشى ئۆگىنىلمىگەن تۇرساق، تۇساتتىنلا خىتايچە دەرس ئوقۇيسىلەر! –دېسە ياخشى بولامدۇ؟ بىز خىتاي تىلىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرەلەمدۇق؟ نېمىشقا ھۆكۈمەت بۇنى ئويلىمايدۇ؟ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭچە، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى قىلىنغان گەپ–سۆزلەر ئىدى. ئەمما شۇ ھامان ئۇ بۇنى ئويلىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ كەتتى:

– ياق، ياق! بۇنى ھەرگىز دېيىشكە بولمايدۇ! چۈنكى، ئۇ بالىلار كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى دەيدىغان بولسام، سوراقچىلار چوقۇم خاتىرىلىۋېلىپ، يۇقىرىغا يوللىشى مۇمكىن! ئاندىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يامان خۇلاسە چىقىرىپ قالسا، ئۇ چاغدا بالىلىرىمنى تېخى كىچىك ئىكەن دېمەستىن، «بالىلار يىغىۋېلىش مەركىزى» گە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟ –دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ خىيالىدىن دەرھال ۋاز كەچتى. ئۇ يەنە ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېخىچە گەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سوراقچى ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى:

–نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، بىر نېمە دېمەمسەن؟

ئۇ شۇ ۋاقىتتىلا ئېسىنى يىغىپ دۇدۇقلاشقا باشلىدى: شۇ، شۇ. مېنىڭ بالىلىرىم تېخى كىچىك. ئۇلار ھېچنېمىنى

چۈشەنمەيدۇ. ــ دېدى.

ــ دۆلەت تىلىنى ياخشى بىلەمدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق قارايدۇ؟ ــ دەپ سورىدى سوراقچىلار ئۇنىڭدىن

ــ هە ــ هە، ياق! تازا ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. مەن ياخشى ئۆگىنىڭلار! ــ دەپ تەربىيە قىلىۋاتىمەن. ئۇلار تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.

ــ بالىلىرىڭ بۇنىڭغا قارىتا بىرەر گەپ سۆز قىلامدىمۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە، نۇرغۇن بالىلار بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپتىمىش.

ــ ياق، ياق! مېنىڭ بالىلىرىم نارازىلىق بىلدۈرمىدى. ئەمما، ماڭا: نېمىشقا بىزنى كىچىكىمىزدىنلا خىتاي تىلى مەكتېپكە بەرمىگەن ئىدىڭ؟ ئەمدى دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز تەس بولىدىغان بولدى. ــ دەپ غودۇڭشىغان ئىدى. مەن ئۇلارغا چىرايلىقچە تەربىيە قىلدىم. ئاخىرىدا ئۇلار تەربىيەمنى قوبۇل قىلدى.

سوراقچىلار بۇنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا داۋام قىل. ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ تەمتىرەپ كېتىپ، قايسىنى دەيمەن ئەمدى دەپ سورىۋىدى، سوراقچىلار:

ــ سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ باردۇ؟ ــ دېدى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ،

ــ هە، بار!

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭنى سۆزلە!

ــ ماقۇل بولىدۇ. مەن سۆزلەي: دېدى ئۇ ۋە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋان قىلدى:

ــ ئاتامنىڭ مۇھەممەتجان ئىسىملىك بىر ئاكىسى بولىدىغان. ئۇ ناماز ئوقۇيتتى، ھەجگە بارغان ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان سوراقچىلار جىددىي تەلەپپۇزدا:

— ھە-ئە! شۇنداقمۇ؟ ئۇ نەدە ئولتۇرىدۇ؟ ئادرېسىنى بىزگە ئېيتقىن! -دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كەتتى.

— ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن،-دېدى ئۇ سوراقچىلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كېتىپ، - باللىرى تېخى ھايات.

— ھە-ئە شۇنداقمۇ، ئۇنىڭ قانچە بالىسى بار؟ باللىرى نەدە تۇرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئىككى بالىسى بار. بىرسىنىڭ ئىسمى سەمەت، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئەمەت. ئىككىلىسى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدۇ.

— بىز ساڭا ئۇلار قايسى مەھەللىدە دەۋاتىمىز.

— بىرسى ئاققۇم مەھەللىسىدە، يەنە بىرسى ئاق ئۆستەڭ مەھەللىسىدە. سوراقچىلار ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ باللىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى يېزىۋېلىشتى-دە، ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى:

— داۋاملاشتۇر!



ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قايسى تەرتىپكە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سوراقچىلاردىن يەنە سورىدى:

— قايسىسىنى دەيمەن؟

— ھە! ئەمدى قوشنىلىرىڭنىڭ مەسلىسىنى پاش قىل! قانچە قوشناڭ بولسا شۇنچىنى پاش قىلىسەن!

— مەن باشقا قوشنىلىرىم بىلەن ئانچە بەك ئارىلىشىپ كەتمەيمەن، پەقەت بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئىككى قوشنىمىزنىلا ياخشى بىلىمەن.

— ھە! ئۇنداق بولسا، شۇلار ھەققىدە بىلىدىغىنىڭنى دېگىن! ئۇ يەنە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، يان قوشنىلىرى بىلەن ياخشى ئۆتىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن سىياسەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ھېچقانداق گەپلەشمەيتتى. چۈنكى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قولۇم-قوشنىلارمۇ بىر-بىرسىگە

ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كېتىشكەن ئىدى. ھەتتا يېقىندىن بۇيان ئۆزئارا كىرىپ چىقىشمايدىغان بولۇپ كېتىشكەن ئىدى.

ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئوڭدىكىدىن باشلايمۇ ياكى سولدىكىدىنمۇ؟ ــ دەپ ئويلىنىپ تۇراتتى. سوراقچىلار، يەنە ۋارقىرىدى: ــ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ــ مەسىلە پاش قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن! ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: ئىلگىرى ئۇلۇغ تەرەپتىكى قوشنىمىز ھەر جۈمە كۈنى شەھەردىكى چوڭ مەسچىتكە جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى باراتتى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۇ جۈمەگە بارمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ: ھازىر ھۆكۈمەت جۈمەگە بارغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇمىش، مەسچىتنىڭ ئالدىغىمۇ كامېرا ئورنىتىپ قويۇپتۇ. كېيىنچە مېنىمۇ «دىنىي ئاشقۇنلار» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، تۇتۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. ــ دېگەن ئىدى.

ــ باشقىچۇ يەنە؟ ــ ئۇنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇن ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ رامىزاندا روزا تۇتامدۇ؟ كېچىلىرى ئۆيىدە چىراغ يېقىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

ــ ياق، كۆرمىدىم.

ــ ئۇ ئىلگىرى تاماكا چېكەمتى؟ ھاراق ئىچەمتى؟

ــ ياق! بىلمەيمەن. ئۇ بىر تىجارەتچى بولغاچقا دائىملا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يۈرەتتى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا «ياسىن شاڭخەي» دەپ، لەقەم قويۇۋالغان ئىدۇق.

ــ ئۇ شاڭخەي توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

ــ ھە، بەزىدە دەپ بېرەتتى.

ــ نېمىنى؟

ــ ئۇ شاڭخەي توغرۇلۇق سۆزلىسە ھەممىمىز ئۇنىڭ

ئاغزىغا قاراپلا قالاتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ شاڭخەيگە كۆپ قېتىم بارغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ: «شاڭخەي دېگەن بەك چوڭ شەھەر، ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، بىز يەنە يۈز يىلدىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيمىز» دەيتتى.

– ئۇ شاڭخەيدە چەتئەللىكلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىپتىمۇ؟ يېنىدا ساقلاۋاتقان ئامېرىكا دوللىرى بارمىكەن؟

– ياق، ئۇنى بىلمىدىم. ئۇ ئەسلىدە ساۋاتسىز ئادەم بولغاچقا، دۆلەت تىلىنىمۇ ئانچە بەك بىلمەيتتى. ئۇ قانداق قىلىپ چەتئەللىكلەر بىلەن كۆرۈشەلىسۇن؟

– بولدى قىل! سورىمىغان گەپنى قىلما! ئۇنىڭ سىياسەت ھەققىدە گەپ قىلىپ باققانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

– ياق، ھازىرغىچە ئاڭلىمىدىم. ئۇ ئادەمنى پۇلدىن باشقىنى تونۇمامدىكىن دەيمەن!



–ھە! شۇنداقمۇ؟ –دېدى سوراقچىلار بىر–بىرسىگە قارىشىپ، ئاندىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋېلىشتى.

: –ھە–ئە! ئەمدى يەنە بىر قوشناڭنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلە!

– ھە، مېنىڭ يەنە بىر قوشنامىمۇ؟ –دەپ، ئۇ گەپ قىلالماي بىردەم تۇرۇپ قالدى–دە، سوراقچىلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

– بىزنىڭ سول تەرەپتىكى قوشنىمىز بولسا بىر ھۈنەرۋەن ئادەم، ئۆزى ياشىنىپ قالدى. سەل تەرساراق، ھەر ۋاقىت شەھەر ئىچىدىكى ئۆزى ئېچىۋالغان دۇكىنىدا ئىشلىگەچكە، بىز بەك ئاز كۆرۈشىمىز، لېكىن خېلى مەرد ئادەم، بىز بىر نەرسە تىكتۈرگىلى ئەكىرسەك، زادىلا پۇل ئالمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

– نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا ئۇستام؟ بۇ سىلىنىڭ ھەققىلىرى ئەمەسمۇ دېسەم. ئۇ:

– ئۇكام قوشىنىدارچىلىق بەك مۇھىم. پۇل دېگەن تېپىلىدۇ. ئەمما، ياخشى قوشنا تېپىلمايدۇ. سىزمۇ بىر كۈنى بىزگە ئەسقېتىپ قالىسىز.–دېگەن ئىدى.

– تولا قۇرۇق گەپنى قوشما! بىز ساڭا ئاساسى نۇقتىدىن گەپ قىل دەۋاتىمىز! ئۇ سىياسەت ۋە ۋەزىيەت ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟ –شۇلارنى دېگىن!

– مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ھازىرغىچە سىياسەت ۋە ۋەزىيەت ھەققىدە قەتئىي گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۆزى ساۋاتسىز بولسا كېرەك.

– دىنىي ئېتىقادى قانداق؟ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

– ئاڭلىشىمچە، بۇرۇن ناماز ئوقۇيدىكەنمىش، ھازىر قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى، بۇ قوشنىمىز ئۆيگە بەك كەچ كېلىدۇ. ئەتىگەندىلا دۇكانغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش، پاراڭلىشىش پۇرسىتىم زادىلا بولمايدۇ. ئاخشاملىرىمۇ بالدۇرلا يېتىۋالىدۇ ئۆيىنىڭ چىرىغىمۇ يانمايدۇ. سوراقچىلار بۇنىمۇ خاتىرىلىۋېلىشتى–دە، ئۇنىڭغا يەنە بۇيرۇق قىلدى:

– داۋام قىل! ئۇ سوراقچىلارنىڭ ھەر قېتىم: « داۋام قىل! » دېگەن گېپىنى ئاڭلىسىلا بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالاتتى. ئەمما سوراقچىلار يەنە ۋارقىرىغاندا بولسا، خۇددى بىر سىلكىنگەندەك ئەسلىگە كېلىپ سۆزىنى باشلايتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى.

– نېمىگە كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرىسەن؟ –داۋاملاشتۇرغىن!

–دەپ بۇيـرۇق قىلـدى سـوراقچىلار ئۇنىڭغـا. ئـۇ يەنـە نەگـە كەلگەنلىكىنـى بىلەلمـەي، سـوراقچىلاردىن قايتـۇرۇپ سـورىدى.

– نەدىن باشلايمەن؟

– دوست ۋە تونۇشلىرىڭدىن باشلا!

–مېنىڭ تونۇشلىرىمغۇ بار، ئەمما بىرمۇ دوستۇم يوق !

– نېمىشـقا دوسـتۇڭ يـوق؟ –دېـدى سـوراقچىلار ھەيـران بولـۇپ،

– ئىلگـىرى مـەن ھـاراق ئىچىدىغـان ۋاقىتلىرىمدا،–دېـدى ئـۇ دۇدۇقـلاپ تۇرۇپ،–خېلـى جىـق ئۇلپەتداشـلىرىم بـار ئىـدى. ھـاراق تاشـلىغاندىن كېيىـن ھەممىسـى مەندىـن قېچىشـتى.

–ئۇندىن باشقا تونۇشلىرىڭغۇ باردۇ؟

– باشـقا تونۇشـلىرىمغۇ بـار، ئەممـا تونۇغانلىقـى ئادەمنىـڭ ئىچكـى سـىرىنى بىلگىلـى بولمايـدۇ–دە؟ –دېـدى ئـۇ تېڭىرقـاپ،

– بىـز سـاڭا ئۇلارنىـڭ ھەممـە ئىچكـى سـىرىنى سـۆزلە دېمىـدۇق، ئـۇلار ھەققـدە باشـقىلاردىن ئاڭلىغىنىڭنـى دېسـەڭمۇ بولـىدۇ.

ئۇنىـڭ بېشـى بـۇ قېتىـم تېخىمـۇ بـەك قېتىـپ كەتتـى. تونۇغانلىقـى ئـادەم ھەققـىدە بىـر نېمـە دېمـەك ئاسـانمۇ؟ ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بۇلارغـا تۇتامغـا چىققـۇدەك بىـر نېمـە تېپىـپ بېرىـش كېـرەك تۇرسـا؟ ئۇنىـڭ ئويلىغانسـېرى بېشـى قايىغانـدەك، ئەتراپـى چۆرگىلەۋاتقانـدەك بولـۇپ، ئاغـزى گەپكـە كەلمەيۋاتاتتـى. ئۇنىـڭ بـۇ ھالىتىنـى كۆرگـەن سـوراقچىلار يەنـە ئۇنىڭغـا ۋارقىرىـدى:

– بولمامسـەن، نېمىگـە قـاراپ تۇرىسـەن؟ يەنـە تايـاق يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ–يـا؟ تېـز بـول! بىزنىـڭ ئارتۇقچـە ۋاقتىمىزنـى ئالمـا! ئۇنىـڭ ئاغـزى ئاخىرى گەپكە كەلدى. دېمىسـىمۇ ئۇ سـوراقچىلارغا بىرەرنىـڭ مەسلىسـىنى پـاش قىلمـاي قۇتۇلالمايتتى.

– مەن دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: – پالانى مەھەللىدىكى، پالانى كىشى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان تونۇشاتتىم. ئۇ ھازىر...

– ھەي، قاپاقباش! كىمگىنى ئەخمەق قىلسەن؟ – دەپ، ۋارقىراپ كەتتى سوراقچىلار ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا.–سەن بىزگە ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكى، قانچە ياشتا ئىكەنلىكى، قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، قانداق چىراي شەكىللىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي دېيىشىڭ كېرەك! بولمىسا بىز ئۇنى نەدىن تاپىمىز؟

– ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلاي. مەن دېگەن ئۇ بالا بىزگە قوشنا بولغان كۆنچى مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەن ئىدۇق. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ ئۇرۇمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپتىمىش، ھازىر ئۇ ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇ يازلىق تەتىلدە كەلگەندە، بىز ئۇچرىشىپ قالغان ئىدۇق.

– سىلەر گەپلەشتىڭلارمۇ، نېمە دېيىشتىڭلار؟

– ھە، گەپلەشتۇق!

– ساڭا ئۇ نېمىلەرنى دېدى؟

ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ دېگىنىنى سوراقچىلارغا ئېيتىشقا باشلىدى:

– ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۇرۇمچى شەھرىدە چوڭ بولغان بىر قىز بىلەن تونۇشۇپتىكەن، كېيىنچە توي قىلىپتۇ. ھازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن. بىرسى قىز، بىرسى ئوغۇل ئىكەن.

– ھەي، تولا ئەزۋەيلىمەي، نەق گەپنى قىل! – دەپ ۋارقىرىدى سوراقچىلار ئۇنىڭغا،–ئۇ قايسى مەكتەپتە

ئىشلەيدۇ؟ قانداق خىزمەت قىلىدىكەن؟ جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى قانداق؟ ۋەزىيەت توغرىسىدا قانداق گەپ-سۆزلەرنى قىلىدىكەن؟ مانا بۇلارنى دېگەن!

- ھە، ماقۇل؟ - دەپ ھودۇقۇش ئىچىدە سۆزىنى باشلىدى ئۇ: ئۇ ماڭا قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بەرمىدى. پەقەت قانداقتۇر بىر مەكتەپتە ئىشلەيمەن دېگىنى ئېسىمدە، مەكتەپنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ۋەزىيەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا مەن بىلەن ھېچقانداق پاراڭ قىلىشمىدى.

- بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

-ئىللا-بىللا راست. ئەگەر ئۇ ماڭا دەپ بەرگەن بولسا، مېنىڭ سىلەرگە دېمەسلىككە ھەددىممۇ؟

-ئۇنداق بولسا ئۆز پەرىزىڭ بويىچە دەپ باق! ئۇنىڭ چىراي-شەكلى زادى قانداقراق ئىدى؟ بۇنىغۇ دەپ بېرەلەرسەن؟

- ھە، ئۇنىڭ چىراي شەكلىنى دەپ بېرەلەيمەن! - ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، يۈز شەكلى سوزۇنچاق، قاڭشارلىق، ساقال-بۇرۇتلۇق، خۇش چاقچاق، دائىملا كۈلۈپ تۇرىدىغان، باشقىلارنى ئۆزىگە ئاسانلا جەلپ قىلىۋالىدىغان ئاجايىپ ئېسىل ئادەم بولۇپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋىسىم كەلگەن ئىدى. سوراقچىلارنىڭ بۇنى ئاڭلاپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

- ھە، مۇنداق دېمەمسەن؟ مۇشۇنداق تەپسىلىي دەپ بەرسەڭ، بىز ئۇنىڭ قىياسەن چىرايىنى كومپيۇتېرغا سايىلەپ ئېلىۋالىمىز-دە، ئۇنى ئىزدەپ تاپماق ئاسان بولىدۇ.

بۇ ئاخىرقى نۆۋەتلىك سوراقتا، سوراقچىلار ئۇنىڭدىن خېلى رازى بولۇپ قالغاندەك ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنى يەنە قايتا

مەسىلە پاش قىلىشقا قىستىمىدى. ھەمدە ئۇنى ئۈرۈپ-تىللاپمۇ كەتمىدى. سوراقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرىدا دېگىنى بولسا: بۇ قېتىم ئىپادەڭ ياخشى بولدى. يەنە ياخشى ئويلان! نېمىنى بىلسەڭ شۇنى پاش قىل! شۇ چاغدا سېنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىڭ بولىدۇ. بولمىسا بۇ يەردە چىرىپ كېتىسەن! -دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئۇ سوراقچىلار چاقىرغان گۇندىپايلار تەرىپىدىن كامېرغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ئۇ كامېرغا كىرىشى بىلەنلا، باشقا تۇتقۇنلار ئۇنىڭ بۇ قېتىم تاياق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى-دە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ سوئال سوراشقا باشلىدى:

- ھەي، سەندە مەسىلە يوق چىقتىمۇ؟ سوراقچىلار سېنىڭدىن بىرەر چاتاق تاپالمىدىمۇ نېمە؟ ئۇ تۇتقۇنلارغا قاراپ مەغرۇرانە قىياپەتتە:

- ھە، مەندە مەسىلە يوق چىقتى، ھاراق تاشلىغانلىقنى قانداقمۇ مەسىلە دېگىلى بولسۇن؟ -دېدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇتقۇنلار بىردىن-بىردىن:

- دېمىسىمۇ توغرا، ئۇنىڭدا مەسىلە بولماسلىقى ئېنىق، ھاراق تاشلىغانلىقمۇ مەسىلە دېگىلى بولامدۇ؟ -دەپ چۇقۇرىشىپ كېتىشتى.

ئۇ ئارقا-ئارقىدىن قىلىنغان دەھشەتلىك سوراقتىن كېيىن، قاتتىق ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن بولۇپ، داق يەردە يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى. چۈشىدە: بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، قەپەسنىڭ ئىچىدە سولاقلىق تۇراتتى. قەپەسنىڭ ئىشىكى سۇۋاركىلاپ ئېتىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قەپەسنىڭ ھەر تەرىپىگە ئۈرۈپ، توختىماي سايراۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېمە دەپ سايراۋاتقانلىقىنى مۇنداق تەخمىن قىلىشقا

بولاتتــى: «مېنــى قويــۇپ بېرىــڭلار! مــەن گۇناھســىز، مەنــدە مەســىلە يــوق!»

# سەبىيلەردە سەۋەنلىك يوق

(بىر سەبىي بالا يالغان سۆزلىيەلمەيدۇ! ـ ئانىلار ئاغزىدىن)

ئاسىيە ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن سەبىي قىز بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېيىلىۋاتقان باللار يەسلىسىگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگىنىگە بىر يىلدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت ھەپتە ئاخىرىدىلا ئائىلىسىگە قايتىپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇ بۇ كۈنلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. قاچانمۇ ھەپتە ئاخىرى بولار؟ -دەپ كۆزى تۆت بولۇپ كېتەتتى.

ئاسىيە ئاپىسىنىڭ ئېتىپ بەرگەن تاماقلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئاپىسىنىڭ چىرايلىق گۈلدەك قىلىپ تۈگۈپ، ئېتىپ بەرگەن چۆچۈرىسىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ توختىماي گەپ قىلىپ بېرىشىنى خالايتتى ۋە زەن سېلىپ ئاڭلايتتى. ئاپىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەكچى بولسا، ئۇيغۇرچە گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. باشتا ئۇيغۇرچە باشلاپ، ئاخىرىنى چۈشۈرەلمەي دۇدۇقلاپ كېتەتتى-دە، خىتايچە سۆزلەپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاپىسى ئۇنىڭ راۋان قىلالمىغان ئۇيغۇرچە ـ خىتايچە ئارىلاش گەپلىرىنىڭ داۋامىغا ماسلىشىپ بېرىپ، قىزىنىڭ مەقسىتىنى دەۋېلىشىغا ياردەم

قىلاتتى. ئۇنىڭدىن قىلچىلىك خاپا بولمايتتى. قىزىمغا نېمە ئامال؟ ــ دەيتتى ئانا ئۆز ــ ئۆزىگە پىچىرلاپ، بۇ «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېيىلگەن يەردە ئانا تىلدا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان تۇرسا، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىشى تەبىئىيغۇ؟ ھەي، تەقدىر ــ قىسمەت! سەن بۇ سەبىيلەرنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەرنى ئېلىپ كېلەرسەن؟

بۈگۈن ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئۇنى كۆيۈمچان ئاتىسى ئۆزى بېرىپ ئېلىپ كەلدى. ئاكىسى مۇھەممەت يىراق يەرگە كېۋەز تېرىش ئەمگىكى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلگەن بولغاچقا، بۇ ھەپتە ئاخىرىدا كېلەلمىگەن ئىدى. ئانىسى ئۇلار كەلگۈچە قىزى ياخشى كۆرىدىغان، چۆچۈرە ئېتىپ تەييار قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئاسىيە ئانىسى ئېتىپ بەرگەن بىر قاچا چۆچۈرىنى ئىچىپ بولۇپ، «يەنە بارمۇ؟ »دېگەندەك قىلىپ ئانىسىغا قارىدى، سەزگۈر ئانا ئۇنىڭغا يەنە بىر قاچا چۆچۈرە ئۇسۇپ بەردى، ئاسىيە يەنە بىر قاچا چۆچۈرەنىمۇ ئىچىۋېتىپ، ئاندىن ئانىسىغا قاراپ پىسسىڭدە بىرنى كۈلۈپ قويدى.

ئاسىيەنىڭ ئانىسىغا دەيدىغان بىر گېپى باردەك قىلاتتى. ئەمما نېمىشقىكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. ئۇنى سەزگەن ئانىسى:

ــ قىزىم! ئەتە نېمە تاماق يېگۈڭىز بار؟ ــ دەپ سورىدى، ئاسىيە:

ــ ئانا، شۇ لا، لە.... لا بىزنىڭ مۇئەللىم ئۇنى: « لاتىياۋزى» دەيدۇ.ــ دېدى.

ــ ھە، بىلدىم قىزىم لەگمەننى دەۋاتامسىز؟ ــ دەپ، قىزىنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىدى، ئاسىيە ھە، شۇ

لەڭمەن دېگەن ھېلىقى ئۇزۇن ئاش دېيەلىدى. ئانىسى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

– قىزىم! سىلەرگە يەسلىدە نېمە تاماق بېرىدۇ؟ –دەپ سورىۋىدى، ئاسىيە: ئۇ يەردە شىفەن (گۇرۇچ شورپىسى) جىڭموما (هورنان) بېرىدۇ. قورسىقىم پەقەت تويمايدۇ.–دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ،

– قىزىم! بۇنىڭغا ھازىرچە چىداپ تۇرۇڭ! ئۇلار نېمە بەرسە شۇنى يەڭ! سىز مەكتەپ يېشىغا توشقاندا بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالىمەن.

– ماقۇل، ئانا.–دېدى ئاسىيە خۇشال بولۇپ، – مېنىڭ ئۇ يەردە پەقەت تۇرغۇم يوق. مۇئەللىملەر مەن سىزگە ئوخشاش تىلدا گەپ قىلسام خاپا بولىدۇ. ئۆتكەندە بىر قىز ئادىشىم ماڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلغان ئىدى. ئۇنى مۇئەللىم تىللاپ يىغلىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا: «يىغلىدىڭ» دەپ، ئىككى كۈن تاماق بەرمىدى. ئاندىن ئۇ قىز ئاغرىپ قالدى.– دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسى قىزىغا: قىزىم! بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، مەيلى كىچىك بولساڭلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقساڭلار بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلمىغانلارنى ئۇ چوڭ، بۇ كىچىككەن دەپ ئولتۇرماي ئاشۇنداق جازالىشىدۇ! شۇڭا قىزىم! سىز ئۇلارنىڭ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىڭ، ھازىر دۆلەت تىلى بىلىش ھەممە كىشىگە مەجبۇرىيەتتۇر. دۆلەت تىلى بىلمىسە جان باققىلى بولمايدۇ.

ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئاسىيە بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى–دە، ئاندىن ئانىسىغا قاراپ:

– ئەمىسە سىلەر نېمىشقا دۆلەت تىلى بىلمەيسىلەر؟

– قىزىم ئۇ زامان بىلەن بۇ زامان ئوخشىمايدۇ. بىز

كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى دېگەن تىللارنىڭ ھەممىسىدە خىزمەت ئىشلىگىلى بولىدىغان، ھېچقانداق بىر تىل چەكلەنمىگەن، مانا ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ.-دېدى ئانا سەبىي قىزغا ئۇ چۈشەنگۈدەك تىل بىلەن، چارىسىز ئانا ئۇنىدىن باشقا يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ كىچىك بىر قىزغا: دەۋر ئۇنداق، سىياسەت مۇنداق دېيەلىسۇنمۇ؟

ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىمۇ توشۇپ قالغان ئىدى. ئاتىسى ئۇنى يەنە يەكشەنبە كۈنى كەچتە باللار يەسلىسىگە ئاپىرىپ قويىدى. بۇ يەسلىگە كەلسىلا ئاسىيەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى. تاماقلىرىنى يېگۈسى كەلمىسىمۇ نائىلاج يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭغا ئۆمۈچۈك پۈتى شەكلىدىكى خىتايچە خەتنى ئۆگىنىشمۇ تەس كېلەتتى. ئۇنى تەلەپپۇز قىلىشمۇ خېلى تەس بولۇپ، بەزى گەپلەرنى بوغۇزىنى قېقىپ تۇرۇپ، تىلىنىڭ ئاستىدىن ئاۋاز چىقارمىسا توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايتتى. بۇ ئۇنىڭغا خۇددى بىر ياسالما گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ بەزىدە: «مەنمۇ ئاتا-ئانام قىلغان گەپلەرنى قىلغان بولسام، باشقا گەپلەرنى ئۆگەنمىگەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ھە! »-دەپ ئويلاپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ، تېخى ئانا تىلى تۈزۈك چىقمىغان باللارغا يات بىر تىلنى ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇش-يېزىشنى مەجبۇرلاش دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر غەلىتە ئەھۋال بولۇپ، بۇ سەبىيلەرنىڭ كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىنى يوققا چىقىرىدىغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۈگۈن خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۆز سىنىپىدىكى ھەممە سەبىيلەرنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، ئىسىم ۋە فامىلە توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى

بىلەن خىتاي مىللىتىنىڭ تۇغۇلغاندا باشقا بىر ئىسىم قويىدىغانلىقى، كېيىن ئۇ بالىلار چوڭ بولغاندا فامىلىسى قوشۇلۇپ، باشقا بىر ئىسىمغا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئاندىن مىللىيلارنىڭ ئىسمى نېمىشقا بەك ئۇزۇن؟ غەلىتە؟ ــ دەپ بىر ئاز چالۋاقىغاندىن كېيىن، ئۈچىلا قىلىپ باللاردىن: ئۇيغۇرلار نېمىشقا فامىلە نامى ئىشلەتمەيدۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىچە، ئەگەر مىللىيلارمۇ فامىلە قوللانغان بولسا، ئىسىملار بۇنداق غەلىتە ئۇزىراپ كەتمىگەن بولاتتى. بىز خەنزۇلارنىڭكىدەك قىسقا بولاتتى.ــ دەپ بىلەرمەنلىك قىلىپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇ ھەر بىر بالىنىڭ ئىسمىنى خىتايچە ئىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتى. نۆۋەت ئاسىيەگە كەلگەندە سېنىڭ ئىسمىڭ خىتايچە تەلەپپۇزدا: «ئا شى يا» بولىدىكەن. ئەمما بۇمۇ ئۇزۇن ئىكەن، سېنى بىز بۇنىڭدىن كېيىن: « ئا شى» دەيلى دەپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، ئاسىيە ئانىسىنىڭ: «ئۇلار بىلەن قارشىلاشماڭ! »دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى.

خىتاي ئوقۇتقۇچى يەنە باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاكا-ھەدىلىرىنىڭ ئىسمىنى سوراپ، بەزىدە يۈز-كۆزلىرىنى چىبەرقۇت لاتىدەك غەلىتە پۈرۈشتۈرسە، بەزىدە مازاق قىلغاندەك كۈلۈپ: بەك ئۇزۇن، بەك غەلىتە ئىكەن، مەن ئۇنى دېيەلمەيمەن، ئەييا! ئەييا! ــ دەپ قوياتتى. ئۇ ئاسىيەگە قاراپ: ئاشى، سېنىڭمۇ ئاكاڭ بار ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى دەپ سورىدى؟ ئاسىيە ئەندىشە ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ: مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئانامدەك ئۇيغۇرچە دېسەم، سىلەر ماڭا خاپا بولامسىلەر؟ ئۇنىڭ ئىسمى: مۇھەممەت، بۇ سىلەرگە غەلىتە بىلىنەمدۇ؟ ــ دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى: ھە، شۇنداق! ئۇنى ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ. بەك غەلىتە ئىكەن،

مەن دېيەلمەيمەن. ئۇنى خىتايچە: «مەي مەي تى» دېگىن! شۇنداق دېسەڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭكىگە ئوخشاش ئىسىم بولىدۇ.ــ دېدى ۋە ئاسىيەگە: «ئۇ نېمە دەركىن؟ » دېگەندەك قىلىپ تىكىلىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭغا بۇ سەبىي قىز نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ: ھە، مەن شۇنداق دەي! ــ دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى يەرگە قارىتىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

ئاسىيە بەش ياشقا كىرىپ، ئۇنىڭ بالىلار يەسلىسىگە يىغىۋېلىنغان ئىككىنچى يىلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋە باشقا بالىلار ئانا تىلىنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇنتۇپ، خىتايچە چۈشىنىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى خىتاي ئوقۇتقۇچى يەنە بالىلارنى يىغىۋېلىپ، خۇددى چوڭ بالىلارغا دەرس ئۆتكەندەك سىياسەت سۆزلەشكە باشلىدى: بىز جۇڭخۇا مىللىتى، ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ــ ئىتتىپاق ياشىشىمىز كېرەك! ھېچكىمنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، جۇڭخۇا مىللىتىگە قارشى تۇرۇشىغا، دىنىي كىتاب ۋە ناماز ئوقۇشىغا، ئۇنى بالىلارغا ئۆگىتىشىگە بولمايدۇ! سىلەرنىڭ ئاتا-ئانائىلار ئۇنداق قىلغان بولسا ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغان بولىدۇ. سىلەر ئۇلارنى پاش قىلىشىڭلار كېرەك! كىم ئۇلارنى پاش قىلمىسا، ئاتا-ئانىسى بىلەن قوشۇپ جازالىنىدۇ.ــ دېدى مۇغەمبەرلەرچە كېرىلىپ، بۇنى ئاڭلىغان بالىلاردىن ھېچقايسى گەپ قىلالماي جىم ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن خىتاي ئوقۇتقۇچى ئاچچىقلانغاندەك چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، بالىلاردىن: بىردىن-بىردىن سوراشقا باشلىدى. بۇنىڭغا بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى: بىلمەيمىز! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەمما قورقۇپ كەتكەن بالىلاردىن بىر نەچچىسى ئۆزى كۆرگەن راست ئەھۋالنى دەپ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيەمۇ بار ئىدى. ئۇ: ئاتىسىنىڭ بىرنەچچە يىل بۇرۇن ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، تاماقتىن كېيىن

308

دۇئا قىلغانلىقىنى پاش قىلدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن:

– سەنمۇ ئۆگەندىڭمۇ؟ ئاكاڭچۇ؟ –دەپ سورىغان ئىدى. ئاسىيە:

– ئاكام قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەنگەن، ئايەتلىرىنى يادلىغان.–دەپ، راست ئەھۋالنى ئېيتىپ سالدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدىكىلەرنى پاش قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ۋە دېگەن گەپ–سۆزلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالدى.

يەنە ھەپتە ئاخىرى بولۇپ قالغانىدى. ئاسىيە ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىراپ، تەقەززالىق بىلەن ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن، ئانىسى ھاسىراپ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئاسىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانىسى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇزاققىچە سۆيدى ۋە: قىزىم! سىزنى ساقلىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن خاپا بولماڭ، يولنى تاپالماي كەچ قالدىم.–دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئاسىيە بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. ئانىسى ئۇنى كۆرگەندە ھەر قاچان خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ قارشى ئالاتتى. ئەمما بۇ قېتىم نېمە بولغانلىقىنى ئۇمۇ بىلەلمىدى.

ئاسىيە ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيىگە كەلدى. ئۆيدە نە ئاتىسى، نە ئاكىسى كۆرۈنمەيتتى. ئانىسى ئاسىيەگە ئاتىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاسىيەنى گەپكە تۇتۇپ، بولغان–بولمىغان نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەردى. ئاسىيە ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ھە! ھە! –دەپ قاراپ ئولتۇردى. ئەمما تاماق يەپ بولۇپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ئانىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر خىل سۇنۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: ئانا سىزگە نېمە بولدى؟ كۆڭلىڭىز

جايىدا ئەمەسمۇ قانداق؟ نېمىشقا ئاتام كەلمەيدۇ؟ ــ دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى. بىچارە ئانا، ئەمدى راست گەپنى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىزىم: ئاتىڭىز مەكتەپتە ئوقۇغىلى كەتتى. ئاكىڭىزنىڭمۇ مەكتىپى يۆتكەلدى.ــ دېدى.

ــ ئاتاممۇ يەنە مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟ ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىدىغۇ؟

ــ ھازىرقى مەكتىپى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنى «قايتا تەربىيىلەش مەركىزى» دەيدىكەن.

ــئۇ مەكتەپتە ھەپتە ئاخىرى قويۇپ بەرمەمدىكەن؟

ــياق، بالام! قويۇپ بەرمەيدىكەن. بەلكى كېيىنچە قويۇپ بېرىشى مۇمكىن! ئۇ چاغدا ئاتىڭىز قايتىپ كېلىدۇ قىزىم.

ــ ھە، شۇنداقمۇ ئانا؟ ئاتامنى بەك كۆرگۈم كەلدى. كېيىنكى ھەپتىدە كېلەرمۇ؟

ــياق، قىزىم! مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. ئاھالە كومىتېتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىدىيەسى ئۆزگىرىپ بولغاندىن كېيىن كېلەرمىش!

ــ«ئىدىيە» دېگەن نېمە ئانا؟ ــ دەپ سورىدى ئاسىيە ئۇنى چۈشەنمەي،

ــ «ئىدىيە» دېگەن ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئوي- خىياللاردۇر قىزىم.ــدېدى ئانا ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، ئاسىيە ئۆزىنىڭمۇ بەزىدە ئوي- خىياللاردا بولىدىغانلىقىنى ئەسلەپ: ئوي-خىياللارنىڭ نېمىگە زىيىنى بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئوي-خىيال قىلغانلارنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيەسىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ؟ ــ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېگى- تەكتىدە قانداق سىرلىق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھازىرقى ئەقلى بىلەن چۈشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە!

ھەر قېتىمقىدەك بۇ قېتىمقى ھەپتە ئاخىرىمۇ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئانىسى ئاسىيەنى يەنە يەسلىگە ئاپىرىپ قويدى. يەسلىدىكى مەجبۇرىي ئۆگىنىش، بېسىم ۋە خورلۇقلار ئۇنى ناھايىتىمۇ تويدۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى يەنە ئۇنى نەچچە ئون قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئەمما يەنىلا ئاتىسى بىلەن ئاكىسى ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېشى ئالتىگە توشۇپ ئەقلىمۇ بىر ئاز تەرەققىي قىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئانىسىغا:

— ئانا، مېنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭچۇ؟ مېنىڭ ئۇنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى.— دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. نائىلاج قالغان ئانا قىزىغا ۋەدە بېرىپ:

— بولىدۇ قىزىم. ئەتە بېرىپ، بىز ئاتىڭىزنى ئىزدەپ باقايلى.— دەپ، ئۇنى تەسلىكتە ئۇخلىتىپ قويدى.



بىچارە ئانا ئەتىسى قىزىغا ناشتىلىقنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ ئىلگىرى كىشىلەردىن ئاڭلىغان «شەھەرلىك ئىككىنچى تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن يەرگە باردى. ئانا ۋە قىز تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا، قەدىمىنى توختىتىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا ئېگىز تاملىق، يوغان دەرۋازىلىق، تام ئۈستى تىكەنلىك سىم بىلەن ئورالغان، دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پوتەي ئورنىتىلغان بولۇپ، پوتەيدە قورallىق ئەسكەرلەر كۆزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ئاسىيە ئانىسىغا قاراپ: ئانا، بۇ يەر مەكتەپمۇ؟ —دەپ سورىۋىدى، ئانا قىزىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا دەرۋازا ئىچىدىن قوراللىق بىر ئەسكەر چىقىپ ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن:

— نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىشتىڭ؟ —دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

مەزلۇم ئانا نېمە دەپ دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا خىتايچىسى سۇدەك بولۇپ كەتكەن ئاسىيە ئۇ ئەسكەرگە خىتاي تىلىدا:

– مېنىڭ ئاتام بۇ يەردە ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەك بولامدۇ ؟ – دەپ سورىغان ئىدى. ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭغا يەنە قوپاللىق بىلەن:

– ياق، بولمايدۇ! بۇ يەردىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىغا بولمايدۇ. سىرتتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىشتىڭ؟ دەرھال قايتىپ كېتىش! بولمىسا، سىلەرنىمۇ بۇ يەرگە ئەكىرىپ قويىمەن، بۇ يەردىن تىرىكىڭ ئەمەس، ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ. – دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇپ كەتكەن ئانا ۋە بالا ئىككىسى كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئارقىسىغا ياندى. ئۇلار نەگە بېرىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئاسىيەنىڭ ئانىسى كۆڭلىدە: «ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ، دەرد – ئەھۋال ئېيتىپ باقايمۇ؟ » – دېگەننى ئويلىدى – دە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان بىر تونۇشى ئېسىگە كېلىپ، ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇ تونۇشىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ كىشى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا تەنبىھ بېرىپ: بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىككىنچى مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەڭلار! باشقا يەرلەرگىمۇ بېرىپ يۈرمەڭلار! چۈنكى، بۇ پارتىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ئالاھىدە سىياسىتى. ئۇ «قايتا تەربىيەلەش مەكتىپى» دېگەن يەرلەرنى مەخسۇس پارتىيە كومىتېتىدىكىلەر باشقۇرىدۇ. بىز يەرلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. تاكى يولدىشىڭىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى توشقۇزۇپ، ئائىلىڭىزگە قايتۇرۇلغىچە سەۋر قىلىپ كۈتۈشىڭىز كېرەك! بولمىسا سىزنىڭمۇ بېشىڭىز بالاغا قالىدۇ. – دېدى.

ئانىنىڭ بېشىغا خۇددى بىر تاغ يىقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى. ئۇ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ جىم

تۇرۇۋالـدى. ئاندىـن يېنىـدا قىزىنىـڭ يىغلاۋاتقانلىقىنـى كـۆرۈپ، قىزىنـى يېتىلـەپ سـىرتقا ماڭـدى. ئـۇ يولـدا ماڭغـاچ قىزىغـا:

– قىزىـم يىغلىمـاڭ! بولـدى قىلىـڭ! بـۇ ئىشـقا ئىنسـانلاردىن يـاردەم كەلمىگـۈدەك، بىـز ئەمـدى ئۈمىدىمىزنـى ئاللاغـا باغلايلـى! –دېـدى ۋە ئىچىـدە ئاللاغـا مۇراجىئـەت قىلىـپ دۇئـا ئوقـۇدى. مەزلۇملارنىـڭ دۇئـا قىلماقتىـن باشـقا چارىسـى يـوق ئىـدى.



## ئۆسمۈر قاچقۇنىنىڭ ئۆتمۈشى

(ئاتا-ئانام ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمدىن جەمئىي 30 نەچچە كىشى تۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز ئىدى - ئەخمەتجان قاسىم)



ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەتجان قاسىم ئىدى. ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ، مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى (ياپقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئامىن!) نىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاپ قالغىنىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قالمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭمۇ خۇددى مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمدەك پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. ئۇ 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قاچان ۋە نېمە سەۋەبتىن ئايروپىلان قازاسى بىلەن ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. بەلكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ تېخى: « ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگىنى موزاينىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى.

ئەخمەتجان قاسىم تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالى گىرۋىكىگە جايلاشقان شايار ناھىيەسىنىڭ يېڭى مەھەللە يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىدى.

ئۇ كۆپ جانلىق بىر ئائىلىنىڭ تۆتىنچى بالىسى بولۇپ، ئۇلار ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ئون نەچچە كىشى بىر ئائىلىدە ياشايتتى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى دېھقان بولسىمۇ تىرىشچان كىشىلەر بولغاچقا، بالىلىرىنى ئاچ-يالىڭاچ قويماي چوڭ قىلىدۇ ۋە «بالىلىرىم ساۋاتسىز قالمىسۇن؟» دەپ، ھەممە بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. جاپالىق ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ۋە ھاشارلارنى ئۆزلىرى قىلىدۇ. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە بالىلار دېگۈدەك مەكتەپتە ئوقۇپ، تىرىشچان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان ئەخمەتجان قاسىم داۋاملىق ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇپ، ئۆز مىللىتىگە يارامىلىق بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى دەھشەتلىك بورانلىرى بىلەن ئۇچۇرۇپ غايىب قىلىۋەتتى.

ئەخمەتجان قاسىم بۇ يىل ئەمدىلا 18 ياشقا قەدەم قويۇپ، بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ، زاڭاقلىرى توختىماي قىچىشىدىغان، شاش توسۇن ئاتلاردەك قېنى قىزىپ تۇرىدىغان چەبدەس بىر يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى سان چەكلىمىسى، ئىمتىھان نومۇرى تۆۋەن بولۇپ قېلىش دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشماي قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىشى، ئاتا-ئانىسىغا جاپا سالماي، مۇستەقىل ياشاش يولىغا قەدەم تاشلىشى كېرەك ئىدى. بۇنى ئويلىغان ئەخمەتجان قاسىم قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر نەۋرە ئاكىسى ھەسەن سادىقنىڭ يېنىدا ئىشلەپ، ئانچە-مۇنچە كىرىم قىلىپ، ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىغا كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

ئــۇ قۇرۇلــۇش ئىشــىدا بىــر مەزگىــل ئىشــلەپ ئــازراق پــۇل تاپقاندىــن كېيىــن، باشــقا تىجــارەت قىلىشــنى كۆڭلىگــە پۈكــۈپ، ئــۆز كەلگۈســىدىن ئۈمىــدۋار بولــۇپ ياشــىماقتا ئىــدى. ئەممــا نىمىشــقىكىن! بــۇ يىــل شــايار تەۋەســىدە قىــش باشــقىچىلا سوغۇق بولــۇپ كېتىۋاتاتتــى. ئىرىق-ئۆســتەڭلەردە ســۇ مــۇز تۇتــۇپ، دەرەخلەرنــى قىلىــن قــار قاپــلاپ كەتكــەن ئىــدى. كېچىلــىرى شــىۋىرغان چىقىــپ خــۇددى يــاۋا توڭگۇزلارنىــڭ چىرقىرىغانچــە يــاۋاش قــوي پادىلىرىغا ھۇجــۇم قىلىۋاتقــان ۋاقتىدىكىــدەك غەلىتە ئــاۋازلار كېلىــپ، خەلقنــى تەشۋىشــكە ســالماقتا ئىــدى. ياشــانغان بوۋاي-موماي‍ــلار ئــۆز تەجرىبىلىرىگــە ئاساســەن بۇنــى بىــر شــۇملۇقنىڭ ئالامىتــى دېيىشــىپ، قاتتىــق ئەندىشــىگە چۈشــۈپ، كېچىلــىرى مەخپىي ئوقۇۋاتقــان نامازلىرىــدا ئاللاغــا دۇئــا قىلىــپ، يۇرت-خەلــق ئۈچــۈن ئاسايىشــلىق تەلــەپ قىلىشــماقتا ئىــدى.

تــاڭ ســەھەر ۋاقتــى، ئەخمەتجــان قاســىم تېخــى ئويغانمىغــان ئىــدى. ئۇنىــڭ ســەھەردىكى ئۇيقۇســى ئىنتايىــن قاتتىــق ئىــدى. ئــۇ ھــەر دائىــم: « ئۇزاقــراق ئۇخلىۋالســام، ئانــام مېنــى بالــدۇر ئويغىتىۋەتمىگــەن بولســا-ھە! » دەپ ئويلايتتــى. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە ئــۇ بۈگــۈن قالايمىقــان چــۈش كــۆرۈپ، ئانچــە ياخشــى ئۇخلىيالمىغــان ئىــدى. تۇيۇقســىز قاتتىــق تاراقشــىغان ئاۋازدىــن ئــۇ چۆچــۈپ ئويغىنىــپ كەتتــى. ئۇنىــڭ بېشــىدا:

– تــۇر ئورنۇڭدىــن! –دەپ نۇرغــۇن خىتــاي ســاقچىلىرى قورالل‍ىرىنــى بەتلىشــىپ، ئۇنىڭغــا دېۋەيلــەپ ۋارقىراۋاتاتتــى. ئــۇ ئۇيقۇســىنى ئېچىــپ: «نېمــە ئىــش بولغانــدۇ؟ »-دەپ قــاراپ بولغۇچــە ســاقچىلار ئۇنــى دۈشــكەللىگەنچە تۇرغــۇزۇپ، قولىغــا كويــزا ســېلىپ، بېشــىغا قــارا خالتــا كىيــدۈرۈپ ئېلىــپ مېڭىشــتى. ئۇنىــڭ ئــون ئالتــە ياشــلىق ئۇكىســىمۇ بىللــە تۇتقــۇن قىلىنغــان ئىــدى.

ئەخمەتجــان قاســىم ۋە ئۇنىــڭ ئۇكىســى بىــر ســاقچى

ماشىنىسىغا چىقىرىلىپ، نەلەرگىدۇر بىر يەرگە ئېلىپ كېلىندى. ساقچىلار ئۇلارنى يەر ئاستىدىكى بىر كامېرغا ئەكىرىپ، قاپقارا بىر تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلىغاندىن كېيىن، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق، قولىدىكى كالتەكلىرى بىلەن بەش-ئالتىنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ باشلىرى قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتتى. رەھىمسىز گۇندىپايلار تاياق زەربىسىدىن ئۇلارنىڭ ئېقىۋاتقان قان-ياشلىرىغا قارىماستىن سوراقنى باشلىدى:

- ئىسمىڭ نېمە؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

- ئىسمىم ئەخمەتجان قاسىم. بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردىم.

- ناماز ئوقۇمسەن، قانچە ئايەت بىلىسەن؟

- ھازىر ئوقۇمايمەن. تۆت ئايەت بىلىمەن!

- بۇرۇن ئوقۇغانمىدىڭ، كىمدىن ئۆگەنگەن؟

- كىچىك ۋاقتىمدا بوۋام بىلەن بىللە ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ئىدىم.

- روزا تۇتتۇڭمۇ؟

- ياق! ھازىرغىچە تۇتۇپ باقمىدىم.

- جۈمە نامىزىغا باردىڭمۇ؟

- ياق! بارمىدىم، ئىشلەۋاتقان بولغاچقا ۋاقتىم بولمىدى.

- قەيەردە ئىشلەۋاتىسەن؟

- قېيىن ئاكامنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەۋاتىمەن.

- بۇ شىركەتتە قانچە ئادەم بار، تويلىشىپ ناماز ئوقۇدۇڭلارمۇ؟

- شىركەتتە ئەللىككە يېقىن ئادەم بار. ھېچقاچان تويلىشىپ ناماز ئوقۇپ باقمىدۇق.

- شىركەتتىكى ئادەملەر ئىچىدە ھۆكۈمەتكە قارشى

گەپ-سۆز قىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟

- يوق، مەن ئاڭلاپ باقمىدىم.

- قېيىنئاكاڭنىڭ قانچىلىك پۇلى بار؟

- بىلمەيمەن. ماڭا دېمىدى.

سوراقچىلارنىڭ سوئالى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سوراق يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقان ئىدى. جاللات سوراقچىلار ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۈكىسىدىنمۇ ئوخشاش سوئالنى سوراشقان ئىدى. سوراقچىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن تۇتۇۋالغان بىردىنبىر جىنايىتى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشىنى بوۋىسىدىن ئۆگەنگەنلىكى بولۇپ چىقتى-دە، سوراقچىلار: ئەخمەتجان قاسىمغا بوۋاڭنى تېپىپ بېرىسەن؟ -دەپ يېپىشىۋېلىشتى. ئۇ ساقچىلارغا: بوۋام 4 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن.-دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن ساقچىلار جاھىللىق بىلەن: ئۇنداق بولسا سەن بىزنى بوۋاڭنىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىسەن، بولمىسا ساڭا ئىشەنمەيمىز.-دەپ، ئۇنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىشتى. ئەخمەتجان قاسىم ساقچىلارغا: ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا دۆۋىلەنگەن تۇپراق ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىگە قاداپ قويۇلغان ئۇزۇن بىر تال قۇرۇق شادىنى كۆرسىتىپ: مانا مۇشۇ مېنىڭ بوۋامنىڭ قەبرىسى.-دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، بىر-بىرسىگە قارىشىپ،- قانداق قىلىمىز؟ -دېگەندەك قىلىپ، بىردەم تۇرۇپ قېلىشتى-دە، ئاندىن ئەخمەتجان قاسىمغا: بىز بۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى قايتا سۈرۈشتۈرىمىز، ئەگەر يالغان بولۇپ قالىدىغان بولسا، سەن بىزگە بوۋاڭنى تېپىپ بېرىشىڭ كېرەك! -دەپ، ئۇنىڭغا پوپوزا قىلغان ھالدا قايتىدىن ئۇنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ تۈرمىگە ئاپىرىپ سولاپ قويۇشتى.

تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ گۇناھسىز ئۆسمۈرلەر ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ جازالىنىش يېشىغا توشمايدىغان ئەخمەتجان قاسىم ۋە ئۇكىسى تۇرمىدە نۇرغۇن ناھەقچىلىكلەرگە ۋە ۋەھشىيلىكلەرگە گۇۋاھچى بولدى: بۇ مەزگىلدە بەكمۇ كۆپ ئادەم تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، تۇتۇلغانلار ئىچىدە ئۆسمۈرلەر، ياش قىز-ئوغۇللار، ھەتتا سەكسەن ياشلىق بوۋاي-مومايلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇمان بىلەن تۇتۇلغانلار بولۇپ، ئۆزلىرىدە گۇناھ بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئىقرار قىلىشنى رەت قىلاتتى-دە، بۇنىڭ ئۈچۈن ساقچى-گۇندىپايلار تەرىپىدىن ئېغىر تاياق-توقماققا تۇتۇلاتتى. قاتتىق ئۇرۇلاتتى. ھەر خىل ۋەھشىي جازالاشلارغا ئۇچرايتتى. ئەخمەتجان قاسىم ئاشۇ جازالاشلار ئىچىدىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: زىمىستان قىش كۈنى ئىدى، قاتتىق سوغۇق ۋە جۇدۇن بولۇۋاتاتتى. ساقچى ۋە گۇندىپايلار نۇرغۇن ياش ھەم ياشانغان كىشىلەرنى، قىز-ئاياللارنى قاردىن كېيىن مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئوچۇق مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، يېلىڭ مەھبۇس كىيىمى بىلەنلا نەچچە سائەتلەپ تۇرغۇزۇپ قويىدۇ، تۇتقۇنلارنىڭ پۇت-قولى ئۈششۈپ كەتسىمۇ كارى بولمايدۇ. ياشانغان بىر بوۋاي سوغۇقتا توڭلاپ، ھالسىزلىنىپ، شۇ يەرگىلا يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئەمما گۇندىپايلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماستىن مەيدانغا تاشلاپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋاي ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ساقچىلار ئەخمەتجان قاسىم بىلەن ئۇكىسىنى يەنە بىر نەچچە قېتىم سوراققا ئېلىپ چىقىشتى. سوراقتا ھەرقانچە ئۇرۇپ قىيناپمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر تۇتامغا چىققۇدەك گەپ ئالالمىدى-دە، ئۇلارنى قانداق قىلىش ھەققىدە ناھىيەلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىدىن يوليورۇق سوراپ،

سوراق خاتىرىسىنى ئەۋەتىۋىدى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، سىياسىي قانۇن كومىتېتىدىن ساقچىلارغا: ھازىرچە تۈرمىلەرنىڭ تۇتقۇنلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىپ، سىرتتىن نازارەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىم ۋە ئۇكىسى سەۋەبسىزلا تۇتۇلۇپ، بىكاردىن-بىكارغا تاياق يەپ، ئون كۈندىن كېيىن «سىرتقا چىقماسلىق، يىراق يەرگە كەتمەسلىك» شەرتى بىلەن ئائىلىسىگە كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىم ئائىلىسىگە قويۇپ بېرىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ناشتىلىقتىن كېيىن، قوي-كالىلىرىغا يەم بېرىپ بولۇپ، ئەمدى بىر ئاز دەم ئالاي دەپ، ھويلىغا چىقىپ ئولتۇرغان ئىدى. توساتتىن دەرۋازا قېقىلىپ بىرسىنىڭ بوش ئاۋازدا توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ دەرۋازىدىن ئېچىپ كەلگەن كىشىنى تونۇمايلا قالىدۇ ۋە سىز كىم دەپ سورايدۇ؟ ئۇ كىشى بەكمۇ ھەيران قالغان ھالدا:

— ئۇكام بۇ مەن، مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان ئەخمەتجان قاسىم:

— ھە، جېنىم ئاكا، بۇ سىزكەنسىز-دە، دېگەنچە ئۇنىڭغا تاشلىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى چىقىپمۇ ئۆز بالىسىنى تونۇمىغىلى تاسلا قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ كىشى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ چوڭ ئاكىسى بولۇپ، بۇندىن 6 ئاي بۇرۇن تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلگەنلىكى خۇشال بولغان ئاتا-ئانىسى بالىسى ئۈچۈن ئاتايىن قوي سويۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن قىلمىغان چارىلىرى قالمايدۇ. ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ چوڭ ئاكىسى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە

كېلىپ تۈرمىدە، خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرى ھەققىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ: ئۇنىڭ دېيىشىچە، گۇندىپايلار ئۇنىڭغا نەدىكى يوق تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، قاتتىق ئۇرۇپ قىينايدۇ. ھەتتا توك كالتىكىنى بەدىنىگە ياقىدۇ. نەچچە كۈنلەپ قاراڭغۇ ئۆيگە قاماپ قويىدۇ. قورساق تويغۇدەك، ئاش-نان بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەقەت كۈنلۈكى بىر ۋاقلا سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى بىلەن بىر تالدىن ھورنان بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكەن گۇندىپايلار ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۈنلىرىنى يەنىلا ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ياش باللارنى تۇتقۇن قىلىش داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن تۇتۇلمىغان بىرمۇ ياش بالا قالمىغان ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىۋاتاتتى. ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، يۈرەكلىرى لەختە-لەختە قان بولماقتا ئىدى.

بۇ ئەندىشىلىك كۈنلەر بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. دۈشەنبە كۈنى تاڭ سەھەر بولغان ۋاقىت ئىدى. ساقچىلار ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۆيىگە يەنە باستۇرۇپ كىرىشتى. بۇ قېتىم ساقچىلار ئاچ قالغان چاشقانلاردەك ئاقتۇرۇش-تىنتىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، ئۇلاردىن: بۇ ئۆيدە قۇرئان، ھەدىس، تارىخ كىتابلىرى بارمۇ؟ بۇ كىتابلارنى كىم ئوقۇيدۇ؟ كىم ساقلىدى؟ بولسا تاپشۇرۇش!-دەپ، بىردىن-بىردىن سوراققا تارتىشىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

«ئويغـان ئۇيغـۇر» دېگـەن شـېئىرى بېسـىلغان بىـر كىتابنـى تېپىۋېلىـپ: بـۇ كىتابنـى كـىم يوشـۇردى؟ كـىم ئوقـۇدى؟ ــ دەپ، ئەخمەتجـان قاسـىمدىن گۇمانلىنىـپ ئۇنـى قولغـا ئالماقچـى بولـدۇ، بـۇ چاغـدا ئۇنـىڭ چـوڭ ئاكىسـى دەرھـال ئوتتۇرىغـا چىقىـپ: بـۇ كىتابلارنـى مـەن ئوقۇغـان، مـەن سـاقلاۋاتاتتىم، ئۇكىلىرىـم ۋە باشـقىلار ئوقۇمىغـان دەپ، ئۇكىسـىنى قۇتقـۇزۇپ قالماقچـى بولـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن سـاقچىلار ئەخمەتجـان قاسـىمنىڭ ئاكىسـىنى يەنـە تۇتـۇپ ئېلىـپ كېتىشـىدۇ.

ئەندىشـىلىك كۈنلـەر داۋام قىلىۋاتاتتـى. ياش-ئۆسـمۈرلەر داۋاملىـق تۇتقـۇن قىلىنىۋاتاتتـى. ئەخمەتجـان قاسـىم ئۆزىنىڭمـۇ پـات يېقىنـدا تۇتۇلـۇپ كېتىـش ئېھتىماللىقىنـى ئويـلاپ، ئاتـا- ئانىسـىغا: ياقـا يۇرتلارغـا بېرىـپ كېلىدىغانلىقىنـى ئېيتىـپ، ئۇلارنىـڭ رازىلىقىنـى ئالغاندىـن كېيىـن، يىغىـپ قويغـان ئـازراق ئىقتىسـادىنى ئېلىـپ، بىـر كېچىدىـلا تۇيۇقسـىز يولغـا چىقىـپ، ئـاۋۋال ئۈرۈمچىگـە كەلـدى، ئاندىـن ئىچكىرىگـە ماڭىدىغـان پويىزنىـڭ بېلىتىنـى ئېلىـپ، خىتاينىـڭ ئىچكـىرى ئۆلكىسـىدىكى شـاڭخەي شـەھىرىگە قېچىـپ بېرىۋالدى. ئەخمەتجان قاسـىمنىڭ شـاڭخەيدە قىلىمىغـان ئىشـى قالمىـدى. ئـۇ بىـر مەزگىـل تىجـارەت قىلغاندىـن كېيىـن، مەلـۇم بىـر خىتـاي شـىركىتىگە ئىشـچىلىققا كىرىـپ، ئۇلارنىـڭ ئىسـپات خېتـى قىلىـپ بېرىشـى بىلـەن شـاڭخەيدە تۇرۇشـلۇق ۋاقىتلىـق نوپـۇس كىنىشكىسـىگە ئېرىشـتى-دە، دەرھـال پاسـپورتقا ئىلتىمـاس قىلـدى.

ئـۇ بىـر تەرەپتىـن پاسـپورتۇم چىقارمـۇ ــ چىقماسـمۇ؟ دەپ غـەم قىلىـپ يۈرسـە، يەنـە بىـر تەرەپتىـن پاسـپورت چىققاندىـن كېيىـن نەگـە بېرىشـنى ئويلاۋاتاتتـى. ئـۇ شـاڭخەيدە تىجـارەت قىلىـش جەريانـىدا كۆپلىگـەن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىلگـىرى تۈركىيەگـە كەتكەنلىكىنـى، تۈركىيـەدە تىجـارەت قىلىدىغانلىقىنـى ۋە ئـۇ يەرگـە يەرلىشـىپ قېلىۋاتقانلىقىنـى ئاڭلىغـان ئىـدى. شـۇنىڭ

بىلــەن ئۇمــۇ تۈركىيەگــە چىقىــپ كېتىشــنى كۆڭلىگــە پۈكــۈپ يۈرگــەن كۈنلەرنىــڭ بىرىــدە، تۇيۇقســىز ئۇنىــڭ پاســپورتى چىققانلىــق خەۋىــرى كەلــدى. شــۇنىڭ بىلــەن ئــۇ پاســپورتىنى قولىغــا ئالــدى-دە، ۋاقتىنــى كەينىگــە ســوزماي دەرھــال بىلــەن ئېلىــپ، دۇنيادىكى ئەركىــن دۆلەتلەرنىــڭ بىــرى - ئۇيغۇرلارنىــڭ ئىككىنچــى ۋەتىنــى بولغــان تۈركىيــە جۇمھۇرىيىتىگــە يېتىــپ كەلــدى.

ئەخمەتجــان قاســىم تۈركىيەگــە كېلىــپ ئاخىــرى ئەركىــن نەپــەس ئېلىــش ئىمكانىيىتىگــە ئىگــە بولــدى. ئــۇ تونۇشــلارنىڭ يــاردەم قىلىشــى بىلــەن ياتــاق ئىشــلىرىنى هــەل قىلىۋالغاندىــن كېيىــن، بىــر مەزگىــل تۈركچــە كۇرســلاردا ئوقــۇپ، تــۈرك تىلىنــى ئۆزلەشــتۈرۈۋالدى. ئاندىــن تونۇشــلارنىڭ ياردىمــى بىلــەن تۈركىيەنىــڭ زوڭگۇلــداق شــەھىرىدىن ئىــش تېپىــپ، ئــۇ يەرگــە كۆچــۈپ بېرىــپ ماكانلىشــىۋالدى. ئەخمەتجان قاسىم تۈركىيــەدە خاتىرجــەم ياشــاش شــارائىتىغا ئىگــە بولغاندىــن كېيىــن، كۆرۈشــمىگىلى ئــۇزاق بولغــان ئاتا-ئانىســىغا تېلېفــون قىلىــپ، ئۆزىنىــڭ تۈركىيــەدە ياشــاۋاتقانلىقىنى، هازىــر بىــر شــىركەتتە ئىشــلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقانــدا بولســا، ئۇنىــڭ ئاتا-ئانىســى ئوغلىغــا بەكمــۇ هەيــران قالغــان ئىــدى. ئــۇلار ئىچىــدە: ئەمــدى ئوغلىمىــز تۇتۇلۇشــتىن قۇتۇلۇپتــۇ، بىزنىــڭ كونىلاردا «قاچقىنىڭ قۇتۇلــدۇڭ، ياتقىنىــڭ تۇتۇلــدۇڭ» دېگــەن ماقالــە بــار ئەمەســمىدى؟ دەپ، ئوغلىنىــڭ بــۇ مۆجىزىلىــك ئىشــىغا بەكمــۇ خۇشــال بولغــان ئىــدى. ئەممــا، ئــۇلار بــۇ ھېسســىياتىنى ئوغلىغــا تېلېفونــدا دېيىشــكە جۈرئــەت قىلالمايتتــى.

ئىلگىــرى ئــۇلار ئوغلــى ئەخمەتجــان قاســىم شــاڭخەيدىكى ۋاقتىــدا بىــر نەچچــە قېتىــم تېلېفونــدا كۆرۈشــكەندىن كېيىــن، يەرلىــك ســاقچىلار ئۇلارنىــڭ تېلېفونــدا كۆرۈشــكىنىنى بىلىۋېلىــپ، ئۇلارنىــڭ ئۆيىگــە كېلىــپ: ئوغلــۇڭ بىلــەن تېلېفونــدا

كۆرۈشۈپسەن. نېمە دېيىشتىڭ، نېمە دېيىشمىدىڭ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ ئۇ يەردىن قايتىپ كەلسۇن! ــ دەپ، ئۇلارغا تەھدىت قىلىپ، بەكمۇ جاپا سالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوغلىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن بەكمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئىچىدە ئوغلىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلماقتا ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىم تۈركىيەنىڭ زوڭگۇلداق شەھىرىگە خۇددى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ياخشى كۆرگەندەكلا يەرلىشىپ قالدى. ھەمدە ئۇ ئاتا ــ ئانىسىز ھالدا يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، تويىنىمۇ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ خۇشاللىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئائىلىسىگە يەنە تېلېفون قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقنى ئوغلىغا بىلدۈرەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەكلا ئىدى. تېلېفوندا ئۇلار: ئوغلۇم نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپلا سورايتتى. ئەخمەتجان قاسىم بولسا ئۇلارغا، مەن ئىشلەۋاتىمەن. ــ دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قەتئىيلا ئەركىن ــ ئازادە گەپلىشەلمەيتتى. دەسلەپ تېلېفون ئۇرغان ۋاقىتلاردا، ــ ئەخمەتجان قاسىم: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ــ دەپ گەپ باشلىسا ئۇلار: « ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! » ــ دەپ جاۋاب بېرەلەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئەخمەتجان قاسىم يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلغان ۋاقتىدا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ، گەپ باشلىسا ئۇلار دۇدۇقلاپ: ھە ــ ھە! بىز ياخشى دېگەندىن باشقا گەپنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ يەردىكى خەلق ئەركىن ــ ئازادە تېلېفوندا گەپلىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، تېلېفوندا: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن گەپ ــ سۆزلەرنى قىلىشمۇ ئاللىقاچان چەكلەنگەن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىم تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خاتىرجەملىكى تېخىمۇ بەك بۇزۇلدى. ساقچىلار ھە دېسىلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىۋېلىپ: بالاڭ تۈركىيەدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قانداق چىقىپ كەتتى؟ قاچان چىقىپ كەتتى؟ ئۇ قايتىپ كېلىشى كېرەك! -دەپ توختىماي تەھدىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. بىر كۈنى تېلېفوندا ئۇنىڭ ئانىسى: ئوغلۇم، قايتىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ - دەپ ئوغلىغا يىلىنىشقا باشلايدۇ. بىچارە ئانىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى تىترىگەن ھالدا، ئۇنىڭغا يېنىدا ساقچىلار تۇرۇپ بېسىم قىلىۋاتقاندەك چىقىۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن ئەخمەتجان قاسىم ئانىسىغا: ئانا مەن كېيىنچە قايتىپ بارىمەن، مەن ھازىر تويى قىلىپ، باللىق بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم ئىشلەۋاتىمەن. شۇڭا ھازىرچە بارالمايمەن. دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى ھەمدە كېيىنچە باللارنى سىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىمەن دەپ، ئانىسىغا تەسەللى بەرگەن ئىدى.

ھېلىگەر ساقچىلار ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسى ئارقىلىق بېسىم قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىۋاستە تېلېفون قىلىشقا باشلايدۇ:

- ۋەي، ۋەي! ئەخمەتجان قاسىممۇ؟

- ھە، مەن شۇ، سىز كىم؟

- مەن شۇ، مەن دۆلەت خادىمى بولىمەن.

- ئىسمىڭىز نېمە؟ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

- ھە، شۇ بىز، ھە ياق، مەن سەن بىلەن دوست بولماقچى ئىدىم.

- سىزگە ئىسمىڭىز نېمە دەۋاتىمەن؟

- مەن دېدىمغۇ ساڭا، مەن دۆلەت خادىمى، ھازىرچە

ئىسمىمنى سورىماي تۇر!

– ئۇنداق بولسا گېپىڭىزنى دەڭ، مەقسىتىڭىز نېمە؟

– مېنىڭ مەقسىتىم سەن بىلەن دوست بولۇش، ئەگەر سەن بىز بىلەن دوست بولساڭ ھەممىمىزگە پايدىسى تېگىدۇ.

– بۇ قانداق گەپ؟ مەن سىزنى تونۇمىسام. قانداق قىلىپ سىز بىلەن دوست بولالايمەن؟ مېنىڭ سىزگە نېمە پايدام تېگىدۇ؟

– مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم سەن ئاشۇ تۇرۇۋاتقان يەردە قانچە ئۇيغۇر بار؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئىسىم فامىلىسى كىم؟... دېگەندەك نەرسىلەرنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭ، بىز بۇ يەردە سېنىڭ ئاتا-ئاناڭغا ياخشى قاراپ قويىمىز، ئۇلار باي بولۇپ كېتىدۇ.

– ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن تۇرۇۋاتقان زوڭگۇلداق دېگەن شەھەردە مەندىن باشقا ئۇيغۇر يوق! مەن ھېچكىمنى تونۇمايمەن.

– ئۇيغۇر بار يەرگە كۆچۈپ بارساڭ بولىدىغۇ؟ مەسىلەن، ئىستانبۇلغا؟

– ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن.

– ئۇنداق قىلما! ئاتا-ئاناڭنى ئويلاپ قوي!

– ئاتا-ئانامغا نېمە بولۇپتۇ؟ ئۇلار بىگۇناھ، مېنى ئۇلار چەتئەلگە چىقىرىۋەتمىدى. مەن ئۆزۈم چىقىپ كەتكەن. مېنىڭ ئاتا-ئانام دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاددىي خەلقتۇر. سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاج ئەمەس! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن.

– سەن ئۇ يەردە ئىشلىسەڭ بولمايدۇ! سەن دېگەن

جۇڭگو پۇقراسى، سەن بۇ يەرگە قايتىپ كەل! بىز بۇ يەردە ساڭا ئىشلەش رۇخسىتى چىقىرىپ بېرىمىز. ئاندىن ئۇنى ئېلىپ تۈركىيەگە قايتىپ بېرىپ ئىشلىسەڭ بولىدۇ.

— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەش رۇخسىتىم بار. مەن بىلمەن، بۇ يەردە نۇرغۇن جۇڭگو پۇقرالىرى بار. ئۇلارمۇ ئىشلەش رۇخسىتى ئالمايلا ئىشلەۋېتىپتىغۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يەردە نېمە كېرىكى؟

— ئۇنداق قىلما! بىزنىڭ ئىشلەش رۇخسەت قەغىزىمىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە كېرەك بولىدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار سېنى ئىشتىن چىقىرىۋەتسە قانداق قىلىسەن؟

— ياق، ئۇلار مېنى ئىشتىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. تۈركلەر — بىز ئۇيغۇرلار بىلەن بىر تۇغقان خەلق!

— جۆيلۈمە! ئۇيغۇرلار — تۈركلەر بىلەن تۇغقان ئەمەس، ئۇيغۇرلار دېگەن جۇڭخۇا مىللىتىگە تەۋە!

— نېمە دېسىڭىزمۇ مەيلى، مەن سىز بىلەن بۇ ئىشنى تالاشمايمەن! ھەم يۇرتقىمۇ قايتىپ بارمايمەن! گېپىڭىز ئەمدى تۈگىگەندۇ؟

— ياخشى ئويلان! بىز ساڭا يەنە تېلېفون قىلىمىز، ئەگەر ياخشى ئويلانمىساڭ، ئاتا-ئاناڭ ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئۇنداق جاھىللىق قىلساڭ، ئەمدى ئاتا-ئانامنى كۆرىمەن دەپ ئويلىما!

— ياق، دېدىم ياق! مەن سىلەر بىلەن دوست بولالمايمەن، ئاتا-ئانامنى ئاللاغا تاپشۇردۇم! ماڭا ئەمدى تېلېفون قىلماڭلار، خەير خوش!.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىم بىر نەچچە قېتىم ناتونۇش نومۇردىن تېلېفون تاپشۇرۇۋالدى. يەنە ئوخشاش گەپ، ئوخشاش جاۋابلار تەكرارلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ

ناتونۇش تېلېفوننى ئالمىدى-دە، ئۇزاق قالماي ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باشقا نومۇرغا ئالماشتۇرۇۋەتتى.

ئۇ شۇنداق ئويلايتتى: «مەن ئۇلار بىلەن دوست بولدۇم دەپ، باشقىلارغا خىيانەت قىلسام بولامدۇ؟ دۇنيادا باشقىلارنى سېتىپ خەجلەشتىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بولامدۇ؟ ئۇلار مېنى بىزگە خىزمەت قىل! باشقىلارغا خائىنلىق قىل دەۋاتىدۇ! مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايمەن! مېنىڭ ئۆز خەلقىمگە خائىن بولۇپ ياشىغىنىمدىن، بۇ دۇنيادا ياشىمىغىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ »

ئەخمەتجان قاسىم تېخى ياش بولۇشىغا قارىماي ئىنتايىن ئىرادىلىك ۋە ئىمانلىق يىگىت ئىدى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئالدىشىغا ۋە بېسىم قىلىشىغا قەتئىي تىز پۈكمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، 30دىن ئارتۇق كىشى تۇتقۇن قىلىنىپ، خىتاينىڭ تۈرمە ۋە لاگېرلىرىغا سولىنىپ، ئېغىر قىيىن-قىستاق ۋە ئازابلارغا دۇچار قىلىنىدۇ. بىز ئۇلۇغ ئاللادىن ئۇلارغا تىنچ-ئامانلىق ۋە ئاسايىشلىق تىلەيمىز، ئامىن!

# قامالنىڭ قاسراقلىرى

بۇ شەھەرنىڭ ۋىروۇس يۇقۇمى سەۋەبىدىن قامال قىلىنغىلى ئىككى ئايدىن ئاشقان ئىدى. «ئاھالىلەر كومىتېتى» شەھەردىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى قەتئىي ھالدا چەكلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، يېمەك-ئىچمەك ۋە تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلار تەرىپىدىن يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەرمىش! ئەگەردە بىرەر كىم ھەر قانداق سەۋەب بىلەن سىرتقا چىقىپ، قامال تەرتىپىگە رىئايە قىلمايدىكەن، قاتتىق جازالىنىدىكەن ۋە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىكەن ھەمدە بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىكەن.

«ئاھالىلەر كومىتېتى» دىن ئىبارەت پۇقرالارنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز دەۋالغان بۇ ئورگان ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ۋە ساقچىلارغا ماسلىشىپ خىزمەت قىلىدىغان دەللاللىق ئورگىنى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئاھالىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە گەپ-سۆزلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. ئەگەر كىمدە كىم ئۇلارنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولاتتى. شۇڭلاشقا ھېچكىم ئۇلارغا قارشىلىق قىلالمايتتى. ئەرز-شىكايەتلىرىنى ئېيتالمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خەلق بىر توپ پادا بولۇپ، ئۇ

نېمە دېسە شۇنى قىلىشى، نەدە تۇر دېسە شۇ يەردە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۇقۇم سەۋەبى بىلەن خەلققە چىقارغان «ئۆيدىن سىرتقا چىقماسلىق ئۇقتۇرۇشى»ئاۋام خەلققە نۇرغۇن بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

مۇنەۋۋەرخان بۇ قامالدا ئۆيىگە قاپسىلىپ قالغان نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى خالمۇرات ئۆمەرجان يۇقۇم گۇمانىدارى دەپ قارىلىپ، يالغۇز كىشىلىك چېدىر ئۆيگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىمۇ بىر ھەپتىدە ئاشقان ئىدى. ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، باش پاناھگاھى بولغان ئېرى ئېلىپ كېتىلگەندىن بۇيان مۇنەۋۋەرخان تۆت بالىسى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىققا مەھكۇم بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە نە ئۇن-گۈرۈچ، نە سەي-كۆكتات، نە گۆش-ياغ قالمىغان ئىدى. خەلققە خىزمەت قىلىدىغان ئاھالىلەر كومىتېتى بولسا بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم نان ئەكىلىپ بېرىپ، خەلققە يۇقىرى باھادا سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئېلىۋاتاتتى. بۇ نانلارنى ئۇلار ئۆزلىرى مەخسۇس تونۇردا ياقتۇرۇپ ياكى سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن بولماستىن، بەلكى جەنۇبتىكى قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن غۇلجا خەلقىنىڭ قامالدا قېلىپ، ئاچلىق كىرىزىسىغا دۇچار بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەخسۇس ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتكەن نانلىرى ئىدى. بىر نەچچە يۈك ماشىنىسىدا ئەۋەتىلگەن نان-توقاچلار ئاھالىلەر كومىتېتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، ئىگىلىۋېلىندى ۋە تاۋار ئورنىدا قامالدا قالغان خەلققە يۇقىرى باھادا سېتىلدى.

مانا ئەمدى مۇنەۋۋەرخاننىڭ تۆت بالىسى بىلەن ئۆيىگە قاپسىلىپ قالغىلى 90 كۈندىن ئاشتى. ئۇ سىرتقا چىقالمىغانلىقتىن ئۆيدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئائىت ھېچ نەرسە قالمىغان ئىدى. مۇنەۋۋەرخاننىڭ ئاخىرى بۇ قامالغا قەتئىي چىدىغۇچىلىقى قالمىدى-دە، غەزەپكە تولغان

ھالىدا ئېكرانغا چىقىپ ئۆز نارازىلىقىنى مۇنداق بايان قىلدى: « سالام ئېكران ئالدىدىكى قېرىنداشلار، مەن غۇلجا قىزى مۇنەۋۋەرخاندىن ھەممىڭگە مېھرىلىك سالاملار بولسۇن. مەن بۈگۈن دەھشەت ئاچچىقىم بىلەن ئېكرانغا چىقتىم. مېنى ئېتىۋەتسىمۇ مەيلى! مەن تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولىمەن. چوڭ بالام 22 ياشقا كىردى. يەنە بىرسى 20 گە، ئۈچىنچىسى 17گە، تۆتىنچىسى 10 ياشقا كىردى. مەن ۋە ئائىلىمىزدىكىلەر بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى يۇقۇمدىن ئاغرىپ، كېيىن ساقىيىپ چىقتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا قامال بولمىغاچقا، دورا ئالغىلى بولاتتى ھەم ئۆزىمىز يەرلىك ئۇسۇلدا تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان ئىدۇق. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمىز كېسەل يۇققان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر بولماقتا. بىز ھازىرقى يۇقۇمنىڭ تارقىلىشچان ۋىرۇستىن ئىكەنلىكىنى، ئىسسىقتىن كېڭىيىۋاتقانلىقىنى بىلىمىزغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇر چاقىرساق كەلمىسە، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن مىجەزىمىز ماس كەلگۈدەك نەرسىلەرنى يەپ، روھىي كەيپىياتىمىزنى تەڭشەپ، ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىگە ئۆزىمىز چارە قىلساق بولمامدۇ؟ ھازىر ئىككى ئايدىن ئاشتى مەن ۋە بالىلىرىم مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات يەپ باقمىدۇق، پەقەتلا كۈندە بىر ۋاقلىق قۇرۇق نان يەۋاتىمىز، شۇنداق بولغاچقا بالىلارنىڭ تۈزۈك قورسىقى تويماي، ئىچى قىتىپ، بېشى قىزىپ، ئاغرىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلۇم ئۈچ كۈن بولدى قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئىڭراپ ياتىدۇ. ئۇنىڭغا مەن ۋە توپتىكى دوستلىرىمىزنىڭ بىللە ھەر تۈرلۈك يەرلىك دورا ۋە رېتسېپلارنى قىلىپ داۋالاپ باقتۇق، قىلمىغان ھېچبىر چارىمىز قالمىدى. مېۋە-چېۋە سېتىپ بېرىڭلار؟ - دەپ ئاھالىلەر كومىتېتىغا تېلېفون قىلسام، مېۋە-چېۋە يوق دەيدۇ. مەن ئۆزۈم باققاللاردىن ئۇقۇشۇپ ئەكېلىپ بېرىدىغانغا سۆزلەشكەن

333

ئىدىم. ئەمما ئاھالىلەر كومىتېتى بۇ تەۋەگە مېۋە-چېۋىنى سىرتتىن كىرگۈزسەك بولمايدۇ. ئاۋۋال يۇقىرىدىن باشلاپ تەكشەپ تەستىقلىمىسەك بولمايدۇ دەۋاتىدۇ. ئەجەب بۇنىڭ ئالدىدا بىر باققال ساخاۋەتچى بىر ماشىنا مېۋىنى ياردەمگە ئەۋەتسە، ئۇنى بىزگە تارقىتىپ بەرمەي ئۆزلىرى نېمە قىلىدىكىن؟ - يوق قىلىۋېتىشتى. ئەمدى بىز پۇلغا سېتىۋالايلى دېسەكمۇ تاپقان باھانىسىنى قارىمامدىغان؟ قانداق كادىرلار بۇ؟ قېنى بۇ دۇنيادىكى ئادىللىق؟ باشقا يۇرتلاردىن ياردەمگە كەلگەن ئاشلىقلار،نانلار قېنى؟ نەگە كەتتى؟ ياردەملەرنى يېرىم يولدا ئۆزلىرى توسۇۋېلىپ، يوق قىلىۋېتىشتى. ئاڭلىساق ئۇلار ياردەملەرنى پۇلغا سېتىپ، چۆنتەكلىرىگە تىقىپ ئۆزلىرى باي بولۇۋېتىپتۇمىش! ئۇلار نېمىشقا پۇقرالارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ داد-پەريادىنى ئاڭلىمايدۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى توردا تارقىتىپ قويۇڭلارچۇ؟ باللىرىم ئۈچۈن نېمە بولسام مەيلى! بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئېتىۋەتسىمۇ مەيلى! مەن جاندىن تويدۇم. ئاھ، رەھىمسىزلىك! ئىككى ئايدىن بۇيان قاماقتا سولىنىپ ياتتۇق، ئالدىمىزدا قىش كېلىۋاتىدۇ. پات يېقىندا مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلىنىدۇ. باللارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى قانداق قىلىمىز؟ قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمايمىزمۇ؟ ئوتۇن-كۆمۈرنى نېمىگە سېتىۋالىمىز؟ ئەگەر مۇشۇ ئون يەتتە ياشلىق بالام ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرىمەن. نېمانداق ئىنسابسىز ھۆكۈمەت بۇ؟ نېمانداق قارنى تويمايدىغان كادىرلار بۇ؟ مۇشۇ گېپىمنى تورلاردا تارقىتىپ قويۇڭلارچۇ؟ ماڭا ياردەم قىلىپ ئەرز قىلىدىغان يەرنى تېپىپ بېرىڭلارچۇ؟ شەھەر باشلىقىنىڭ نومۇرىنى تېپىپ بېرىڭلارچۇ؟ مەن بىر ئەرز قىلىپ باقاي! مېنى سولىۋەتسىمۇ مەيلى!

مۇنەۋۋەرخاننىڭ خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ ئېيتقانلىرىدا سۆزلىگەن سۆزى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ،

ئەمما ئۇنىڭ ئەرزى كۆزلىگەن ئورۇنلارغا، يەنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا يېتىپ باردىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەگەر يېتىپ بارغان تەقدىردە، مۇنەۋۋەرخاننىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەر كېلەر بولغىيدى؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دېيىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. « باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇپتۇ» دېگەندەك، مۇنەۋۋەر خان بېشىغا كېلىدىغان ھەر قانداق ئاقىۋەتكە تەييار ئىدى. باللىرى ئۈچۈن بېشىغا نىمە كەلسە - كەلسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئۇ ئۆز يۈرەك پارىلىرى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى.

مۇنەۋۋەرخان ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئاغرىپ قالغان ئوغلى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ «يۇقۇم گۇماندارى» دېيىلىپ، ئايرىم چېدىرغا سولاپ قويۇلغان ئىرى خالمۇرات ئۆمەرجاننىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىق خەۋىرى كېلىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرى ئېلىپ كەلگەن ئىدى:

- ئېرىڭىز ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەن. تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ!

- نىمە دەيسىز مۇدىر؟ - دەپ قايتا سورىدى يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەرخان،- تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ساق-ساغلام ئىدىغۇ؟ سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتكەن ۋاقىتتا پەقەت: «يۇقۇمدىن گۇمانلىق» دېگەن ئىدىڭلارغۇ؟

- ئەمما ئېرىڭىزنىڭ باشقا كېسىلىمۇ بار ئىكەن، مەسىلەن: يۈرەك كېسىلى، قان بېسىمى دېگەندەك...

- ياق، ئۇنىڭ يۈرىكى ساق ئىدى. بىر ئاز قان بېسىمى بار ئىدى شۇ.

-ئۇ كارانتىنغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاجىز كەلدى.

- نىمە دەيسىز؟ ئۇ ئۆلدىمۇ ھاياتمۇ زادى؟

– ياق، ئۇ تېخى ئۆلمىدى. ئەمما ئەھۋالى چاتاق!

– ئۇنىداق بولسا دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالىساڭلار بولمامدۇ؟

– ياق، ئۇنىداق قىلىشقا بولمايدىكەن. يۇقىرىدىن قوشۇلمىدى. يۇقىۇم گۇماندارلىرىنى پەقەت ئايرىم كۆزىتىش ئۆيلىرىدىن باشقا يەرگە يۆتكەشكە بولمايدىكەن.

– دورا بەردىڭلارمۇ؟ ئۇ قانداق دورىلار ئىدى؟

– مەن بىلمەيمەن. دورىلارنىمۇ مەخسۇس خادىملار يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىكەن.

– ئۇلار دورا يەتكۈزۈپ بەرگەنمىدۇ؟ بولمىسا، مەن ئۆيدە يەرلىك رېتسېپلاردىن ياسىغان دورىلار بار ئىدى، ئۇنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرسەم بولامدۇ؟

– بولمايدۇ! بولمايدۇ! يۇقىۇم گۇماندارىنىڭ قېشىغا ھېچكىمنىڭ كىرىپ–چىقىشىغا بولمايدۇ!

– ۋاي خۇدايىم! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ تۆت بالام يېتىم قالارمۇ؟ – دەپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى مۇنەۋۋەرخان.

– ھاي، بولدى قىلىڭ! ئېرىڭىز تېخى ئۆلمىدى.

–ئۆلمىگەن بولسا مېنى كۆرۈشتۈرۈڭلار ئەمسە؟ مەن ئۇنىڭ ئايالى بولغاندىكىن!

– ياق! كارانتىن ئۆيىگە سىز كىرسىڭىزمۇ بولمايدۇ، ئەمما تېلېفوندا كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ.

– ئۇنىداق بولسا تېلېفوندا كۆرۈشتۈرۈڭلار مېنى، ئېرىم بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ بىر سۆزلىشىۋالاي.

–ياق، ئۇنىداق تېز كۆرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ. تېلېفوندا كۆرۈشۈشكىمۇ يۇقىرىدىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك!

– زادى نەدىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك؟ يۇقىرى–تۆۋەن

دېگىنىڭىز قايسى يەرلەر ئۇ؟

– شەھەرلىك «يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش مەركىزى» دىن. لېكىن مەن ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىماس قىلىشىم كېرەك. بۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدۇ.

– بىر نەچچە كۈنگىچە ئېرىمنى خۇدا ساقلار–ھە!–يەنە يىغلاشقا باشلىدى مۇنەۋۋەرخان.

– ھاي، بولدى قىلىڭ! بۇنداق چەكلەنگەن خۇراپىي گەپلەرنى قىلسىڭىز، مەن رۇخسەت ئېلىپ بېرەلمەيمەن.

– ماقۇل ئەمسە مۇدىر، مۇشۇ نارەسىدە بالىلىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ بىر رۇخسەت ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، مېنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈم بار. سىزگە رەھمەت!

يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مۇدىر مۇنەۋۋەرخانغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىششكە رۇخسەت كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە : مۇشۇ نومۇر شۇ.–دەپ، بىر تېلېفون نومۇرىنى بەردى. مۇنەۋۋەرخان قايغۇ ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۇ تېلېفون نومۇرىنى باستى:

– ۋەي، ۋەي! خالمۇراتمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

– ۋەي، ھە، مەن شۇ، ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس، بەك ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن. يەيدىغانغا كۈندە بىر تال ناندىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەيۋاتىدۇ. مېنىڭ بەكمۇ سۇيۇقئاش ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەكېلىپ بېرەلەرسەنمۇ؟

– ماقۇل، مەن ئەكېلىپ بېرەي. ئەمما ئۇ يەرگە بېرىشىمغا رۇخسەت بەرمەيۋاتىدۇ.

– ۋەي، ۋەي! جېنىم مۇنەۋۋەر قانداق قىلاي ئەمدى؟ مەن ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان بولدۇم.

– سىزگە دورا ئەكېلىپ بەردىمۇ؟

– ھە، ئەمما پەقەت بىر قېتىملا، ئىككى تال قۇۋۋەت دورىسى دەپ ئاپئاق بىر دورا كۇمىلچى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە بەرمىدى.

– ئۇ دورا سىزگە مەنپەئەت قىلدىمۇ؟

– ياق، ماڭا ھېچبىر مەنپەئەت قىلمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىمەن. جېنىم مۇنەۋۋەر! سەن ماڭا تاماق ۋە دورا ئەكېلىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ ئاخىرقى كۈنلىرىم قالغاندەك قىلىدۇ. سېنى، بالىلارنى بىر كۆرۈۋالسام، بىر قاچا سۇيۇق ئاش ئىچىۋالسام بولماسمىدى؟

– ماقۇل خالمۇرات، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن چوقۇم بېرىشقا تىرىشىمەن.

مۇنەۋۋەرخانغا بېرىلگەن بەش مىنۇتلۇق تېلېفون كۆرۈشۈش ۋاقتى توشقان ئىدى. ئۇ ئارقىدىنلا ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىغا تېلېفون قىلدى. بىر قېتىم، ئون قېتىم، يۈز قېتىم تېلېفون قىلدى. ئەمما ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرى تېلېفوننى زادىلا ئالمىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ –دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئىچى بەكمۇ تىتىلداپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆزى ئىزدەپ بېرىشنى ئويلىدى–يۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالغا چىدىمىغان ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئانىسىغا: ئانا، بولدى قىلىڭ! بىز بۇنداق تۇرۇۋەرسەك دادامدىن ئايرىلىپ قالىمىز، مەن چىقىپ كەنت مۇدىرىنى ئىزدەپ باقاي، بېشىمغا نېمە كەلسە مەيلى! – دەپ، ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي سىرتقا ماڭدى.

كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. مۇنەۋۋەرخاننىڭ ئىچى

تېخىمۇ بەك تىتىلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بەلكى ئۇ كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىككىنچى ئوغلىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، تېخىچە تۆۋەنلىمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۇندىدار توپىغا مۇراجىئەت قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان توپتىكى ئۇنىڭ دوستلىرى دورا ئەكېلىپ بەرمەكچى بولۇشتى. ئەمما خېلى بىر ۋاقىتقىچىمۇ ھېچكىمدىن خەۋەر كەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىسىگە سولاپ قويۇلغان بولۇپ، ھېچكىمنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى. مۇنەۋۋەرخان كىچىچە ئوغلىنىڭ بېشىغا ھۆل لۆڭگە قويۇپ، ئۆيدە نېمە تاپالىسا شۇنى يېگۈزۈپ ئىچكۈزۈپ چىقتى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇ ئەتىگەندە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى باللىرىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ : ئاپا، ئاپا! قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ – دەپ يىغلاشلىرى ئىچىدە ئويغاندى. تۈنۈگۈن ھەر ئېھتىماللىققا قارشى دەپ ئېلىپ قويغان يېرىمناننى، يەنە يېرىمىدىن ئۈلەشتۈرۈپ ئىككى بالىسىغا بەردى. باللار ئاپىسى چاي قايىنىتىپ بولغۇچە نانلىرىنى يەپ بولۇشۇپ، يەنە ئاپىسىغا قارىدى. باللىرىم چۈشكىچە چىداڭلار! چۈشتە بەلكى ئاھالىلەر كومىتېتىدىن نان سېتىپ بېرىشى مۇمكىن! ئۇلار جىقراق سېتىپ بېرىشنى راۋا كۆرمەيۋاتىدۇ. بولمىسا جىقراق ئېلىپ قويغان بولساق، ئەگەر سۈت بىلەنمۇ تەمىنلەپ بەرگەن بولسا ئەتىگەندە سىلەرگە ئەتكەن چاي قىلىپ بەرمەمتىم باللىرىم! ھەر بىر جانغا، بىر كۈنلۈك ئۈچۈن بىر نان قانداقمۇ يەتسۇن؟ قاچانلىققىمۇ تۈگەر بۇ قامال؟ يا بىر ئۇن – ماي، گۆش سېتىۋالغىلى بولمىسا، نەدىنمۇ چىقتى بۇ يۇقۇم؟ قاچانلىققىمۇ تۈگەر ئۇ چوقۇم؟ ئەگەر يۇقۇم تۈگەپ،

قامال بوشتىلسا، مەن سىلەرگە بازاردىن ھەر قانداق نەرسە لازىم بولسىمۇ ئېلىپ بېرەتتىم بالىلىرىم! ــ دەپ بالىلىرىغا تەسەللى بەردى مۇنەۋۋەرخان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قورسىقى پىژىلداپ ئاچماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ بىر ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالدىدا بالىلىرىغا بەرمەي تۇرۇپ، قانداق ئۆزىنىڭ ئاغزىغا لوقما سالالىسۇن؟ ئۇ ئۆزى يېمەي-ئىچمەي بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا رازىكى، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئاچ قويۇشنى خالىمايتتى. ئەمما رەھىمسىز پەلەك ئۇلارنى ئاچلىق ۋە موھتاجلىققا مۇپتىلا قىلغان ئىدى.

مۇنەۋۋەرخاننىڭ غېمى چېچىدىن تولا ئىدى. غەمنىڭ ئۈستىگە غەم كەپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ چۈشمەيۋاتقان ئوغلىغا قارىۋىدى، تېخى ئويغانمىغان بولۇپ، ئالدىنقى كۈنگە قارىغاندا بىر خىل راھەترەك ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەندىشە قىلىپ، ئوغلىنىڭ تىنىقىغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشاپ باقتى. قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ سىلاپ باقتى. قىزىتمىسى بىر ئاز يانغاندەك قىلاتتى. مۇنەۋۋەرخان : «ئۇھ! » دەپ، بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالدى-دە، ئاندىن تۈنۈگۈن يوقاپ كەتكەن چوڭ ئوغلىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىغا تېلېفون قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ يانفونى جىرىڭلاپ مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

ــ ۋەي، ۋەي مۇنەۋۋەر خانمۇ؟

ــ ھە، مەن شۇ! سىزگە يولدىشىڭىز خالمۇراتجان بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى سەل چاتاقراق، ھازىرلا تېلېفون قىلىپ، گەپلىشىۋېلىڭ!

ــ ھە، ماقۇل مۇدىر، مەن ھازىرلا تېلېفون قىلاي! ئوغلۇم بۇرھانچۇ؟ ئۇ تۈنۈگۈن بىر چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ

كەلمىــدى.

– ھە –ئــە! ئۇغلىڭىزنــى دەمســىز؟ ئــۇ قامالنــى بــۇزۇپ، كېســەلدىن مۇداپىئــە كــۆرۈش تەرتىپكــە خىلاپلىــق قىلغانلىقــى ئۈچــۈن تۇتقــۇن قىلىنــدى.

– كىم تۇتقۇن قىلدى، ئۇ ھازىر نەدە؟

– ئەلۋەتتــە، جەمئىيــەت تەرتىپىنــى ســاقلىغۇچى ســاقچىلار تەرىپىدىــن تۇتقــۇن قىلىنــدۇ –دە، ئەممــا ئۇنىــڭ نــەدە تۇتــۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنــى مەنمــۇ بىلمەيمــەن. بەلكــى، « ۋاقىتلىــق تۇتــۇپ تــۇرۇش مەركىزى»گــە ئېلىــپ كېتىلگەنــدۇ! قامــال تۈگىگەنــدە قويــۇپ بېرىلىشــى مۇمكىــن! ســىز ئــەڭ ياخشىســى بالىنىــڭ گېپىنــى قويــۇپ، يولدىشــىڭىزنىڭ غېمىنــى قىلىــڭ! ئۇنىــڭ ئەھۋالــى ھەقىقەتــەن بــەكلا ئېغىــر ئىكــەن.

– مۇنەۋۋەرخــان ئىنتايىــن جىددىيلەشــكەن ھالــدا قايســى كۆنــى مۇدىــر بەرگــەن نومۇرنــى باســتى:

– ۋەي، خالمۇراتمۇ؟

– ھــە، مــەن شــۇ. –دېگەن ناھايىتىمــۇ بــوش خىرقىرىغــان ئــاۋاز ئاڭلانــدى.

– قانداق ئەھۋالىڭىز؟

– ياخشــى ئەمــەس مۇنــەۋۋەر، مــەن ئۆلــۈپ كېتىدىغــان ئوخشــايمەن. ئــۇلار مــاڭا ياكــى تــۈزۈك تامــاق بەرمىــدى، ياكــى دوختۇرخانىغــا ئېلىــپ بارمىــدى. نەپىــىم بــەك ســىقىلىپ كېتىۋاتىــدۇ. مــەن بولالمايۋاتىمــەن. مېنىــڭ ســاڭا دەيدىغىنىــم: مــەن ئۆلــۈپ كەتســەم، مېنــى ئۆيگــە ئېلىــپ كېتىــپ يۇيــۇپ – تــاراپ، مۇســۇلمانچە دەپنــە قىلىــڭلار! ئىمــكان بولســا مېنــى بــۇ يەرگــە ئەكېلىــپ قامــاپ قويغانلاردىــن ھېســاب –كىتاب ســوراڭلار! ئــۇلار مېنــى خاتــا ھالــدا كارانتىنغا ئېلىۋالــدى. مەن پەقــەت زۇكام بولــۇپ قالغــان ئىدىم.ئەمەلىيەتتــە مــەن ھېچقاچــان ۋىرۇســتىن

يۇقۇملانمىغان ئىدىم. باللارغا ياخشى قارىغىن. ئۇلارنى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتقىن. بىزدەك ياۋاش-بىچارىلەردىن بولۇپ قالمىسۇن! مەن سەندىن رازى، سەنمۇ مەندىن رازى بولۇپ كەتكىن! بىز ئاخىرەتتە كۆرۈشىمىز! دېدى-دە، ئۇنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى.

مۇنەۋۋەرخان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. ھەقىقەتەن! ئۇنىڭ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ساقمۇساق تۇرغان ئېرى خالمۇراتجان ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە زادى كىم سەۋەبچى؟ ئۇ نەگە بېرىپ، كىمگە ئەرز قىلىشى كېرەك؟ مۇنەۋۋەرخاننىڭ يۈرىكى قان يىغلىماقتا ئىدى. كىچىك ئىككى بالىسىمۇ ئەھۋالنى ئوقۇپ يىغلاشتى. ئۇخلاۋاتقان ئىككىنچى ئوغلىمۇ ئويغىنىپ، ئاپىسىدىن نىمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا: دادىسىنىڭ كارانتىن ئۆيىدە تۈگەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر مۇنچە ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە جەسىتىنى ئەكىلىۋېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتۇدى، ئوغلى ئاپىسىغا: شۇنداق قىلايلى ئاپا! بىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مېيىتنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە دەپنە قىلايلى! قالغان ئىشنى ئۇنىڭدىن كېيىن قىلارمىز.-دەپ، ئاپىسىغا بىر ئاز تەسەللى بېرىۋېتىپ، ئاندىن: « دادامنىڭ جەسىتىنى ئەكېلىمەن » دەپ، تالاغا ماڭماقچى بولۇۋىدى، مۇنەۋۋەرخان ئوغلىغا : ھاي بالام! توختاپ تۇرغىن! ئاكاڭنىمۇ : « رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىپ، قامالنى بۇزدى» دەپ، تۇتۇپ كېتىشتى. بىز ئاۋۋال ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلاردىن رۇخسەت ئالايلى. ئاندىن بارغىن! بولمىسا سېنىمۇ تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن!

مۇنەۋۋەرخان ئوغلى بىلەن بىللە ئاھالىلەر كومىتېتى مۇدىرىنىڭ تېلېفونىنى باستى: بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئون قېتىم، ئەللىك قېتىم باسسىمۇ مۇدىرنىڭ تېلېفونى

ھېچ ئۇلانمىدى. چوش ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مۇنەۋۋەرخاننىڭ كىچىك ئىككى بالىسى،-ئانا قورسىقىمىز ئاچتى.-دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىككىنچى ئوغلىنىڭ قورسىقى ئاچ بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ، بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغاچقا، ئاچلىققا چىداۋاتاتتى. ئەمما ئۇ، ئۇكىلىرىنىڭ نالىسىغا چىدىمىدى-دە، ئاپىسىنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي تامدىن ئارتىلىپ سىرتقا ماڭدى.

ئارىدىن نەچچە سائەت ئۆتۈپ، كۆن غەربكە قىيسايغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئوغلى قايتىپ كەلمىدى. ئۇمۇ تۇتۇلۇپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بالىلىرىنىڭ نالىسىغا چىدىمىغان مۇنەۋۋەرخان: «ئەمدى ئىش بولمىدى. مەنمۇ چىقىپ، كەنت مۇدىرىنى ئۆزۈم ئىزدەپ تاپاي»-دەپ ئويلاپ، قازناق ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان بىر تال بولقىنى ئېلىپ چىقىپ قۇلۇپلانغان دەرۋازىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن كەنت مۇدىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

- ھاي! ھاي! مۇنەۋۋەرخان، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ سىزمۇ تالاغا چىقىپ، قامالنى بۇزماقچىمۇ؟

- ھە، مەن تالاغا چىقىپ، سىزنى ئىزدەپ بارماقچى ئىدىم.

- مېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

- مەن ئېرىمنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە دەپنە قىلماقچى ئىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئەرز قىلاي دېگەن

- ھەي! قانداق ئۆز بېشىمچى ئايالسىز؟ رۇخسەت ئالماي دەرۋازىنى بۇزۇپ، سىرتقا چىقىشىڭىزنىڭ ئۆزى ئېغىر قانۇنغا خىلاپ ئىشتۇر!

– ئەمما سىلەر نېمشقا ئېرىم خالمۇراتنىڭ جەسىتىنى ئەكېلىپ بەرمەيسىلەر؟ جەسەت نەدە؟ بىز ئۇنى ئۆز ئۆرپ–ئادىتىمىز بويىچە دەپنە قىلىشىمىز كېرەك!

– بولمايدۇ، بولمايدۇ! يۇقىرىقى گۇماندارلىرىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلىدۇ. ئائىلىسىگە بېرىلمەيدۇ. ھەر قانچە ئائىلە تاۋابىئاتى بولسىمۇ، شەخسلەرنىڭ دەپنە قىلىشىغا بولمايدۇ. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش كۆيدۈرۈلۈپ، ئاندىن جەسەت كۈلى ئائىلىسىگە سېتىپ بېرىلىدۇ.

– ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭلار! خالمۇراتنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرمەڭلار!

– قانداق ئايالسىز؟ جاھىللىق قىلىۋەرمەڭ! بولمىسا سىزمۇ جازالىنىپ قالىسىز.

– نېمشقا جەسەتلەر كۆيدۈرۈلىدۇ! ئۇ بىر مۇسۇلمان تۇرسا، بىز بۇنى قوبۇل قىلالمايمىز!

– بۇنى مەن بەلگىلىمىدىم. ھۆكۈمەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن. مەن ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. سىزمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايسىز

– ياق، ياق! مەن خالمۇراتنىڭ يۈزىنىمۇ بولسا بىر قېتىم كۆرۈۋالاي! سىلەرنىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشۈڭلارغا يول قويمايمەن. دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىڭ مۇدىر؟ بىزگە ياردەم قىلىڭ، بۇ ئۆلۈم ئىشى – ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، بىز مەڭگۈ ئارماندا قالىمىز!

– ياق! بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ. ھازىرقى يۇقىرىقى ۋەزىيەتتە ھەر قانچە ئۆلۈم ئىشى بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ توپلىشىشىغا، سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. ئىشىك–دەرۋازىلارنى ئېچىشقا، ھېچكىمنىڭ سىرتقا چىقىشىغا بولمايدۇ!

– ئەگەر رۇخسەت بەرمىسىڭىز، مەن چوقۇم دەرۋازىنى

بـۇزۇپ چىقىمـەن. مېنـى سولىۋەتسـڭىزمۇ، ئېتىۋەتسـڭىزمۇ مەيلـى! مـەن بـۇ جاندىـن تويـدۇم.

– بولـدى قىلىـڭ مۇنەۋۋەرخـان! سىـلەرنىڭ ئائىلـە ئېغىـر ئىنتىزامغـا خىلاپلىـق قىلدىـڭلار. ئىككـى ئوغلىڭىـز قامالنـى بـۇزۇپ، سىـرتقا چىقىپ ئىنتىزامغـا خىلاپلىـق قىلغانلىقى ئۈچـۈن تۇتقـۇن قىلىنـدى. ئـەڭ ياخشىسـى ئۆيىڭىزگـە كىرىـپ كېتىـڭ!

– يـاق! مـەن كىرىـپ كەتمەيمـەن. مـەن سـىرتقا چىقىشـىم كېـرەك! بالىلىرىـم ئـاچ قالـدى. تۇتقـۇن قىلىنغـان بالىلىرىمنـى قايتـۇرۇپ بېرىـڭلار؟ ئېرىمنىـڭ جەسـىتىنى قايتـۇرۇپ بېرىـڭلار؟ سىلەردە ئادالـەت دېگـەن نېمـە بارمـۇ؟ – دەپ، جېنىنىـڭ بارىچە ۋارقىراشـقا باشـلىدى مۇنەۋۋەرخـان.

– ھـاي! ئاغزىڭىزنـى يۇمـۇڭ! ھۆكۈمەتكـە تىـل تەگكۈزمـەڭ! –دەپ، ۋارقىراشـقا باشـلىدى مۇدىر،–مـەن سىـزگە ھازىـرلا ئادالەتنىـڭ نېمىلىكىنـى كۆرسـىتىپ قويىمـەن. پرولېتارىيـات دىكتاتۇرىسـىنىڭ تەمىنـى تېتىـپ قويىمـەن.

– مەيلـى نېمـە قىلىسـڭىزمۇ! ئېتىۋەتسـڭىزمۇ مەيلـى! مـەن ئارقامغـا قايتمايمـەن، بـۇ جاندىـن تويـدۇم!

ئىشـلار بارغانچـە چىڭىغـا چىقىۋاتاتتـى. مۇنەۋۋەرخاننـى ئارقىغا قايتۇرالمىغـان مۇدىـر يانفوننـى قولىغـا ئېلىـپ «يۇقۇمنىڭ ئالدىنـى ئېلىـپ، بىـر تۇتـاش قوماندانلىـق قىلىـش مەركىـزى» گـە تېلېفـون قىلىۋىـدى، ھايـال ئۆتمەيـلا بىـر ماشـىنىدا ئـون نەچچـە نەپـەر قوراللىـق سـاقچىلار يېتىـپ كېلىـپ، مۇدىرنىـڭ بۇيرۇقـى بىلـەن قـورۇ دەرۋازىسـىنى چېقىـپ كىرىـپ، مۇنەۋۋەرخـان ۋە ئۇنىـڭ ئىككـى بالىسـىنى تۇتقـۇن قىلىـپ، ماشـىنىغا بېسىـپ ئېلىـپ مېڭىشـتى.

مۇنەۋۋەرخـان يەنىـلا قارشـىلىق قىلىۋاتاتتـى: مېنـى قويۇۋېتىـڭلار! ئىككـى بالامنـى قويـۇپ بېرىـڭلار! يولدىشـىم

خالمۇراتنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! سىلەردە ئادالەت دېگەن نېمە بارمۇ؟ مانا بىزدىكى ئادالەت! – دېگەنچە بىر ساقچى يېنىدىن بىر تال قاتلانغان لاتىنى چىقىرىپ، مۇنەۋۋەرخاننىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئادالەت دېگىنى – مانا مۇشۇنداق پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەھشىيانە جازالاش ئۇسۇللىرى ئىدى.

## باياناتنىڭ بورىنى باشلىرىدا

(ئېپادىزىملىق ھېكايە)

ئامېرىكىدىكى NBA ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ مۇسۇلمان تەنھەرىكەتچىسى – تۈركىيەلىك ئەنەس كانتەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا2021–يىلى 22–ئۆكتەبىر كۈنى تېۋىتتېردا سىنلىق مۇنداق بايانات ئېلان قىلدى: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، مەن مۇشۇ سۆزلىرىمنى قىلىۋاتقان ۋاقتنىڭ ئۆزىدە، قىيناش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى، جازا لاگېرلىرى، سىياسىي قايتا ئۆگىنىش لاگېرلىرى، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىقلار... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى – مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، نەچچە مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۈستىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. يەنى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) دېگەن جايدا».

بۇ بايانات شۇنداق كەسكىن ۋە قەتئىي ھەم خۇددى ئاتوم بومبىسىدەك پارتلاش خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلدىكى، ئۇ تۇماندەك تېزلىكتە تارقىلىپ، هايت–ھۇيت دېگۈچە بورانلىق توقماققا ئايلىنىپ، ھۆكۈمرانلار، روھانىيلار ۋە چولپانلارنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى قېقىپ، تەپەككۇرىغا سوئال قويۇشقا باشلىدى. بوران توقمىقى بىرىنچى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى بىن سالماننىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– جانابلىرى، سىلى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى ۋە ئىككى ھەرەمنىڭ ئىگىسى بولغان دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھامىيسى دەيتىلغۇ؟

– ھە، شۇنداق! بىز دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باش مەركىزى ۋە ھامىيسىدۇرمىز، بۇنىڭدا شەك يوقتۇر!

– ئۇنداقتا نېمىشقا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئىگە چىقما يلا ؟

– ئۇيغۇرلار دېگەن كىم؟ ئۇلارغا نېمە بولۇپتۇ؟

– ئۇيغۇرلار ئاسىيانىڭ مەركىزىدە، بۈيۈك تۈركىستاننىڭ شەرقىدە، خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دېگەن رايوندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغىنى توغرا بولماپتۇ! ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئاشۇن – تېرروررچى، بىز تېرروررچىلارنى يوقىتىۋاتىمىز دەۋاتىدۇغۇ؟

– بۇ دېگەنلىرى توغرا ئەمەستۇر پادىشاھ ئالىيلىرى! ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى تېرروررچى ئەمەس، بەلكى ياۋاش، يۇمشاق، تىنچلىق بىلەن ياشاشنى خالايدىغان سۈنئىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلاردىندۇر.

– ئاڭلىشىمچە، ئۇلار خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانمىش! مانا بۇ ئىشى توغرا بولماپتۇ. خىتاي دۆلىتى بىزنىڭ يېقىن دوستىمىزدۇر. بىزنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن نۇرغۇن سودا توختامىمىز بار. ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنى دەپ، خىتاي دۆلىتىنى خاپا قىلىپ قويساق بولمايدۇ–دە، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ مەسىلىنى «خەلقئارا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى»غا بېرىپ

ئوتتۇرىغا قويۇڭ، ئۇلار بىر پەتىۋا بەرسۇن! ــ دېدى پادىشاھ بىر سالمان بوران توقمىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تام تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قالغان بوران توقمىقى غاچچىدە ئۇچۇپ بېرىپ، « خەلقئارا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى »نىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قولىقىنى قاقتى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئۈممەتنى قېرىنداشلار! ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇچراۋاتىدۇ.

ــ ھە، بىز بۇنى ئامېرىكا ۋە غەرب مەتبۇئاتلىرىدىن ئاڭلىدۇق. تۈركىيەدىكى مەتبۇئاتلاردىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بېرىلىۋاتقانمىش!

ــ ئۇنداقتا سىلەر نېمىشقا بۇنىڭغا قارشى تېخىچە بىرەر ئىپادە بىلدۈرمەي، سۈكۈت قىلىپ تۇرىسىلەر؟

ــ بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىپادە بىلدۈرمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب شۇكى: بىز ئۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىدۇق. ئاڭلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ ــ دە، ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرىدا چىققان خەۋەر بولسا ــ ئۇلارنىڭ توقۇپ چىققان بىر ئويۇنى بولۇشى مۇمكىن! شۇڭا بىز خىتايلارنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىمىز! ئۇلار بىزگە: « ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ »دەۋاتىدۇ.

ــ بۇ دېگىنىڭلار توغرا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك، يەنى ئۇلار پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەر كۈنى تۇتقۇن قىلىنىپ، مىليونلاپ جازا لاگېرىغا قامىلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان ئاياللار تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىنىۋاتىدۇ.كىچىك باللار تۇغۇلماستىنلا، ئانىسىنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىدىلا ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ــ ئەگەر بۇ دېگىنىڭىز توغرا بولسا، ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن

مۇسۇلمان بولسا دېدى «خەلقئارا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى» نىڭ بىر رەھبىرى ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ — ئاللا ئۇلارغا ئاخىرەتتە رەھمەت قىلسۇن! خىتايلار مىڭ مۇھەممەتنى ئۆلتۈرسىمۇ، مۇھەممەتلەرنى تۇغماقچى بولغان مىڭلىغان ئايالنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋەتسىمۇ، تۇغۇلماقچى بولغان مۇھەممەتلەرنى ئېلىۋەتسىمۇ مەيلى! لېكىن بىزنىڭ مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزنى كەمستمىسە، مەسخىرە قىلمىسا ۋە ياكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزمىسىلا بولىدۇ. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، بىز خىتاينىڭ كىيىم — كېچەكلىرىگە موھتاج! مەككىدىن قايتقان ھاجىلارغا خىتايدا ياسالغان تەسۋى، جايناماز، گىلەم ۋە كەبە ھەيكەللىرى بولمىسا بولمايدۇ!

— خەلقئارا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بۇ تېتىقسىز، مۇناپىقانە جاۋابىنى ئاڭلىغان بوران توقمىقى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ باش ئورگىنى بولغان بۇ ئورۇندىكى ئەمەلدارلاردىن قاتتىق رەنجىگەن ھالدا چىشىنى — چىشلىگەنچە ئۇچۇپ بېرىپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد بىن زاھىتنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئاڭلىدىلىمىكىن؟ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى خىتايلار تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلدىم. ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرىدا شۇنداق گەپلەر بولۇۋېتىپتۇمىش! ئەمما، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەسمىش!

— كىم شۇنداق دەيدۇ پادىشاھ ھەزرەتلىرى؟

— دۇنيا مۇسۇلمانلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى شەيخ ئالىي راشىدى ئەل نۇئامى ھەزرەتلىرى بىر نەچچە قېتىم خىتايلارنىڭ تەكلىپى بىلەن سىلەر دېگەن شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)

دېگەن يەرگە بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، سانجى، ئالتاي قاتارلىق كۆپلىگەن جايلارغا بارغان بولۇپ، ھېچقانداق بىر يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرمەپتۇ. ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭ! ــ دەپ، شەيخ ئالىي راشىدى ئەل نۇئامىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى. بوران توقمىقى يەنە غاچچىدە ئۇچۇپ بېرىپ، شەيخ ئالىي راشىدى ئەل نۇئامىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

ــ شەيخ ھەزرەتلىرى ئاڭلىدىلىمۇ ياكى كۆرلىمۇ؟ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

ــ شەرقىي تۈركىستان دېگەن قەيەر ئۇ؟ مەن ئۇنداق بىر يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم ھەم خەرىتىدىنمۇ كۆرمىدىم. ئەمما مەن بارغان يەرنى جۇڭگولۇقلار «شىنجاڭ» دەپ ئاتايدىكەن. مەن ئۇ يەرگە باردىم.

ــ شەيخ ھەزرەتلىرى! «شىنجاڭ»دېگەن خىتايلار ئۆزى توقۇپ چىقىپ قويۇۋالغان خىتايچە ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «يېڭى تۇپراق، يېڭى ئىگىلەنگەن زېمىن» دېگەن مەنىدە، ئەمەلىيەتتە ئۇ جاينىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولسا «شەرقىي تۈركىستان»دۇر. ئۇ يەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمانلار ياشايدۇ.

ــ ھە، مۇنداق دەڭ! مەنمۇ ئاڭلىغان، خىتايلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم! ئۇيغۇر، قازاقلارنىمۇ كۆردۈم. ئۈرۈمچى، قەشقەر، سانجى، ئالتايلارغىچە باردىم. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ناھايىتى بەختلىك ياشاۋېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ــ ئۇسۇللىرى بەكمۇ گۈزەلكەن. ئۇلار بىزگە ئويۇن قويۇپ بەردى. ئۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرمىدىم.

– شەيخ ھەزرەتلىرى! سىلى ئۇ يەردىكى «تۇرمە، جازا لاگېرى» دېگەن يەرلەرگە بېرىپ باقلىمۇ؟ ئۆزلىرى خالىغان يەرلەرنى، ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ، ئايلىنىپ كۆرۈپ باقلىمۇ؟ ئۆزلىرى خالىغان بىرەر يەرلىك ئۇيغۇر ياكى قازاقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، گەپلىشىپ باقلىمۇ؟

– ياق، ئۇنداق قىلالمىدىم. مەن ئۇ يەرنىڭ ھېچ بىر يېرىنى بىلمەيدىغان تۇرسام! قانداقسىغا ئۆزۈم يالغۇز ھەرىكەت قىلالايمەن؟ بىزگە مەخسۇس يېتەكچى خادىملار بېكىتىپ بېرىلدى. بىزنى ئۇلار مۇھىم كۆرگەزمە ئورۇنلىرى، مەكتەپ ۋە سودا سارايلارغا باشلاپ باردى.

– شەيخ ھەزرەتلىرى، سىلىنىڭ ئاشۇ يۈزەكى كۆرگەن ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» يوق دېسەك توغرا بولامدۇ؟

– توغرا بولامدۇ؟ خاتا بولامدۇ؟ ئۇنىڭغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن! ئەمما مەن ئۇ يەردە ھېچقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇچرىغانلىقىنى كۆرمىدىم. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىمەن.

ئۇنداقتا شەيخ ھەزرەتلىرى، سىلىنى – خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن دېسەك خاپا بولمايدىغانسىلا؟

– نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇ يەردە تېررورلۇققا قارشى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى تىنچىتىپتۇ، مانا بۇ ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر!

– ئۇنداق بولسىلا شەيخ ھەزرەتلىرى، بۇ ئۆزلىرىنىڭ قارىشى، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاغا ئۆزلىرى بېرىلا، پەقەت ئاللالا

ھەقىقەتنى بىلگۈچى ۋە كۆرگۈچىدۇر! –دەپ ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرگەنچە يەنە ئۈچۈپ بېرىپ، ھەققانىيەتچىلەرنى ئىزدەپ، «خەلقئارا ئىماملار كېڭىشى»نىڭ باش ئورگىنىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆلىمالارنىڭ قولىقىنى قاقتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم ئۆلىمالار! پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى! سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مۇسۇلمان خەلقلىرىگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق؟

– بىز بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز! ھەم بۇنىڭدىن ئىنتايىن قايغۇرماقتىمىز! بۇنداق زۇلۇملار نەدە بولسا بولسۇن، بىز ئۇنى قەتئىي ئەيىبلەيمىز.–دېدى ئىماملار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە دەرھال ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا قارىتا مۇنداق قارار چىقاردى: « خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ئېرىقى قىرغىنچىلىقى – پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىمىگە قىلىنغان قىرغىنچىلىقتۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىشى كېرەك! ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان بۇ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىشى زۇلۇمغا شېرىك بولغانلىقتۇر! قېرىنداشلىققا، ئىسلام ئۈممىتىگە قىلىنغان خىيانەتتۇر! مۇسۇلمان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 2022- يىلى 4- فېۋرال كۈنى خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنى»غا قاتنىشىشى ھارامدۇر. ماراكەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇھاجىرى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارى خاتادۇر. قېرىنداشلىققا قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر!»

«خەلقئارا ئىماملار كېڭىشى»نىڭ باش ئورگىنىنىڭ بۇ

ھەققانىي قارارىدىن سۆيۈنگەن بوران توقمىقى يەنە ئۇچۇپ بېرىپ، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– رەئىس ئالىيلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىلىمۇ؟ ئۇلار خىتايلار تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ!

– ھە، شۇنداقمۇ؟ ئاڭلىغاندەك قىلغان! ئۇيغۇرلار تۈرۈك ئىرقىغا تەۋە ئىكەندە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سۈننىي مۇسۇلمان ئىكەن. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك! بىز پەقەت شىئە مۇسۇلمانلارنىڭلا ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىمىز!

– نېمىشقا رەئىس ئالىيلىرى؟ سىلى پەلەستىن مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئىسرائىلىيەگە قارشى توختىماي ئەيىبلەشلەردە بولۇۋاتىلا، پەلەستىندىكى خاماس ۋە ھىزبۇللاھ تەشكىلاتىغا ياردەم قىلىۋاتىلا، ئۇلارنى قوللاپ، قورال-ياراغ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىلا-يۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتسا، ئۇلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك دېگەنلىرى توغرىمۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ پەلەستىنلىكلەرگە ئوخشاشلا مۇسۇلمانغۇ؟

– ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنى پەلەستىنلىكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. پەلەستىنلىكلەرنى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان يەھۇدىيلار بوزەك قىلىۋاتىدۇ. لېكىن خىتايلار بىزنىڭ دوستىمىز! ئۇلار بىلەن بىزنىڭ نۇرغۇن سودا توختامىمىز بار! بىز ئۇيغۇرلارنى دەپ، دوستىمىز خىتاينى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلار – بىزنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئىتتىپاقدىشىمىزدۇر. بۇ ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ قويساق، ئامېرىكا بىزنى تېخىمۇ بوزەك

قىلىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈرۈك بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا تۈركلەر ياردەم قىلسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوران توقمىقى دەرغەزەپكە كەلگەن هالدا يەنە بورانغا ئايلىنىپ ئۇچقانچە تۈركىيە پىرېزىدېنتىنىڭ سارىيىغا كېلىپ، پىرېزىدېنتىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– مەرھابا! پىرېزىدېنت ئالىيلىرى! تۇيمايۋاتامىلا؟ ئىرقدىشىڭلار بولغان ئۇيغۇرلار – خىتايلار تەرىپىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. نېمىشقا بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ۋە سۈكۈتتە تۇرىۋېرىلا؟

– بۇنى ئاڭلىغان تۈركىيە پىرېزىدېنتى چېچىلغان هالدا ۋارقىراپ كەتتى:

– كىم بىزنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقمىدى. سۈكۈتتە تۇرىدۇ دەيدۇ؟ بىز ھېچقاچان سۈكۈتتە تۇرمىدۇق. بىز ھەر دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىۋاتىمىز ھەمدە خىتايلارغا دىپلوماتىك يوللار بىلەن ئەندىشىمىزنى بىلدۈرۈۋاتىمىز!

– ئەمما پىرېزىدېنت ئالىيلىرى! خىتاي ھۆكۈمىتى سىلىنىڭ ئەندىشىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويۇشمىدى. ئەكسىنچە، ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىن قىلىشنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بارماقتا! بۇنداق كېتىۋەرسە بەش – ئون يىلدىن كېيىن « ئۇيغۇر » دېگەن بىر مىللەتنى يەر يۈزىدىن تاپقىلى بولمايلا قالماستىن، تۈرۈك دۇنياسىنىڭ شەرقىي قەلئەسى بولغان – شەرقىي تۈركىستان خىتايلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يۇتۇۋېلىنىدۇ.

– ھە! ئۇنداق بولسا نېمە بولۇپتۇ؟ بىز خىتايلارغا ئۇلارنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدىغانلىقىمىزغا ۋەدە بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلار تۈركىيەگە نۇرغۇن مەبلەغ سالماقچى، ساياھەتچى ئەۋەتمەكچى، بىر بەلباغ – بىر يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا بىز بىلەن ھەمكارلاشماقچى. شۇڭا بىز

ئۇيغۇرلارنى دەپ – خىتايلارنى خاپا قىلىپ قويساق بولمايدۇ.

– ئەمما، پىرىزىدېنت ئالىيلىرى تۈركلەرنىڭ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر قاغانى بىلگە قاغان: « خىتايلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە، يۇمشاق يىپەكلىرىگە ئالدانماڭلار! »دەپ، تاشقا ئويۇپ ئابىدە قالدۇرۇپتىكەنغۇ؟ بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟

– ياق، ئۇنتۇمىدۇق! ئەمما، ئۇ دېگەن تارىخ! ھازىر دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ھەمكارلىق ۋە خەلقئارالىشىش – دۇنيانىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمىغا ئايلاندى. بىزمۇ شۇ ئېقىمغا ماسلاشمىساق، دۇنيادىن ئايرىلىپ قالىمىز! ئىقتىسادىمىز تەرەققىي قىلمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بوران توقمىقى بېشىنى چايقاپ: تارىخنى ئۇنتۇغانلار – تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ! دېگەنچە يەنە بورانغا ئايلىنىپ، پاكىستان پىرىزىدېنتىنىڭ سارىيىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– پىرىزىدېنت ئالىيلىرى! سىلەرنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولدىلىمۇ؟ ئۇلار خىتايلار تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ!

– نېمە؟ مەن ئۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلىمىدىمغۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنداق ۋەزىيەتتە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم بولمىدى.

– پىرىزىدېنت ئالىيلىرى! قانداق خەۋەرلىرى بولمايدۇ؟ ئۇيغۇرلار سىلىنىڭ دۆلەتلىرىگە قوشنا تۇرسا؟ ئۆز قوشنىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىم بولمىدى؟ – دېگەن گەپ توغرىمۇ سىلىچە؟

– توغرا! بىزنىڭ قوشنىمىز ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتاي دۆلىتىدۇر. بىزنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىمىز بار! ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئەمەسمەن!

– پىرىزىدېنت ئالىيلىرى! سىلىنىڭ دۆلەتلىرىگە قوشنا

بولغان ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان خەلقتۇر. سىلى ئىلگىرى دۆلەتلىرى پاكىستاننى ئىسلام دۇنياسى بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغان دۆلەت. بىز بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھامىيلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپتىكەنلىغۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كۆز يۇمۇۋېلىشلىرى ئىسلامى پىرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

– ئۇيغۇن كېلەمدۇ كەلمەمدۇ؟ – مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق! مەن بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايمەن! خىتاي دۆلىتى بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە نۇرغۇن مەبلەغ سالدى. ھىندىستانغا قارشى بىزنى قوللىدى. بىزنىڭ خىتاي دۆلىتىگە قارشى گەپ-سۆز قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس! خىتاي دۆلىتى – بىزنىڭ يېقىن دوستىمىزدۇر. كىممۇ ئۆز دوستىنى خاپا قىلىشنى خالايدۇ؟

پاكىستان پرېزىدېنتىنىڭ قارىغۇ-كور، گاس-گاچا بولۇۋالغانلىقىدىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن بوران توقمىقى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنپەئەتتىن باشقىنى تونۇمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى-دە، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا بىر چېكىت قويۇپ، ئاللادىن ئىنسابىنى تىلەپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ۋاتىكانغا ئۇچۇپ بېرىپ، خىرىستىيان پاپاسىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– پاپا ئالىيلىرى ئاڭلىدىلىمۇ؟ خىتايدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

– ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم! بىز بۇ ھەقتە بىرەر قارار چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتقان ئىدۇق. ئەمدى ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ. بىز دەرھال پوپىلا كېڭىشى چاقىرىپ، بۇ ھەقتە بىر قارار چىقىرىمىز! – دېدى ۋە تەۋەلىكىدىكى بارلىق پوپلىرىنى يىغىپ، كېڭەش ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مۇنداق قارار چىقاردى: ئىنسانلارنىڭ

مەيلى قايسى دىندا بولسا بولسۇن، ئېتىقادى سەۋەبلىك كەمسىتىلىشى، ئىرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى ــ ئىنسانىيەتكە قارشى قىلىنغان جىنايەتتۇر! ئاڭلىساق خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق دىنلارنى چەكلەيدىكەن. دىن مۇخلىسلىرىنى جازالايدىكەن. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قەتئىي ئەيىبلەيمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى ــ مەسچىت ۋە چېركاۋلارنى چېقىشىنى توختىتىشى، دىن مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقى كېرەك!

خىرىستىيانلارنىڭ بۇ ئىنسانپەرۋەر روھىدىن سۆيۈنگەن بوران توقمىقى يەنە بىر ئۇچقانچە، دارىمسالاغا يېتىپ كېلىپ، لاما دىنىنىڭ داھىيسى دالاي لامانىڭ قولىقىنى قاقتى:

ــ لاما ھەزرەتلىرى! بەلكىم خەۋەر تاپقانلا؟ ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

ــ خەۋەر تاپتۇق، بۇ ئىشلارنى بىلىمىز.ــدېدى دالاي لاما قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ــ بىز ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىمىز، ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشاشتۇر. تىبەتلەرمۇ ئوخشاشلا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولسا ئىنسانىيەتكە قارشى قىلىنغان ئېغىر جىنايەتتۇر! بۇ جىنايەت دەرھال توختىتىلىشى كېرەك!

ــ سىلىچە بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختاتقىلى بولارمۇ؟

ــ بولىدۇ، ئەلۋەتتە! بۇنىڭ ئۈچۈن ــ بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پىلانلىغان، بۇيرۇغان ۋە ئىجرا قىلغان ئەمەلدارلار جازالىنىشى كېرەك! خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىن پىڭ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن تىبەتكە سېكرېتار بولغان چېن چۈەنگو تىبەتلەرگە زۇلۇم سېلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاۋۋال تىبەتتە سىناق قىلغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگەن

ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن جازالىنىشىنىڭ ئورنىغا، مۇكاپاتلىنىپ شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشقا سېلىندى. قانخور خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ جىنايىتى ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان جىنايىتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ئېغىر جىنايەتنىڭ جاۋابكارلىرى چوقۇم سوروشتۇرۇلۇپ جازالىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھەر قايسى دۆلەتلەر – ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، ئىسلام قاتارلىق ساماۋى دىنلاردا باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرگە زۇلۇم سېلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش چەكلەنگەن ئىكەن. بىزنىڭ لاما دىنىمىزدىمۇ ئاجىزلارغا، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىش چەكلىنىدۇ. تىنچلىق، باراۋەرلىك تەرغىب قىلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى بارلىق دىنلارنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. دىن مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك لاماسى بولغان بەنچىيەن لامانى ئوغرىلاپ كېتىپ، غايىب قىلىۋەتتى. شۇڭلاشقا مەن بارلىق دىن مۇرىتلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر ئىنسانلارنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ – تىبەت، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارغا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا، خىتاي كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىنى جازالاشقا چاقىرىمەن.

بوران توقمىقى دالاي لامانىڭ بۇ ھەققانىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا تېزدىن يەنە بورانغا ئايلىنىپ، يەھۇدىي دىنىنىڭ سىگوناكلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھانىيلىرىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– رابىنەر ھەزرەتلىرى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر

مۇسۇلمانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟

— بىز بۇ مەسىلىگە شۇنداق قارايمىزكى، ھەر قانداق بىر خەلق — مەيلى ئۇنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك! بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇساغا چوشۇرۇلگەن تەۋراتتىمۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىش تەكىتلەنگەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا سىلەر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا قارىتا ئىپادە بىلدۈرمەيسىلەر؟

— ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قارىتا بىزمۇ بىر ئىپادە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار پەلەستىنلىكلەرنى قوللاپ، ئىسرائىلىيەگە قارشى تۇرماقتا، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مۇقەددەس تاۋاپگاھىمىز بولغان مەسجىتى ئاقسانى بىزدىن تالاشماقتا، مۇسۇلمانلار ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك! بىزنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ ئىبادەت قىلىشىمىزنى توسماسلىقى كېرەك! ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن پەلەستىنلىكلەرنى قوللاپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ساددام ھۈسەيىن ئىسرائىلىيەگە قارشى راكېتا ئاتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردىن پۇل يىغىپ ساددامغا ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداق قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلالايمىز؟ ئۇيغۇرلار بىزنىڭ قېرىندىشىمىز دەۋاتقان خاماس تەشكىلاتىنىڭ پىرېزىدېنتى مەھمۇت ئابباس چېغىدا خىتاي دۆلىتىنىڭ بۇ سىياسىتىنى قوللاپ، ب د ت دا خىتاي تەرەپ بولۇپ ئاۋاز بەردىغۇ؟ خىتاينىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى — توغرا سىياسەت، ئۇيغۇرلار تېررورچىلىق قىلىۋاتىدۇ دېدىغۇ؟ بىزنىڭ

دۈشمىنىمىز بولغان پەلەستىن ھۆكۈمىتى بۇنداق دەۋاتقان يەردە بىز بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمىز؟ بىز بىر نېمە دېسەكمۇ بەرىبىر ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئاڭلىمايدۇ! ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار مەسىلىسىگە كەلگەندە بەكمۇ سەزگۈردۇر. پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ توختىماي غەلۋە-جېدەل قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى دەردتە. شۇڭا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ناتايىن! دەپ، بىر - بىرىگە قاراشتى يەھۇدىي روھانىيلار.

بوران توقمىقى بۇلارنىڭ گەپلىرىدىن خاپا بولۇپ، باشقا بىر يەرگە ئۆچۈپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، يەھۇدىي رابانلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى: ئەي بوران توقمىقى! سەن ئەڭ ياخشىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غەربتىكى جەمئىيەتلىرىنى ئىزدىگىن. ئۇ تەشكىلاتلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى كۈچلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا! ئۇلار يەھۇدىي مىللەتچىلىرى ۋە دىن پاناتىكلىرىگە ئانچە بەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوران توقمىقى دەررۇ يەنە بورانغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ تەشكىلاتى بولغان ئېلىسە ۋېزىل فوندىنىڭ رەئىسى - ئېلىشا ۋېزېل ئەپەندىنىڭ قۇلىقىنى قاقتى: ئېلىشا ئەپەندى! خەۋەرلىرى بولدىمۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

- ئەلۋەتتە خەۋىرىمىز بولدى. بىز بۇنى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا قارشى مەيدانىمىز ئېنىق ھالدا ئۇچۇرلار يوللاۋاتىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىشى كېرەك!

– رەھمەت سىلىگە، ئىلشا ئەپەندى! سىلەرنىڭ بۇنداق دىن، مىللەت ئايرىماستىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشۇڭلاردىكى سەۋەب نىمە؟

– بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەرھۇم دادام ئىلشا ۋەيزىل ئەينى ۋاقىتتىكى ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ھايات قىلغان ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن ھاياتىنى دۇنيادىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى.ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستى لېمكىن ئەپەندىلەرنىڭ بۇ تىنىم تاپماس كۆرۈشىنىڭ نەتىجىسىدە، ئاخىرى 1948–يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە خەلققە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش – ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قايتا يۈز بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ قارار ئېلىنغان ئىدى. شۇنداقلا بۇ قارارنى پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلغان ۋە قوللىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن: «بىر مىللەتكە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق – دۇنيادا قايتا يۈز بەرمەسلىكى كېرەك! »دەيدىغان قاراش پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقلەر تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشتى. ھەمدە بۇ ئىش يەنى«بىر مىللەتكە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش – ئەمدى قايتا يۈز بەرمەيدۇ »دېگەنگە پۈتۈن دۇنيا ئىشەنگەن ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بەش دائىمىي ئەزانىڭ بىرى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىشى زادىلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېغىر جىنايەتتۇر!

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ئىشقا ناھايىتىمۇ جىددىي قاراۋاتىمىز. ئۇيغۇرلارنى قوللاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. يېقىندا بىز فوندى ھەيئەتلىرى ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى قوللاش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىشنى پىلانلىدۇق. شۇنداقلا بۇنداق پائالىيەت قىلغۇچى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش كېڭىشى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇ كېڭەشكە ھەتتا ئۇيغۇر لاگېر شاھىتلىرىدىن گۈلباھار خاتىۋاجىنىڭ قىزى گۈلخۇمار خاتىۋاجىنىمۇ تاللاپ كىرگۈزدۇق. بۇ بىزنىڭ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر!

– ماشائاللا، رەھمەت سىلەرگە ئېلىشا ئەپەندى! سىلىچە بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختاتقىلى بولارمۇ؟

– ئەلۋەتتە توختاتقىلى بولىدۇ. بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەماللىققا بولمىسىمۇ، ھامان بىر كۈنى توختىتىلىشى كېرەك! بەك ئۇزاققا سوزۇۋېتىلمەسلىكى كېرەك! ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ ئىشنى كۆرمەس ۋە ئاڭلىماس بولۇۋالغانىدى. ئۇلارغىمۇ باشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. چۈنكى، ناتسىست گېرمانىيەسى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇ چاغدا يەھۇدىيلارنىڭ تەلىيىگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. شۇنداقلا بۇ ئۇرۇش ئانچە ئۇزاق سوزۇلمايلا ئاخىرلاشتى. ناتسىست گېرمانىيەسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە يەھۇدىي خەلقى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالدى. ئەگەر دۇنيا خەلقى خۇددى ئەينى ۋاقىتتا بىزگە قىلغاندەك يەنە بۇنىڭغا قاراپ تۇرسا، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، ئۇ ئۇرۇشتا خىتايلار مەغلۇپ بولۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلار ئادالەت سوتى ئالدىدا

جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچە، ئۇيغۇرلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالامدۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇرۇشنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز-دە، شۇڭلاشقا بىز يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى ساقلاپ تۇرماستىن، ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك!

-مەسىلەن: قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىش كېرەك ئەپەندى؟

-ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن مېنىڭچە، مۇنداق ئىشلارنى تېزدىن قىلىشىمىز كېرەك: ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى پۈتۈن دۇنيادا تەشۋىق قىلىش، ھەققانىيەتچى خەلق ئاممىسى ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا بىلدۈرۈش جەھەتتە كۈچلۈك لوبىيچىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشاش پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىگە، ھەتتا ب د ت غا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەك! بىز يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر ئەمەلىي ئىشنى قىلدۇق: 2022-يىل 1-ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئېچىلغان: « يەھۇدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى »دا خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا قارىماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنى ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئەمدىكى مەسىلە: « ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى »دا

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىق مەسىلىسىنى ھەر دائىم كۆن تەرتىپكە كەلتۈرۈپ، مۇتلەق ئاۋاز ئۈستۈنلۈكى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشىتا، ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھىيلە – مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ تاشلىشىمىز لازىم!

–ماشائاللا! ئېلىشا ئەپەندى! – دېدى بوران توقمىقى يەھۇدىي تەشكىلاتىنىڭ بۇ رەئىسىدىن رازى بولۇپ، ئاندىن يەنە بورانغا ئايلىنىپ، داڭلىق ئەنگلىيە كۇلۇبلىرىدا توپ ئويناۋاتقان مىسىرلىق پۇتبول چولپىنى سالاھىددىننىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– چولپان ئەپەندى! سىلىمۇ ئاڭلىدىمۇ؟ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

– ھە، ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن! لېكىن! دەپ ئەزۋەيلەپ، دەرھال بىر ئىپادە بىلدۈرەلمەي تۇرۇپ قالدى ئۇ پۇتبول چولپىنى ئىككىلىنىپ،

–نېمە لېكىن، لېكىن ئۇ؟ بىر نېمىدىن ئەنسىرەۋاتامدىلا چولپان ئەپەندى؟

– ھە، مەن كەسىپدىشىم مەسئۇت ئۆزىلنىڭ ئاقىۋىتىگە قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئارزىنال پۇتبول كۇلۇبىنىڭ چولپىنى مەسئۇت ئۆزىل – ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئۆز تۋىتتېرىدا كەڭ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇ توپ ئويناۋاتقان ئارزىنال كۇلۇبىنىڭ مۇسابىقىلىرىنى خىتايدا تارقىتىشنى چەكلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارزىنال كۇلۇبى ئىقتىسادى جەھەتتىن نۇرغۇن زىيان تارتىپ، مەسئۇت ئۆزىل بىلەن بولغان مۇناسىۋتى يامانلىشىپ كەتتى. ھەتتا كۇلۇب رەھبەرلىرى مەسئۇت ئۆزىلنى ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلىدىغان چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىلىرىگە

قاتناشتۇرمىدى. بۇ سەۋەبتىن مەسئۇت ئۆزىل نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيان تارتتى ۋە ئاخىرىدا ئارزىنال كۇلۇبىدىن چېكىنىپ چىقىپ، تۈركىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مەنمۇ بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن قورقىمەن!

– ئەمما، چولپان ئەپەندى! مەسئۇت ئۆزىل بۇ باتۇرانە ھەرىكىتى بىلەن مەزلۇم خەلقنىڭ كۆز يېشىنى ھېسداشلىق ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. مەزلۇملارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى. سىلىمۇ بىر مۇسۇلمان تەنھەرىكەتچىسى بولۇش سۈپەتلىرى بىلەن قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشلىرى كېرەك ئەمەسمۇ؟

– ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مەن ھازىر ئالدى بىلەن دۆلىتىم مىسىرنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىم كېرەك! دىنى قېرىنداشلىقنى ئويلىسام بولمايدۇ. چۈنكى، خىتاي دۆلىتى بىلەن مېنىڭ دۆلىتىم مىسىر يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن!

– چولپان ئەپەندى، سىلىچە دوستلۇق دىنىي قېرىنداشلىقتىن ئەلامۇ؟

– ئەلۋەتتە، مەن ھازىر دوستلۇق – قېرىنداشلىقتىن ئەلا دەپ قارايمەن. چۈنكى، دوستلۇق پايدا – مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. مىسىرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دوستلۇقى ئاشۇنداق مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقتۇر! مىسىرغا خىتاي دۆلىتى نۇرغۇن مەبلەغ سالدى.

– ھە، مۇنداق دېسىلە چولپان ئەپەندى. شۇڭلاشقا مىسىر ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىكەندە! خىتايلار ھازىر مىسىر قايتۇرۇپ بەرگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىپ، تۈرمىگە سولىدى.

سىلىچە، بۇ ئادىللىقمۇ؟

– ھازىرقى دۇنيادا ئادىللىقتىن سۆز ئېچىش ئەخمەقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرغان دوستلۇقتا، بىر – بىرسىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ھەممە دۆلەتلەر – دۆلەت مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلمەكتە!

مىسىرلىق پۇتبول چولپىنىنىڭ بۇ سۆزىدىن غەزەپلەنگەن بوران توقمىقى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، يەنە شاققىدە بورانغا ئايلىنىپ ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان كىنو چولپىنى ئامىرخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– چولپان ئالىيلىرى، ئاڭلىدىلىمۇ؟ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

– ھە، ئاڭلىدىم! خەۋەرلەردىن ئوقۇغان ئىدىم.

– ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا نېمىشقا بىرەر ئىپادە بىلدۈرمەي، سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋاتىسىلا؟ سۈكۈت قىلىش زۇلۇمغا شېرىك بولغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سىلىنىڭ كىنولىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. سىلىگە بەكمۇ چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىلىنىڭ مەستانىلىرىدۇر.

– ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ سەنئەت سۆيەر خەلق ئىكەندە! ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلغىنى توغرا بولماپتۇ! ئەمما بۇ سىياسىيغا چېتىلىدىغان ئىش ئىكەن. مەن پەقەت سىياسەتكە قىزىقمايمەن! بۇ مەسىلىنى پەقەت سىياسەتچىلەرلا ھەل قىلالىشى مۇمكىن! مېنىڭ ھىندىستان پارلامېنتىدا – ماڭا چوقۇنىدىغان مەستانە تونۇشلىرىم بولىدىغان. ئۇلاردىن بىرسى ھازىر ھىندىستان پارلامېنتىغا رەئىس بولۇپتىمىش! ئۇ كىشى ماڭا: « بىرەر ئېھتىياجىڭىز بولسا

يـاردەم قىلىمـەن » دەپ، ۋەدە قىلغـان ئىـدى. مـەن ئۇنـىڭ نـەدە تۇرىدىغانلىقىنـى ئېيتـىـپ بېـرەي، سـىز ئـۇ يەرگـە بېرىـپ ئۇنـىڭ بىلــەن كۆرۈشــۈڭ ۋە ئەھۋالنــى مەلــۇم قىلــڭ!

– بولــدۇ، ئەمىســە چولپــان ئالىيلــرى – دېــدى بــوران توقمىقى يەنـە ئۇچـۇپ بېرىـپ، ھىندىسـتان پارلامېنتـى رەئىسـىنىڭ قۇلىقىنـى قاقتـى:

– رەئىــس ئەپەنــدى ئاڭلىلىمــۇ؟ سـىلىگە قوشـنا بولغـان خىتـاي دۆلىتىدىكى ئۇيغـۇرلار ئىرقـي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتـىدۇ.

– ھە، شۇنداق، شۇنداق! بىز ئۇنى بىلىمىز!

– ئۇنداقتـا نېمىشـقا ھىندىسـتان پارلامېنتـى – ئۇيغـۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنـى ئېتىـراپ قىلمايسـىلەر ياكـى بـۇ توغرۇلـۇق بىـرەر بايانـات بەرمەيسـىلەر؟

– ھــە، شــۇنداق بولــدى. بىــز ھازىرغىچــە بــۇ توغرۇلــۇق ھېچقانـداق بىـر بايانـات بەرمـىدۇق. چۈنكـى، بىزنـىڭ ھۆكۈمىتىمىز – خىتــاي ۋە ئۇيغــۇرلار توغرۇلــۇق ناھايىتــى ســەزگۈر بولــۇپ، خىتـاي بىلـەن بولغـان زىددىيىتىمـىز ناھايىتـى ئۆتكـۈردۇر. بىزنـىڭ خىتايـلار بىلـەن بولغـان ئۇزۇنغـا سـوزۇلغان چېگـرا ماجىرالىرىمـىز ھازىرغىچـە تۈگـەپ كەتكىنـى يـوق. بىـز خىتـاي دۆلىتـى بىلـەن ھەر دائىـم ئـۇرۇش ھالىتىـدە، يۇقـىرى سـەزگۈرلۈك بىلـەن تۇرۇۋاتىمـىز. شـۇڭا ھۆكۈمىتىمـىز خىتـاي توغرۇلـۇق ھـەر قانـداق بىـر مەسـىلىدە ئالدىـراپ قـارار چىقىرالمايـدۇ.

– ئەممـا، رەئىــس ئەپەنــدى! ســىلەر تىبــەت ۋە دالاي لامــا ھۆكۈمىتىنــى قولــلاپ، ئۇزۇنــدىــن بۇيــان ئۇلارنــى زېمىنىــڭلاردا تۇرغـۇزۇپ كېلىۋاتىسـىلەر. ئەممـا ئۇيغۇرلارغـا كەلگەنـدە نېمىشـقا يــاردەم قولۇڭلارنــى سۇنمايســىلەر؟

– بـۇ دېگىنىڭـىز توغـرا! بىزنـىڭ تىبەتلەرنـى قوللىشـىمىزدىكى سـەۋەب – ئـۇلار بىلـەن مەدەنىيـەت ۋە ئۆرپ-ئـادەت جەھەتتىـن

ناھايىتى نۇرغۇن جەھەتتە ئوتتۇراتاقلىقتا ئىگە بولغانلىقىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەت خەلقى ۋە لاما دىنى تىنچلىقپەرۋەر خەلق ۋە دىن بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان بىزگە قارشى ھەرىكەتتە بولۇپ باقمىدى ۋە ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ئىشلارغا قاتناشمىدى. ئەمما ئۇيغۇرلار تىبەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بابۇرشاھ ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھىندىستان خەلقىنى نەچچە يۈز يىل زۇلۇم بىلەن باشقۇرغان ئىدى. بىز ھىندىلار ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغان ئىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ئۇيغۇرلار ئۆزىنى خىتايلارنىڭ بېسىۋالغانلىقىغا قارىماستىن، ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ، 1962-يىلىدىكى ئاقسايچىننى تالىشىش ئۇرۇشىدا بىزگە ئېغىر زەربە بەردى. ئەگەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئارمىيەسى بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا ئىدى. بىز ھىندىستانلىقلار -خىتايلارغا يېڭىلىپ قالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەگەردە شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولۇشۇپ، ھىندىستانغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا ياكى ئۇرۇشقا قاتناشقان تەقدىردىمۇ، خۇددى دالاي لامادەك خىتايدىن يۈز ئۆرۈپ، بىز تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئارمىيەسى ھازىرغىچە ساقلاپ ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى بولمىغاچقا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھالىغا بەكمۇ ئېچىنىمىز! ئۇلار ئەمدى تارىختىن ساۋاق ئېلىپ، خىتاي مىللىتى ۋە دۆلىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى لازىم!

بوران توقمىقى ھىندىستان پارلامېنتى رەئىسىنىڭ يۇقىرىقى جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى-دە، ئەمما يەنە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تېزدىن بورانغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى باياناتىنى ئېلان

قىلغۇچى ئەنەس كەنتەر ئەپەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بارلىق ئېرىشكەن جاۋاب ۋە تەۋسىيەلەرنى يەتكۈزدى. ئەنەس كەنتەر ئەپەندى بوران توقمىقىدىن بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق ئويلاندى. ئاخىرىدا ئۇ كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا سىلىنىۋاتقان بۇ زۇلۇمنىڭ پىلانلىغۇچىسى ۋە ئىجرا قىلغۇچىلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىست هۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، خىتاي رەئىسى شى جىن پىڭ غا قارىتا بىر ئاگاھلاندۇرۇش باياناتى تەييارلاپ، ئۇنى بوران توقمىقىغا تاپشۇرۇپ، خىتاي دۆلىتىگە يولغا سالدى.

بوران توقمىقى ئەنەس كەنتەر ئەپەندىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش باياناتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، يەنە تېزلىكتە ئۇچۇپ خىتاي پايتەختى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى-دە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەئىسى شى جىن پىڭ نىڭ قۇلىقىنى قاقتى:

– هەي شى جاللات، راستىڭنى ئېيت! ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى سەن پىلانلىدىڭمۇ؟ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا سەن بۇيرۇق قىلدىڭمۇ؟

–ھە، مېنىڭ باشلامچىلىقىمدا مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى پىلانلىدى. ئۇنى ئىجرا قىلىشقا مەن بۇيرۇق قىلدىم.

– نېمىشقا؟ سەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ – ئىنسانىيەتكە قارشى بىر ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

– بىلىمەن! ھە – ياق، بىلمەيمەن! بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز. ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن!

–يالغان سۆزلەۋاتىسەن! ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، بىر مىللەتنى يوقىتىۋېتىش – بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىش ئەمەس! بەلكى ئۇ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھەق – ئادالەت مەسىلىسىدۇر.

– ياق ئۇنداق ئەمەس! ئۇيغۇر مەسىلىسى – بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىزدۇر. چۈنكى، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگوغا تەۋە بولغاندۇر. ئەمما ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى: «شىنجاڭنى – شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇرلار تارىختا مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرغان، شۇڭا بىز يەنە مۇستەقىل بولىمىز» دەپ قارايدۇ ۋە بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر دېگەن بۇ تىنچىماس مىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ يوقاتمىساق، كەلگۈسىدە بىزگە چوڭ بىر بالا بولىدۇ!

– قانداقسىغا سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا بالا بولسۇن؟ ئۇيغۇر دېگەن ئۇ مىللەت – ياۋاش، تىنچلىق سۆيەر، ئىمان – ئېتىقادلىق بىر مىللەت تۇرسا، ئۇلارنى تىنچ ياشىغىلى قويساڭلا، سىلەرگە قارشى چىقاتتىمۇ؟

– ئەلۋەتتە، قارشى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىمىز ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. ئۇيغۇرلار مىللىي خاراكتېرى ۋە ئېتىقادى سەۋەبىدىن ھېچقاچان باشقىلارغا بويسۇنۇپ ياشاشنى خالىغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى كۈچلۈك، ئېتىقادى بەكمۇ رادىكال بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ياتلارغا بويسۇنماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ ياشاشنى نىشان قىلىپ كەلدى. بىز ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى يوق قىلىپ بولالمىدۇق، شۇڭا بىز بۇ مىللەتنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئېتىقادى بىلەن بىرلىكتە ئەلتۆكۈس يوقاتمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئەندىشە قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپىمىز شۇكى، ناۋادا بىز ئامېرىكا ۋە ياكى غەرب دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالساق، ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ چىقىپ، ئارقىمىزدىن بىزگە خەنجەر ئۇرۇشى مۇمكىن!

– تولا يوق گەپنى قىلما! ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ياشاپ كەلگەن بىر خەلقتۇر! سىلەر خىتايلار – ئۇيغۇرلارنى سوۋېت كومپارتىيەسى

بىلەن بىرلىشىپ، مەجبۇرىي بېسىۋالغان. ئۇنداقكەن ئۇلارنىڭ: « مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز » دېگىنى ھەقلىقتۇر! سەن ھەرگىزمۇ ئۇ مىللەتنى تەلتۆكۈس يوقىتىمەن دەپ خام خىيال قىلما! سەن ئۇيغۇرلارنى يوقىتالمايسەن!

– يوقىتالايمەن!

– قانداق يوقىتالايسەن؟

– ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق يوقىتالايمەن!

– ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىپ، تارىخقا يېزىلىدۇ. پېشانەڭگە جىنايەت تامغىسى بولۇپ ئۇرۇلىدۇ. سەن «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىشلىگەن جىنايەتچى» سۈپىتىدە، تارىخ سوتىغا ئېلىپ چېقىلىپ، سوتقا تارتىلىسەن!

– مەيلى سوتقا تارتىلساممۇ، ئەمما مەن پۈتۈن خىتاي ئەمەلدارلىرى ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنى يوقۇتۇپ، تەيۋەندىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان زېمىنلارنى خىتايغا قوشۇپ ئېلىپ، كومپارتىيە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ داھىي بولماقچىمەن.

– بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! پۈتۈنلەي بىر خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس! دۇنيادىكى ھەققانىيەتچى خەلقلەر سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ! ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر سېنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىڭگە يول قويمايدۇ!

– ئەگەر ئامېرىكا مېنىڭ بۇ ئىشىمغا قارشىلىق قىلىپ توسىماقچى بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايمەن.

– ئەخمەق، سەن ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلساڭ

تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولسەن! كوممۇنىستىك پارتىيەڭ ھالاك بولىدۇ. سەن تەختتىن غۇلاپ چۈشۈپ، تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىسەن! شى جاللات بوران توقمىقىنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرىگە جاۋاب بېرەلمەي، تىلىنى چايناپ، كۆزىنى ئالايتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. بوران توقمىقى ئۇنىڭغا بولغان ئاگاھلاندۇرۇشىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دېدى:

– قېنى جاۋاب بەر؟ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىقنى توختىتامسەن، توختاتامسەن؟

– ياق، توختاتمايمەن!

– ئۇنداق بولسا ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش قىلىمەنكى، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىڭنى دەرھال توختات! ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، سېنىڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ. ئۇزاققا قالماي، بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ھېساب بېرىشكە مەجبۇر بولىسەن! دەپ باياناتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، يەنە بورانغا ئايلىنىپ، بۇلۇتلار ئۈستىگە مىنىپ، ئاخىرقى شىكايىتىنى ھەق - ئادالەت ئىگىسى بولغان ئاللاغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆك قەرىگە شۇڭغۇپ، ئەرش - ئەلاغا قاراپ يول ئالدى.